# قەشقەر ئەدەبىياتى

4

1983

## قەلب گۈللىرى



— قەشقەردىكى دوپپىچىلىق كار-
خانىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

سۈرەتنى ئەركىن قادىر تارتقان



قوغۇنلۇقنىڭ مەزىسى

سۈرەتنى ئەركىن قادىر تارتقان



# قەشقەر ئەدەبىياتى

1983 - يىل 4 - سان

12 - يىل نەشرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ سانىدا

بەت


شېئىرلار ...... ( شېئىر ) ...... قۇربان ئىمىن 1
تەسىرات ئۇچقۇنلىرى ......(چاتما شېئىر) ...... ھوشۇر ئىبراھىم 5
كور ......( شېئىر ) ...... مۇكەررەم ئەبەيدۇللا 7
پوچتالىيون ...... ( » » ) ...... قادىر ھاجى 9
سىزدىك ...... ( ھېكايە ) ...... ماھىگۇل پەخىردىن 10
يەڭگەم ...... ( » » ) ...... دىلبەر قەييۇم 14
ئىجتىمائىلىق تومۇركار ...... ( ماقالە ) ...... ۋاھىتجان غوپۇر 24
شەپقەت ......( ھېكايە ) ...... ئابلىمىت ھاجى 28
ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى توغرىسىدا ......( ماقالە ) ...... غازى ئەھمەت 44
ئاچقۇچ ......( ھېكايە ) ...... راخمانجان رۇسۇل 51
قول خوجا ئەھمەت يەسسەۋى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ...(ماقالە)... ئابدۇرەھىم سابىت 60
ئەھمەت يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدىن نەمۇنىلەر ...... 64
تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن ...... ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى 69
تەكرەم ......( ھېكايە ) ...... ئەركىن ئوبۇلخەيرى 79
ئومىچى قىز سالامەت ......( شېئىر )...... پەرھات مەھەممەت 82
ئوت ئىچىدە ...... ( ھېكايە ) ...... تۇرسۇن ئىبراھىم 83
ساۋاق ...... ( » » ) ...... پەرھات سېيت 85
دوستۇمغا ......( شېئىر )...... ئەركىن داۋۇت 90
مايمۇنلار ۋە ئېيىقلار ...... ( چۆچەك ) ...... سۆزۈك 91
بۇغداي بىلەن سوھبەت ...... ( شېئىر ) ...... ئابلىمىت نىياز 96
تەسىرات تامغۇسى ......( » » )...... ئابلەت سىدىقى 96
شېئىرلار ......( » » ) ...... ياسىن ئىسمايىل 97
دوستۇمغا ......( » » )...... ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان 98
لېرىكىلار ...... ( » » ) ...... نىياز ئىمىن 99
بىر ئۆمۈر قەلبىمدە سەن ...... ( » » ) ...... غولام قادىرى 100
ئىككى شېئىر ...... ( » » ) ...... مۇنەۋۋەر قۇربان 101
دوستۇمغا جاۋاپ ...... ( نەسىر ) ...... رەيىم يۈسۈپ 103
ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ۋە ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا (ماقالە)...... ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرۋارىس 109
تۇمار ...... ( ھېكايە ) ...... ئەختەم ئۆمەر 113
شېئىرلار ...... ( شېئىر ) ...... تاھىر تالىپ 115
ئىككى غەزەل ...... ( شېئىر ) ...... ئەمەتجان قەييۇم 117
خەلق سەنئەتكارى روزەك باشىنى ئەسلىگەندە ...... مەھەممەتئىمىن قۇربانى 118
خەلقىمگە ...... ( شېئىر ) ...... مەمتىمىن ئەخەت 126

# شېئىرلار

قۇربان ئىمىن

## قۇرۇلتايغا مۇبارەك

(مەملىكەتلىك 6 - نوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بېغىشلايمەن)

مۇبارەك ساڭا شانلىق قۇرۇلتاي!
سەن بىلەن ئاچتى ئەل يېڭى چىراي.
ئالقىشلىماقتا سېنى باغۋەنلەر،
تاغلار، ئېدىرلەر، باغۇ - بوستانلار.
سۈزۈك ئاسماندا نۇر چاچتى قۇياش،
سېنى تەبرىكلەپ گۈللەر بىر تۇتاش.
خەلقىمىڭ شاتلىقى ئاقتى دەريادەك،
ئارزۇ-ئارمانى كۆلدى رەنادەك.
لەپىلدىگەچكە شوخ قىزىل بايراق،
جاراڭلىماقتا ناخشىلار ياڭراق.
ئۈنچە - مارجانلار چاچتى بۇلاقلار،
ئۇسۇل ئوينايتى يېشىل ياپراقلار،
سالام بەرمەكتە بوۋايلار ساڭا.
رەخمەت دېمەكتە مومايلار يانا.
تەبرىكلىمەكتە ئوغۇل، قىزلىرىمىز،
كەلگۈسى پارلاق ئاي. يۇلتۇزلىرىمىز.
بۇ قۇرۇلتايدىن خەلقىمىز خۇرسەن.
بولغۇسى گۈللەپ ئېلىمىز گۈلشەن.

ئەمدى بولمايدۇ خەلقىمىز گاداي،
قىلمغۇمىز ئەلنى توق، پاراۋان، باي.
گۈللىنىپ ئەل - يۇرت بولىدۇ جەننەت،
جەننەت قۇرۇشقا قىلىمىز غەيرەت.
كەلدى گۈلباھار، ۋەتەن ھەلقى شات،
دېموكراتىيە يايدى كەڭ قانات.
گۈللە ئېچىدىن كۆلنى تالىدۇق،
خەلقىمىڭ گۈلىنى رەھبەر سايلىدۇق.
خەلق قۇرۇلتىيى كەلدى بارلىققا،
يەر، ئاسمان تولدى ئۈمىت، شاتلىققا.
شۈڭلاشقا بۈگۈن قىلدۇق تەنتەنە،
تۆمەنمىڭ رەخمەت ساڭا پارتىيە!
سەن بولغاچ بىزنىڭ كۆلدى بەختىمىز،
سەن كېپىل بولغاچ بولدى ئەركىمىز.
ئالغا ئورلەيمىز يەڭنى چىڭ تۇرۇپ،
تورت پىرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ!!

☆

مۇبارەك ساڭا شانلىق قۇرۇلتاي!
گۈللە ئەي ۋەتەن، بول پاراۋان، باي!

## ئايرىلمايمىز ھېچقاچان

بارلىق مىللەت خەلقلىرى ،
بىر تۇققاندەك ئىناق بىز .
كۆرەش قىلىپ گۈلباغنى ،
نۇرلاندۇرغان چىراق بىز .

ھەممە مىللەت باراۋەر ،
ئايرىلماس دوست - بۇرادەر .
سائادەتكە شۇنىڭچۈن ،
بولدۇق بىزلەر سازاۋەر.

ئارزۇيىمىز بىر بىزنىڭ،
قاش ، كىرپىكتەك يېقىن بىز .

قانچە دەريا بىرلەشكەن ،
گويا چەكسىز ئېقىن بىز .

ئىرادىمىز مۇستەھكەم ،
ئۇيۇلتاشتەك ئىگىز تاغ .
يۈرىكىمىز - قەلبىمىز ،
گۈل - چىمەنلىك گۈزەل باغ .

بارچە مىللەت خەلقلىرى ،
ئۆز ئارا دوست، كۆيۈمچان.
ئالغا بىردەك چامدايمىز ،
ئايرىلمايمىز ھېچقاچان.

## ياڭرات يېڭى ناخشاڭنى !

خۇشتارلىق بولۇپ كەلدىم ياڭرات يېڭى ناخشاڭنى،
ئىجات گۈلىگە پۈركە بۇ گۈزەل گۈلۈستاننى.

ئالتۇن قەلىمىڭ بىرلە تىزغىن ئۈنچە - دۇردانە،
خەلقىمىزگە تەقدىم قىل ، كۆتكەن ياخشى داستاننى.

دەۋرىمىز ئۈمىدى زور بارچە قېرى - ياشلاردىن،
يېڭى مۆلەر بىرلە تولدۇر سەنمۇ داسقاننى.

يېڭىدە قۇدۇق كولاپ سۈزۈكسۇ چىقارغاندا ،
گۈللەتمەك ئەمەس مۈشكۈل قەلب دۇنياسى-بوستاننى.

تارىم بويىدا كوردۇم جۇرئەتلىك ئوغۇل، قىزنى،
دەستە - دەستە قەغەزگە مەرۋايىتنى تىزغاننى .

سايراشلىرى گوياكى يېڭى باغدىكى بۇلبۇل،
قالىغاچلىرى ئويناپ ئوت چاقناتتى مەيداننى.

سازەندىلىرى مەشرەپتە كوڭۇللەرنى شات ئەتتى،
سالدى لەرزىگە ئاخشام داپ، راۋابى ••• ئا [illegible]

چوققىغا قاراپ ئورلە ، مېھنىتىڭ بىلەن كۆللە،
سەنمۇ توھپە قىل قۇربان ئەلگە يېڭى چولپاننى!

ئىلھامغا تولۇپ قەلبىم ئاقتى خۇددى تارىمدەك،
دولان خەلقىگە مۇتۇتتۇ خۇشپۇراق بۇ رەيھاننى.

(1982 - يىل 8 - ئاينىڭ
27 - كۈنى مەكىت)

## « سالامەتلىك-تۈمەن بايلىق »

« سالامەتلىك - تۈمەن بايلىق » ،
رىئايە قىل ئاڭا ئاڭلىق!
كىشىگە بەختىنۇ دەۋلەتتۇر،
كۈرەش - تۇرمۇشتا تەن ساقلىق.

« سالامەتلىك - تۈمەن بايلىق»
نازاپەتكە دىمەك باغلىق.
كېتىۋەسەڭ قارانچۇقتەك،
ئۆمۈر سۈرمەكلىكىڭ چاغلىق.

«سالامەتلىك-تۈمەن بايلىق »
بۇ تەمسىل خەلقارا داڭلىق.
قىلارسەن ئاخىرى پۇشمان،
ئۇنى ئىشلەتمىسەڭ جانلىق.

ۋەتەن، خەلق پايدىسى - شانلىق،
پۈشۈرگىن مىۋىنى تاتلىق!
ئۆمۈرنىڭ باغۋىنى بولساڭ،
مىۋە سەردۇر ساڭا شاتلىق.

ئۆزۈڭگە قىل ھامان يارلىق:
تازا بولسۇن مىھىت-بارلىق!
گويا جانان چىنە ئوخشاش،
جۇلالسۇن شەھەر، تاغلىق!

ئېرىقتا يۇيما قول ياغلىق...،
كىرىڭنى تاشلىما قاپلىق!
ئېقىن سۇغا ئۆمۈر مۇھتاج،
نازاپەتكە ئېگىل قاتتىق!

## خۇراپاتلىقتا ئەشەنە

ئەركىن، ئازات دېخانلار،
ئىشلەيدۇ ئەجەپ ياخشى.
ياخشىلارنىڭ ئىچىگە،
چوكقۇلغان بىر باخشى.

ئاش - نان ئالدى، پۇل ئالدى،
چىش ئاغرىقىغا دەم سېلىپ.
ئايلاندۇردى ساق باشنى،
يالغان سوزلەپ - رەم سېلىپ.

بىر ھامىلدار ئايالنى،
ئازدۇرۇپتۇ يولىدىن.
« ئاتلاڭ - دەپتۇ ئۆينىڭىزغا -
بەتتە تەگمەن نۇرىدىن ».

ئەپسانىدىن سوزلەپتۇ،
( كونا توقام كىتاپتىن ).
دەپتۇ: " كورسە دوختۇرلار،
ساقايماىسىز بىتاپتىن".

ئالۋاستىلار ئۇۋۇلاپتۇ،
قارنىڭىزدا جاي تۇتۇپ.
"چىق كۇدى " - دەپ ئوقۇيمەن،
تۇرۇڭ ماڭا چاي تۇتۇپ!

ياغلىق قىلىپ ئوخشۇتۇپ،
پولو ئېتىڭ - ئاش ئېتىڭ!
داپ چېلىشتىن توختىسام،
يېقىن كېلىپ قاش ئېتىڭ!".

ساپتۇ ئايال بىر كاچات،
تەستىكىگە باخشىنىڭ.

ئالدانماپتۇ باخشىغا،
قىزى بولغاچ ياخشىنىڭ.

☆

ئىشەنمەڭلار ھېچقاچان،
باخشى، رەمچى، داخانغا.
سىلە - بىزمۇ چۈشمەيلى،
خۇراپاتلىق قاپقانغا!

يامان ئادەم كوز بوياپ،
قىلماقتا كوپ رەڭۋازلىق.
پاش بولىدۇ ھەر قاچان،
نەيرەڭۋازلىق، سەرۋازلىق.

ئوستى بىزنىڭ ئېڭىمىز،
كۇچلۇك ئوتتەك جېڭىمىز.
توختاتماستىن كۇرەشنى،
خۇراپاتنى يېڭىمىز.

## مۇخبىر ئىنىمغا

خۇش كېلىپسىزاھال سوراپ مۇخبىر ئىنىم!.
يايرىدى سىزنى كورۇپ جانۇ تېنىم.
سىزگە نەدىن سوز ئاچاي دەپ ئويلىدۇم،
يۇز كورۇشتۇق گال پىچاق بولدى تىلىم.

ئېيتتىڭىز: "قانداقچە توھپەڭ بارسىنىڭ؟ "،
بۇھىجالەتتىن قىزاردى يۇزلىرىم.
خۇددى ئۇچراشقان كەبى باغدا " سەنەم "،
مەن " غېرىپ " ئاشىق مىسال سوزلەلمىدىم.

## غۇنچىلار

ئانا ۋەتەننىڭ گۇلزارلىغىدا ،
ياشناپ ئېچىلغان يېڭى غۇنچە بىز.
پەننى ئىلىمنىڭ شەربەتلىرىنگە،
تەشنا قەلبىمىز، ئامراق شۇنچە بىز.

باغۋەنگە ئوخشاش ئۇستازلىرىمىز،
بىزگە بەرمەكتە ياخشى تەربىيە.
گۇزەل ئەخلەقنى سىڭدۇرگەچ بىزگە،
مەيدانغا كەلدى ئوبدان نەتىجە.

ئەمگەكنى بىزلەر قىزغىن سۆيىمىز،
بىكار ئوتمەيدۇ ھەر بىر كۇنىمىز.
چوڭ - كىچىكلەرگە ياردەم قىلىمىز،
ھەممىمىز ئىلغار ئوسمۇر بولىمىز.

ياخشى ئوقۇيمىز ئەلاچى بولۇپ،
قىزىل بايراقنى ئېگىز كوتۇرۇپ،
گۇللەندۇرىمىز شانلىق ۋەتەننى،
تورت پىرىنسىپتا قەتئىچىلىك تۇرۇپ.

# تەسىرات ئۈنچىلىرى

( چاتما شېئىر )

ھوشۇر ئىبراھىم

تەسەۋۋۇر بۇلاقلىرى فونتان بولۇپ،
تەسىرات گۈلزارىغا چاچتى ئۈنچە.
قەلبىمنى بايان قىلىپ ئالتۇن قەلەم،
بەشكېرىم باغلىرىدىن تىزدى غۇنچە.

بەشكېرەم خاسىيەتلىك ئۆزگىچە يۇرت،
يازغىنىم پەقەتقىنا بىرلا تامچە.
كۆرگىنىم ئوبرازىنى سىزىپ كۆرەي،
ئىلھامىم تۇلپارىغا سېلىپ قامچە.

## چىلان باغ

ئاۋاتتىن چىقىپ، رەتلىك يوللار بىلەن،
بەشكېرەم تەۋەسىدە شات كېلىمەن.
كۆز تىكىپ يېقىن - يىراق مەھەللەرگە .
بۇ يەلنى " چىلان باغ "دەپ ھېس قىلىمەن.

كۆز چېقىپ تاۋلىنىدۇ چىلانلىق داغ،
شاخلاردا سېرىق سەبدەي ئېچىلغاندەك.

ۋەياكى قوڭۇر رەڭلىك ياپراقلارغا،
ئاسماندىن قىزىل ياقۇت چېچىلغاندەك.

كۆرىمەن، ئۇنىڭ گۈلى - چېچەكلىرىدىن،
ئېلىنغان ھەسەل تەننىڭ داۋاسىنى.
كۆرىمەن، ھېيت كۈنى داسقاندىكى،
چىلاننىڭ سەلتەنەتلىك سەيناسىنى.

## شاخ مانتىسى

مەھەللەر شۇنچە كوچۇم، شۇنچە ئاۋات،
پاراۋۇز ۋاگوندەك چېپىش ئۆيلەر.
باغۋاران، يېشىل ئورمان سان - ساناقسىز،
مېۋىگە تولغان جىمى ئېتىز - قىرلار.

ئەنجۈرنى دىدى بىرسى "شاخ مانتىسى"،
يەپ كۆرۈپ قايىل بولدۇم چىن دىلىمدىن.
ۋۇجۇدۇم ھوزۇرلاندى كۆڭلۈم يايراپ،
كەتمىدى ئېزىز اققىچە تەمى تىلىمدىن.

ئالتۇنرەڭ تاۋلىنىدۇ شاخ مانتىسى،
شاخلارغا كوكتىن ھوكەر چۈشكەن كەبى.
گۈپۈلدەپ دىماقلارغا ئۇرىلىدۇ،
مىزىلىك پۇراقلىرى باغدىن تېخى.

بورنىمدىن ئاقار ئۇنىڭ شىرىن شىكەر،
رەڭ ئالار ئەتراپ ئالتۇن جۇلاسىدىن.
كوڭۇللەر خوشاللىقتا چومىلىدۇ،
ئىپارلىق ئەنجۈرلۈك باغ ھاۋاسىدىن!

## ئانار شەربىتى

لەڭگەرگە سەيلى بىلەن ئوتكىنىمدە،
باش ئىگىپ قارشى ئالدى باغ ئانارى.
تولۇپتۇ ئىشچانلارنىڭ ئەجرى بىلەن ،
ئانارغا بەشكىرەمنىڭ كەڭ دىيارى.

قىزىرىپ پىشقان ئانار قان رەڭ بولۇپ،
كورىمەن ئۈندىن شەپەق جۇلاسىنى.

كورىمەن ئۈنىڭ تاتلىق شەربىتىدىن،
رىتىمىسىز يۈرەكلەرنىڭ شىپاسىنى.

ئىخ! ئانار، يىلتىز تارتىپ ئاينا هەر چاغ،
چېچىگىڭ، ئۈرۈغىڭنىڭ شەيداسىمەن.
چاڭقىغان يۈرۈگۈمنى قاندۇرغۇچى،
شىپالىق شەربىتىڭنىڭ تەشناسىمەن.

## باغۋەن قىز

سەيلى قىپ كىرگىنىمدە باغ ئىچىگە،
كوزلىرىم چۈشتى نازۇك ئاياق ئىزگە.
سىنچىلاپ ئىزدەپ بېرىپ تەك تۈۋىگە،
دۇچ كەلدىم غۇنچە بويلۇق لىۋەن قىزگە.

قولىدا پولات كەتمەن، تىنىم تاپماي،
يۇمشىتار ئىدى قىزچاق تال تۈۋىنى.
چىكىدىن كومۇش تەرلەر تامچىلايتتى،
ئوخشاتتىم مۇناقىغا جۇپ لىۋىنى.

مەڭزىدە تاۋلىناتتى قوياش نۇرى.
كوزلىرى ئوخچۇپ تۇرغان سۇزۇك بۇلاق.
ئاۋايلاپ كەلسەممۇ مەن شۇنچە ئاستا،
شەپىنى سىزىپ قالدى تۈيغۇن قۇلاق.

يۈز بۇراپ ، نازلىق كۈلۈپ ، بىرلا قاراپ،
يۈرەككە بەكمۇ ئىللىق ئوتنى سالدى .
ۋۇجۇدۇم ئوت تەپتىدىن بولدى سىماپ ،
نىچۈنكى ، قىزمۇ قىيا تۇرۇپ قالدى .

ئۈزۈمنى ئوڭشىمۇدىلىپ بىر هازادا ،
دىدىمكى ، مۇشۇ باغنىڭ گۈلىمۇسىز؟

دىدىكى ، ئارامىمنى بۇزۇپ، نەدىن -
بېغىمغا بىتۈيۈقلا سالدىڭىز ئىز ؟

— رەنجىمەڭ ، سەيلى قىلىپ كەلدىم بۇيان،
ئەجرىڭىز مىۋىسىنى كورۇش ئۈچۈن .
كوڭلىڭىز باغچىسىدىن گۈللەر ئۈزۈپ ،
ياشلىقنىڭ شوخ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ...

— ئەجرىمنىڭ مىۋىسىنى تېتىپ كورۇڭ ،
ۋە لېكىن ، گۈلنى ئۈزۈش ئاسان ئەمەس .
قاچانكى ، تەر ئاققۇزۇپ، ئىشچان بولۇپ،
كەلسىڭىز ، قەلبىم سىزنى ياتمۇ كورمەس.

— چۈشەندىم سوزىڭىزگە باغۋەن قىزچاق ،
ئەجرىڭىز مىۋىسىن يەپ، مېھمان بولاي.
سىز كەبى چولنى باققا ئايلاندۇرۇپ ،
بۇلبۇل بوپ گۈلشاخىغا كېلىپ قوناي .

— سوزىڭىز ئەمدى دىلغە ياقتى يىگىت ،
ۋەدىمىز چېچەك ئاچسۇن مىهنەت بىلەن .
ياشايلى تەر ئاققۇزۇپ ، خۇشال - خۇرام،
ئەمگەكچى نەسلىگە ماس خىسلەت بىلەن....

بىرلىكتە ئىشلەپ كەتتۇق باغ ئىچىدە ،
يانمۇ ـ يان ، مېھرىمىزنى ئېقىن قىلىپ .
ۋەدىگە ۋاپا قىلماق ئۈچۈن شۇندا ،
موھۇر باستۇق لەۋىمىزنى يېقىن قىلىپ ،

× ×

بەشكىرەم ، قوينۇڭ گۈزەل ، بەھىشۋاغسەن ،
ئىشقىڭغا مەپتۇن بولۇپ كورۇپكەلدىم .
تەسىرات ئۈنچىلىرى بولدى نەزمە ،
ھاياجان دەرياسىغا چۆمۈپ كەلدىم .

ئىشچانلار ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ـ
تېتىدىم ، شەربىتىگە قېنىپ كەلدىم.
يۈرۈكۈمگە نەقىش قىلىپ ، مۇھەببەتلىك ـ
يۈرەكنىڭ ئارزۇسىنى ئېلىپ كەلدىم .

# كور

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

تاغ بىلەن بويلاشقىدەك ئالتۇن باشاق خامانىنى كور .
چەش بولۇپ كوزنى ئېلىپ ، نۇر چاقنىغان دۇردانىنى كور،
بۇ ھاياتلىق مەنبەئى ، جانغا كېپىل جانانىنى كور ،
بۇ ھاياتلىقنىڭ چىراغى ، كۈچ ـ مادار ـــ دەرمانىنى كور .
شۇ چىراقنىڭ ئىشقىدا كويگەن ئېجىل پەرۋانىنى كور ،
چىن ۋاپادار ئەھلى ، ئۇلۇغ نامى ئايان دېخانىنى كور.

بىر مىنوت ئالماي ئارامىلىق ، قىشۇ ـ ياز ، شامۇ ـ سەھەر ،
ياغسا قار ، سوقسا بورانلار ، قاچمىغاي ئەيلەپ ھەزەر ،
قالدى‌ھەربىرتال‌گىيا قاشىدا مىڭلاپ تامچە تەر ،
جان پىدا مېھنەت يولىدا تا ـ ۋىسال پەيتى قەدەر،
قامىتى گاگدىن سوقۇلغان چارچىماس پالۋاننى كور،
چىن ۋاپا ئەھلى ، ئۇلۇغ نامى ئايان دېخاننى كور.

ئىشىگىدىن كىرسە گەر، ئۇنغا تولۇپ خالتا ـ تاغار،
خانىدانىڭ شاتلىغى ھەم بەركىتى شۇندىن ياغار،
تەلمۈرۈپ يولىدا قانچە كوز قاراقلار ئىنتىزار،
قايسى دىلبەرنىڭ پىراقى، ئۇنچىدەك بىر دانچە د

قەن قىيامى، ھوسنى جامى، دىل ئارامى نانىنى كور،
چىن ۋاپا ئەھلى، ئۇلۇغ نامى ئايان دىخاننى كور.

لازا، چەيزە، شوخلا، جاگدۇ بىللە لەغمەن راسلىساڭ،
گوش، يىمىش، بىھى بىسىپ پولۇنى راسا داڭلىساڭ،
ئىشتىھا بىلەن بەدەشقاننى قۇرۇپ ياغ چاينىساڭ،
گۆرزى ئۇرغاندەك زىمىن تەھتىگە بەردەم چامدىساڭ،
قەدرى گەۋھەردىن بەلەن شۇ توھپىكار مەردانىنى كور،
چىن ۋاپا ئەھلى، ئۇلۇغ نامى ئايان دىخاننى كور.

ئاش تىپىرىپ نەچچە زامان ئاچلىقتا قالدى ئاھ ئۇرۇپ،
ئۇسسىدى دەريا قىزىپ، تەشنا لىكىن باغرى قۇرۇپ.
تاپسا تورت تال داننى، قويماس ئوغرى قۇزغۇنلار چوقۇپ،
ماڭغىلى يول قالمىدى ھەر ۋەج بىلەن پەينى بوغۇپ،
ئىگرىغان قەلبىدە قانچە يانمىغان ئارماننى كور،
چىن ۋاپا ئەھلى، ئۇلۇغ نامى ئايان دىخاننى كور.

ئاتتى تاڭ، چاچتى قۇياش زەر چاچقۇنى بەھرى بىلەن،
تىقتى گورگە شۇم نىيەت ئالۋاستىنى قەھرى بىلەن،
بولدى شەمشات قامىتى ئەمگەكچىنىڭ ئەجرى بىلەن،
باغلىدى ئالتۇن كەمەردە بىلىنى قەدرى بىلەن،
بەسلىشىپ مەيداندا يانغان چوغلۇنۇپ گۈلخاننى كور،
چىن ۋاپا ئەھلى، ئۇلۇغ نامى ئايان دىخاننى كور.

# پوچتالىيون

( يېشقەدەم دېخاننىڭ تىلىدىن )

قادىر ھاجى

كىرىپ كەلدى پوچتالىيون ئۆيۈمگە خۇش سالام بىرلە،
سالامدىن سۆڭ سوراپ تىنجى ـ ئامانلىق سۆز ـ كالام بىرلە.

پېشانە تەرلىرى ئۈنچە ، لېكىن يوق روھىدا چارچاش،
كۆزىدە بەرق ئۇرار كەسپى ئۈچۈن سۆيگۈ ، خۇرام بىرلە.

چىمەنزاردا ئېچىلغان گۈل كەبى خۇشخۇي كۈلۈپ ئىللىق،
ئۇزاتتى ماڭا بىر مەكتۇپ مۇھەببەت ـ ئېھتىرام بىرلە.

سۆيۈندۈم خۇش مۇئامىلە قىلىنغان ياخشى خىسلەتتىن،
ئۆزەمنى چاغلىدىم تۇرغان كەبى بىللە بالام بىرلە.

دېدىم : " يىگىت ھېرىپ ـ چارچاپ ، چاپالەر يولدا چەككەنسىز،
قۇيای چاي ئۇلتۇرۇڭ بىردەم ئۆيۈمدە سىز ئارام بىرلە. "

دېدى : "رەھمەت بوۋا ھازىر گېزىت، خەت ـ چەكلە نۇرغۇندۇر،
ئۇنى تارقاتمىسام بولماس بۈگۈن غەيرەت چىدام بىرلە.

چاپا چەكسەم ئېزىز خەلقىم ئۈچۈن مەيلى ماڭا راھەت،
ياشاشنى خالىمايمەن ھېچ، بولۇپ ئۇلپەت ئارام بىرلە.

يولۇمنى توسسىمۇ يامغۇر ، بوران ، قار ، ھەرنە مۇشكۈللۈك،
سەپەردە ئالغا ئورلەيمەن شەرەپلىك پەخرى نام بىرلە."

يىگىتنىڭ روھىدىن چۇمدۇم يېڭى ئىلھام ، ھاياجانغا،
ئۇزاتتىم ، كەتتى ئۇ ئۇچراشقىلى مەندەك ئاۋام بىرلە.

# سېزىك

( ھېكايە )

ماھىگۈل پەخرىدىن

— بەللى، خوتۇن ئىش كاتتىغۇ، بۈگۈنكى كەچكى زىياپىتىڭىز نەرىن چوپ ئىكەندە!، — دېدى دادىسى قولۇمدىن چىنىنى ئېلىپ.

ئۇ كىشى ھەممە تائاملارنىڭ ئىچىدە نەرىن چوپنى ئادەمگە زېلىك بولىدىغان سىڭىشلىق تاماق دەپ بەك ياخشى كۆرەتتى. ماڭىغۇ تاماقنىڭ ئانچە ئۆگىيى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ نېمىشقىدۇ ئەزەلدىن ئۈگرىدەك كىسىپ ئەتكەن نەرىن چوپكە قەۋەتلا ئامراق ئىدىم. شۇڭا غۇلامىدىن دائىم "خوتۇن، تېپىشمىقچە ئېلىشماس دەپ ئىككىمىزگە خۇدا بۇيرىغان دىلى بىر، تىلى بىر ھەتتا گېلىمۇ بىر جۈرلەر، — دەپ چاخچاق قىلاتتى.

— راھىلەم، راستىنلا نەرىن چوپ ئەتتىڭىزمۇ؟ — غۇلامىدىن ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ، كۆزۈمنىڭ تېگىدىن بىر نەرسە ئاختۇرغاندەك تىكىلىپ قاردى.

— ھى، ھى — ھى ...، — قىزىم گۈلگىنە ئاغزىدىكى ئاشنى يۇقۇۋەتكىنى تاسلا قالدى، — قىزىقكەنسىز دادا، چىنىڭىزنىڭ تېگى كورۇنەي دەپقاپتۇ — يۇ، نىمە يەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەي قالدىڭىزمۇ؟

شۇ ئەسنادا غۇلامىدىننى بىرسى چاقىرىپ چىقىپ قالدى.

× × ×

شەنبە كۈنى كەچتە دادىسىنىڭ ئىشتىن يېنىشىغا ئۈلگۈرتۈپ، كوڭلۇمدىكىدەك ئوخشۇتۇپ نەرىن چوپ ئېتىپ تۇرغان ئىدىم، ۋېلىسىپىتنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن گۈلگىنە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ھەممىدىن دوكلات قىلدى.

— نەرىن چوپ ئەتتىڭلا؟، — غۇلامىدىننىڭ ئاۋازىدىن ھەيرانلىق سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ قاپ — قارا قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى ئەقىل — پاراسەت ۋە سۆيگۈ — ساداقەت ھامان جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كوزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ قىسىپ، بېشىمدىن ئايىغىمغا. ئايىغىمدىن بېشىمغا تازا زەڭ سېلىۋېلىپ:

— راھىلەم، بارمۇ نىمە؟، — دېدىدە، بوينىغا چىڭ گىرە سېلىپ چىرمىشىپ كەتكەن قىزىمىزغا لاپپىدا بىر قاراپ قويۇپ، ئەيتقۇسى سوزىنى كوز نۇرى بىلەن دىلىمغا سالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق مۇلايىم، يېقىملىق بولۇپ، ئۇمىت ئۇچقۇنى يالقۇنجاپ تۇراتتى. ئىنتىزار كوزى بىلەن قارىشىدىن شاتلىق شەربىتىدىن چاڭقىغان يۈرەكنى قاندۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىش ئۇرغۇپ تۇراتتى.

بىزنىڭ بىرلا قىزىمىز بار ئىدى. بىر ئوغۇل پەرزەنتىمۇ كورگەن ئىدۇق. بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئاكشۇر خانىم " غۇلامىدىن قۇتلۇق بولسۇن، خانىمىڭىز سالامەت بوشاندى، خۇدايىم ئۈزىڭىزگە ئوغۇل پاخلان ئاتا قىپتۇ "

دىڭگەندە ئۇ يېڭىلا يوگەپ قويغان بوۋاقنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ. يېنىشلاپ قاراپ، مېنى مەمنۇنىيەت بىلەن تەبرىكلىگەن ئىدى. لېكىن رەھىمسىز ئەجەل ئارزۇ ئۈمىتلىرىمىزنى سوپۇنىنىڭ كوپۈكىدەك بۆز-بۆز قىلىپلا يوقىتىۋەتتى. بوۋاقنى ھىدى ئىچىدە ئۇچۇق تىگىسىپ چاچراپ كەتتى. غولاممىدىن يىغان ئىلكىدە تولا ئۇھ تارتىپ، ئەزەلدىن كوز قىرىنى سالمايدىغان تاماكىنى خۇمار قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسى-يادى بىر ئوغۇل پەرزەنت كورۈشتە ئىدى. مىجەزىمدە سەللا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا «بارمۇ؟» دەپ تەلمۈرەتتى. مەن كوپىنچە ئۇنىڭ كوڭلىنى نائۈمىتلىكتە پەرىشان قىلماي دەپ، كۆلكە، چاقچاق بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتىم. بۇ قېتىم «ئوچاق بېشىدا داڭقان بولغاچقا» كۆلۈپلا قويۇپ ئۆز ئىشىم بىلەن مەشغۇل بولىۋەردىم. كۆلگىنە تاماقنى يەپلا كوزى ئۇيقىغا كەتتى. غولاممىدىن تاماكىسىنى قېنىپ بىر تارتىۋېلىپ، ھېلىقى پاراڭنى يەنە قوزغىدى:

— راھىلەم، مۇشۇ كۈنلەردە نەرىن چوپىنى يەنە كوپ ئىچىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، بىر گەپ بارغۇ دەيمەن؟

— نىمە گەپ بولاتتى، ئىشتىھانىڭ يارى لەززەتلىك غىزادە.

— جىڭ گەپنى قىلىڭا، سىزدىگىمىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— سىزنىڭ؟ سىزنىكىم ئاللا قاچان يېشىلگەن تۇرسا.

ھە؟!

غولاممىدىن سىزنىڭنىڭ شەپىسىز ئوتتۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى. بولۇپمۇ مېنىڭ سىزنىكلىگىمنىڭ ئەل-ئىقلىمىدا يوقلىغىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ قاتتىقلىغىدىن كورگەنلا نەرسىدىن

ھېيىپ كېتەتتىم. ئاغرىپ يېتىپ قالاتتىم. تا يۆك تاشلىمىغىچە ئازاپ ماڭا يار بولاتتى.

كۆلگىنە قوساقتا كۆماندىكى چاغدا بىز غولاممىدىنلارنىڭ يۇرتى بوستان كولگە باردۇق. ئاپتوۋوزدىن چۈشۈپ مىڭ تەستە كىرا قىلغان ئېشەك ھارۋىسى يېرىم كۈندە ئاران ئۆيگە ئۇلاشتۇردى. قەينى ئاتاملارنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى قۇرۇپ قاغجىرىغان كولدە بىر توپ باللار توپقا مېلىنىپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئەگۈن ئىشىكتىن ئېھتىيات بىلەن كىرىشىمىزگە بۆزۈۋەتىلگەن پىشايۋان، ئۈستى ئېچىلغان ئايۋان-سارايلار گويا ئۆرۈشتىن كېيىنكى خارابىدەك كوزىمىزگە تاشلاندى. ھويلىدا ياز ئالمىنىڭ بىردىن-بىر نىشانىسى بولۇپ تۇرغان كارۋاتچىلىك يەردىكى ئەكەك چىكەتكەن چامغۇر، ئۆرۈغداپ كەتكەن يۇمغاقسۈت سارغىيىپ قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. قەينى ئانام بىزنى سول ياقتىكى كىچىككىنە بىر ئۆيگە باشلىدى، چىنىدەك تازىلانغان لېكىن جىن چىراقنىڭ زۇلمىدا موردەك قارىداپ كەتكەن بۇ ئۆينىڭ زادى كوزگە چېلىققىدەك بىساتى توغرىسىغا سېلىنغان كونىراپ كەتكەن زىلچا ئىدى. قەينى ئاتام قەينى ئانىملار خوشاللىغىدىن بىزنى قويىدىغانغا يەر، قىسىدىغانغا چىكە تاپالماي قالدى. خان كەلدى پوش-پوش بولدۇق. ئىغلىدا ئاران ئانا-بالا ئىككى قوي بولسىمۇ ئۇنىمىغىنىمىزغا قارىماي تېخى چىش يىمىگەن قوزىغا دۇئا قىلغۇزدى. ئەتىسى قەينى ئانامنىڭ قەينى ئاتام بىلەن گودۇڭشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— كورلىمۇ دادىسى، موردىن ئىس چىقىپ بولغىچە ھەممىسى ئولاشتى. تېخى تۈنۈگۈنكى بىر نەرسىدىن قانچىلەك نەرسە چىقاتتى دىمەملا. ئېلىمگىلا مېھمانلار، جايلاينى ئۆزىمىز دەپ، ئولاش-چولاش ئات ئايلىخانغا، يول

سارىخانىغا قىلىشتى. قۇلاق ھىدىرلىغىچىلىك ئىش بولىدى . خىجىلچىلىقتا بېشىم قاتتى . بوسۇغىمىزغا ئەندى بىر قەدەم باسقان ياتباش كىلىن تۇرسا نىمىمۇ دەپ قالار ، ئۇنىڭ ئۇس- تىگە مەزلۇم كىشىنىڭ سىزىكى دىگەن ... ئې- تىزدىن ئاچ يانغان ئېشەكنىڭ ھاڭىرىشىدىن كېيىنكى سوزىنى ئاڭلىيالمىدىم .

— بۈگۈنچە بىر نىمە قىلىپ تۇرۇڭلا ، خو- تۇن . خوشنا دادۇيدىكى باياخۇن قاساپ ئانا- چە- مۇنچە دالدىدا ئوقىتىنى قىلىۋېتىپتۇ دىيە- شىۋاتاتتى . ھېلىقى غولامىدىن بالام مەيسە ئېلىۋالغىن دىگەن پۇل بولغاندىكىن ئەتە با- ل دۇرراق بېرىپ باقاي ، - قەينى ئاتامنىڭ كالتە ھوتەل ئارىلاش قىلغان سوزى غۇۋا ئاڭلاندى .

بىز تۇققانلارنىڭ ئويىگە پەتە ئوقۇپ ياز- غىچە ئويدە تاماق تەييارلىنىپ بوپتۇ .

— يوقلاڭ بىر ئىش قىلىپ ئولتۇردۇق بالىلىرىم، - دىدى قەينى ئانام ئاش تارتى- ۋېتىپ ، - خىنىم بالام ، قىتىپ كېتىدۇ ، ھە ، قېنى قوللىرىغا ئالسىلا .

قەينى ئانامنىڭ نۇر يىغىپ تۇرغان ھوس- نىگە بىمەھەل يېپىلغان قېرىلىق پەردىسى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ ، چېھرىدىن مېھرى- بانلىق تېمىپ تۇرىدىغان شەرانداز ئايال ئى- كەنلىگىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى . ئالدىمدا كوزۈمگە ئوت بولۇپ كورۇنىۋاتقان نەرىن چوپكە قاراپ نىمىشقىدۇ يۈزۈمگە ۋاللىدە ئوت ئال- دى . چىنىنى ئاستا قولۇمغا ئالدىم . ئاغ- زىمغا ئەندى ئىككى قوشۇق سېلىۋىدىم ، سۇ- يەپ ئېسىلىپ كەتكەن چوپ مىچچىدە قىلىپ سىلكىنىپ كەتتىم . نەرىندىن بىر قوشۇق ئال- دىم . قاداق چامغۇرمىكىن ئەيتاۋۇر بىر نىمە چىشىمنىڭ ئارىسىدا گىچچىدە قىلدى-دە، گىلىم

غىققىدە بوغۇلۇپ ، ئۇيان ئومەللەپ ، بۇيان ئومەللەپ نوزەمىبىللا يۇتالمىدىم .

— چوڭ - چوڭ ئالسىلا خىنىم بالام . جا- ھان زىخ ، سەراچىلىق . خاننى تاڭ قالدۇ- رىدىغان قولۇم مىزىلىك خوتۇن ئىدىم ، ئەن- دى ، ھەي ...

سۈلكەتلىك ئانا بۇغداي سوزى بىلەن دى- لىمىزغا مېھرىبانلىق نەقىشىنى چېكەتتى . ئۇ- نىڭ كوڭلىنى ئاياپ ، كوزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئاغزىمدىكىنى يۇتىۋەتتىم . ھەي ، سىزىك دى- گەننىڭ زادى سورۇنلىغى يوق نەرسە جۇمۇ ،

تاپىنىمدىن ئورلەپ چىققان بىر ھو بۇلدۇق- لاپ ئېتىلىمەن دەپ ۋەھىمە سالدى. ئەلەمدە ھويلىغا ئاران ئۇلگۇردۇم . قۇلاقچىلەك گوش دارىتىۋېتىلگەن ئىككى قوشۇق ئاش زەھەر بو- لۇپ ياندى. يەتتە يىلمۇ ئوتتى. شۇھىيىپ كەت- كەنچە بىزنىڭ ئويىنىڭ قازىنىدا نەرىن چوپ پىشۇرۇلمىدى.

ئىككى يىلدىن بېرى قەينى ئاتاملار كېلىپ كې- تىڭلار دەپ تولا تەكلىپ قىلدى. قەينى ئىنىم يول خى- راجىتى ئۈچۈن 200 يۈەن پۇلمۇ ئەۋەتىپتۇ. غولامىدىنلارنىڭ ئىشى جىددى بولغاچقا گۈل- گىنە ئىككىمىز بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ كەلدۇق. بېرىپ قارايدىغان بولسىڭىز ئىشىك ئالدىدىكى يېڭىدىن چېپىلغان كولگە تولدۇرۇپ قويۇلغان زۈمرەتتەك سۈزۈك سۇ، ئالەمنى قىزىللىقا پۈر- كەپ، گاھ ئۇنداق ، گاھ مۇنداق ئوزگىرىپ تۇرغان كەچكى شەپەق نۇرىنى باغرىدا ئەركىلە- تىپ، پەرىلەر سەنەمگە چۈشكەندەك ئىنتايىن گۈزەل كورۈنۈش ھاسىل قىلاتتى. كولنى چو- رىدەپ گىرەلىشىپ ئوسكەن مەجنۇن تالنىڭ بوستان چاچلىرى مەيىن شامالدا لەرزان يەل- پۈنۈپ، ئۇز ئەكسىدە "پەرىلەر" نى يوشاق غى- دىغلايتتى. چىلەك كوتۇرۇشكەن چوكان، قىزلار-

نىڭ كۆلكە سادالىرى بوستان كولنى جانلاندۇ-
رۇۋەتكەن ئىدى. تومۇر كەپشەرلىك چوكىدەرۋا-
زىدىن كىرىشىمگە «خارابىلىق» ئورنىدا مەغ-
رۇر قەد كوتۇرۇپ تۇرغان ئاپپاق ئويلەر ئوزى-
گە مەپتۇن قىلدى. كوڭگۇرلۇق تام ئۇستىدىن
بېدىش بويلاپ يېيىلغان تال غولاچ تاشلاپ،
ئوگزىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، يوپۇرماق-
تىن تولا غۇژمەك - غۇژمەك ئۈزۈملەر رەڭگا-رەڭ
ياقۇتتەك يالتىراپ، كوزچاقنىتىپ تۇراتتى. ياپ-
يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىلاپ قىسىلىپ
چۈشكەن كۈن نۇرى ئەينەكتەك تازىلانغان يەر-
نى جۇلالىنىپ تۇرغان گىلەمدەك بېزىگەن ئىدى.
مەن سېخى تەبىئەتنىڭ بۇ پاياندازىدا يېنىك
قەدەم ئېلىپ دەلىزىگە كىردىم. سۇپىغا ئوت-
قاشتەك گىلەم ۋە شىرداقلار سېلىنغان بولۇپ،
كاتىنىڭ ئۇستىگە ئۇ باش - بۇ باش يېغىل-
غان يوتقان-كورپىلەر تورۇسنى تىرەپ تۇراتتى.
زەرھەللىك نىلوندىن قىلىنغان لەپىلى-
مىلىك مەراپ ياپقۇچ ۋال - ۋۇل قىلىپ، ئويگە
باشقىچە زىننەت بەرگەن ئىدى. كىشى كوڭلى-
دە شادىيانە ھېسيات جۇش ئۇرغۇزاتتى.

ئەتىسى بەللىرى پۇتۇپ تاختا بولۇپ كەتكەن،
بىلىقتەك لىغىلداپ تۇرىدىغان قويلاردىن بىرى
مېھمان ھورمىتى ئۇچۇن ھەمرالىرى بىلەن
خەيرلەشتى. تۇخۇمدىن شىرنە تارتىلغان زىخ-
زىخ تونۇر كاۋىپى داستىقاندىن ئېشىپ ياندى.
كۈن قايرىلغاندا قوغۇنلۇقنى ئايلىنىپ كىرسەك
ئويدىكىلەر يەنە نەرىن چوپكە تۇتۇش قىلىۋې-
تىپتۇ. ئۇم، ئىش چاتاق. كورۇپلا ئىچىم ئالۇدە

بولۇپ، تورۇق ھو توتقاندەك ئايان بولدى.
غىزار تەييار بولغاندا ئۇنى دەپ، بونى دەپ تەخ-
سىگە ئاران بىر پىيالىدەك ئاشىنلا سالغۇز-
دۇم. مىلڭ تەستە قوشۇقنى ئاغزىمغا شۇنداق
ئاپىرىۋىدىم بۇرنۇمغا گۇپپىدە ئۇرۇلغان قارا
مۇچ ھىدى ئارىلاش مېزىلىك پۇراق كوڭلۇم-
نى ۋاللىدا ئېچىۋەتتى. تەخسىنى قانداق بىكار
قىلغىنىمنى بىلمەي قالدىم. داستىقانداشلار تېخى
ھوزۇرلۇنۇپ يېيىشىۋېتىپتۇ. قەينى ئانام قان-
چە قىلغان بولسىمۇ ئەندى يەنە قاچا تەڭلەشتىن
خىجىل بولۇپ، تىلىمنى تامشىپ ئولتۇرۇپ
قالدىم.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەھەل بىز-
نىڭ ئويدە ھەتتا تىلغىمۇ ئىلىنماس بولۇپ
قالغان نەرىن چوپ يىگىۋاشتىن ئەتىۋالىق تا-
ئام بولۇپ پات - پات ئېتىپ تۇرۇلدى. راس-
تىن ئەيتسام ئوزەمدىمۇ ئازراق ئوزگورۇش
بولۇۋاتقىنىنى غايىۋانە ھېس قىلدىم. لېكىن
جەزمى قىلمىغۇچە ئۇنچىقماي دىگەن ئىدىم، غو-
لامىدىنىنىڭ تەشنالىغى ئاخىر ئۇنى ھەممىدىن
خەۋەردار قىلغۇزدى.

— بىزنىڭ خوتۇن قالتىس جۇمۇ، - دىدى
ئۇ گولدەك ئېچىلغان چىرايىغا شاتلىق كۆلكى-
سى سېپىۋاتقان كوزىنى ئوينۇتۇپ، - سىززە
قەھەتچىلىكتىن ھېيىپ، مەمۇرچىلىقتا سېزىلىك
بوپتىكەنسىز-دە، ھە؟

— ھا - ھا - ھا ...

ئىككىمىز تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

1982 - يىل ئوكتەبىر.

# پەيگەم

(ھىكايە)

دىلبەر قەييۇم

ئائىلە يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگە-
نىمنىڭ 3-كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن:
— بالام، ھاردىغىڭىز چىقىپ قالغاندۇ.
بۈگۈن ئاكاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلسەڭ قان-
داق؟ دېدى ياشانغان ئانام، مېھرىلىك كۆزلىرىنى
خىجالەت ئارىلاش تىكىپ.
— ئانا، 3كۈندىن بۇيان ئاكام ئۆزى كەلمەي، —
دېدىم مەن سەل نارازى بولغان ئاھاڭدا.
ئانام چوڭقۇر بىر تىنىدى-دە، خۇددى ئۆزىگە
ئۆزى سۆزلىگەندەك ئاستا ئېيتتى:
— ئۇنىڭ ئايالى كېسەل، شۇڭا سەن ئۇ-
نىڭدىن ئاغرىنمىغىن ...
ئانامنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ،
گېپى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
ئانامدىكى بۇ خىل كەيپىيات مېنى خېلى
جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. شۇڭا دەرھال ئۆزەم-
نى ئوڭشاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە چامدانىم-
دىن ئاكامنىڭ ئايالىغا ئاتاپ بىر كىيىملىك
شىفۇڭ تاۋارنى ئالدىم-دە، ئانام بىلەن ئاستا
قەدەم تاشلاپ ئاكامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭ-
دىم.
بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئاكام ئۆزى چىقتى.
ئۇنىڭ چىرايى تېگى - تېگىدىن سېرىق ۋە
سولغۇن بولۇپ، كىشىگە كېزىكتىن يېڭى قوپ-
قان ئادەمنى ئەسلىتەتتى. بىز ئۆيىگە كىرىپ

تېچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئى-
نىمنىدۇ ئىزلىگەندەك ئۆي ئىچىدە تىمىرلاشقا
باشلىدى. ئانام ئۇنىڭ نىمە ئىزدىمەكچى
بولغىنىنى سەزدى بولغاي:
— بولدى بالام ئاۋارە بولما. بىز ھازىر-
لا چاي ئۈستىدىن كەلدۇق، دېدى ئاكامنىڭ
كۆڭلىنى تىنجىتماقچى بولۇپ.
شۇنداق بولسىمۇ ئاكام ھېلى پىيالە چاي-
قاش. ھېلى چايدان كۆتىرىپ يۈرۈش بىلەن
ئاۋارە ئىدى.
ئاكام يۇقۇرقى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بو-
لىۋاتقاندا مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرىقىدا ئۆي ئى-
چىنى كۆزۈتۈپ چىقتىم.
تامنىڭ بۇلۇڭلىرىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان
ئۆمۈچۈك تورلىرىغا، كىرلىشىپ كەتكىنى ئىدىن
گۈلىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان كورپىلەرگە،
كارۋاتنىڭ بىر چېتىدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان كىر
كىيىملەرگە، سۇنغان دەرىزە ئەينەكلىرى ئورنى-
غا ئۈستى - ئۈستىلەپ قەغەز چاپلىنىپ يورۇق-
لۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ ئۆيگە قاراپ ئا-
كامنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم
كەلمىدى. چۈنكى ئاكامنىڭ ئايالى - خانا-
چام تۇغمىغان ئايال بولغاچقا بەزىدە بىكار
قالغان پۈتۈن كۈنلىرىنى ئۆي تازىلىقى ۋە
شەخسى تازىلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئۇنىڭ

بەزى ئىشلىرىغا قاراپ، ئانام چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— مېنىڭ بۇ ھەسەلىنىڭ قىلمىنى ئايرىپ، ھوپۇپنى يۇڭدىماي يەيدىغان كېلىنىمنىڭ ھەتتا ئوتتۇنىمۇ يۇيۇپ قالغىسى كېلىدۇ — دەيتتى.

ئاكام ئالدىمىزغا ئۇزۇن ۋاقىت يۇيۇلمىغانلىقتىن قاتلىسىلا ئۇشتۇلۇپ كەتكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان داسقاننى يېيىپ، بىرلىك توپا قونۇپ كەتكەن پەتنۇسقا ھاۋانچىدا سوقىمۇ ئېزىلمىگىدەك قاتتىق ناندىن 3 نى سېلىپ كېلىپ لەق بىر پىيالىدىن قايناقسۇ تۇشقۇزۇپ قويدى.

چاي ئوتلىغاچ مېنىڭ كوزۇم ئاكامنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىك ئويگە چۈشۈپ قالدى.

ئوينىڭ ئىشىكى بۇرۇنقى ھالىتىدە بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇت قىلىپ بېكىتىلگەن قوش زەنجىرگە يوغان چويۇن قۇلۇپ سېلىنغىلىق تۇراتتى. بۇ ئوي ئەسلىدە بۇرۇن بىز ئولتۇرغان، بىز كوچۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاشخانا قىلىپ ئىشلەتكەن ئوي بولۇپ ھېچقاچاندا مۇنداق قۇلۇپ سېلىنىپ قالمايتتى. مەن چوڭ ئويدىكى قالايمىقانچىلىق، ئۇ ئويدىكى قۇلۇپقا قاراپ ئىچىمدە ئاكاملار بۇ ئوينى مېھمانخانا قىلىپ ياسىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدۇم. بىرەر پىيالە چايدىن كېيىن سورۇدۇم:

— ئاكا، خاناچام كورۇنمەيدىغۇ؟

ئاكام خىددى گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك:

— ھە، ھىم... ھە، ھىم... خاناچىڭىز بار ئۇكام، بار، ئويدە، — دىدى — دە، لوككىدە بېشى توۋەن چۈشۈپ كەتتى.

— قايسى ئويدە؟ يەنە سورىدىم مەن.

ئاكام ئاستا بېشىنى كوتىرىپ ماڭا يېلىنغەن بىر قىياپەتتە قارىدى — دە، كوزىنىڭ قۇيرىغىدا ھېلىقى قۇلۇپ سېلىنغىلىق ئىشىككە نەزەر سالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ماڭا: "ئۇكام سوراپ نىمە قىلاتتىڭ" دىگەندەك تۇيۇلدى. مەن بۇ ئاجايىپ قاراشلاردىن بىرەر نەرسىنى ھېس قىلالمىدىم، — دە، سوئال نەزىرى بىلەن ئانامغا تىكىلدىم.

خېلىدىن بېرى گەپ — سوز قىلماي ئولتۇرغان ئانام چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن:

— بالام، خاناچاڭ سودايى بولۇپ قالغان ئىدى. ئاپارمىغان دوختۇر، داخان قالمىدى. نەچچە قېتىم "ھاجەت قۇم"غا كومۇپمۇ كەلدۇق، ھەر چاشەنبىدە "پىرە" ئويناتتۇق، لېكىن ھېچ بىر سەۋەپ كار قىلمىدى. ئاكاڭ پۈتۈن ئوي سەرەمجانلىرىنى سېتىپ ئۇنىڭغا چىقىم قىلدى. ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە ئۇ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، قويۇپ بەرسەك ئىشىك — دەرىزىلەرنى چېقىپ قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى ئويدە — دىدى ھېلىقى قۇلۇپ سېلىنغلىق ئوينى كورسىتىپ.

— نىمە؟! ھەيران بولغانلىغىمدىن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئاكامغا ئېسىلدىم.

— ئاكا ئىشىكنى ئېچىڭ، چاپسان بولۇڭ. بۇ قانداق گەپ، ئادەمنى ئويگە سولاپ قۇلۇپ سېلىپ قويۇش نەنىڭ ئىشى؟!

مەن ئوزەمنى ئۇنۇتقان ھالدا سوزلەشكە باشلىدىم، شۇ ھالدا ئاكام قېتىپ قالغاندەكلا كورۇنەتتى. ئاكامنىڭ بۇ ھالىدىن يۈرىكى ئېزىلگەن بىچارە ئانام توختىماي ئېقىۋاتقان كوز ياشلىرىنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— غوجام بالام، ئىشىكنى ئاچقىن، سىڭلىڭ، تاجىخان بىلەن كورۇشسۇن.

ئاكام ئېغىر قەدەملىرىنى ئـاران دەـگەندە
يوتكەپ قۇلۇپقا قول ئۇزاتتى.

ــ ۋاي ان ، ۋاي ئانا …… ۋاقـىرىغانچە
كەينىمگە داجىدىم .

ئويدە خاناچام ئەمەس ، ئانـىددىن تـوغما
يالىڭاچ ، چۈكۈلۈپ چىگىلىشىپ كەتكەن چاچـ
لىرى يۈز ـ كوزىنى تورـۋالغـان ، ئـەتلىرى
ياۋايى هايۋان بىلەن ئېلىشقـان ئـادەمـدەك
قىزىما ـ ياما بولۇپ كـەتكەن تـونىغۇسـىز بىر
ئايال تۇراتتى .

ئىشىكنىڭ ئـېچىلىشـى بـىلەن تـەڭ ئايال
سىرتقا چىقىش ئۈچۈن كىرچەپ هەركەت قىلدى.
ئاكام ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقان ئىدى،
ئايال خۇددى بورىنىڭ هـىۋۇلـىشدەك دەهشەت
بىر ئاۋازدا ۋاقىرىدى ـ دە،ئاكامنىڭ بىلىگىـ
نى قاتتىق بىر قاسىغاندىن كـېيىن قـويىۋەتتى
ۋە ئوزىچە پۇخادىن چىققاندەك قاقاهـلاپ كۈـ
لۈپ كەتتى .

ئاكام بىلىگىدىن كوينەك ئۈسـتىگە تەپچىپ
چىقىۋاتقان قان داغلىرىغا قاراپ قويىۈپ قولىـ
نى تەستە كوتىرىپ ، غۇلـىچىنـى ئـاسـتـا
كېرىپ ئىشىكنى كەگەنلىدى.

ئايال ئوي ئىچىدە ئۇيان-بۇيان ماڭغاچ ئوـ
زىگە ئوزى سوزلەيتتى:

ــ بالىسىنى، بالسىنى سەندەلگە، سەندەلـ
گە تازا، تىقىپ قويۇپ، كويدۈرۈپ، كويدۈرۈپ،
كويدۈرۈپ…… ئۇ، شۇ سوزلەرنى تەكرارلايتتىـ
دە ئارقىدىنلا خۇددى بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان
ئاهاڭىنى دورايتتى.ئۇ گاه دۇم يېتىپ يەرنـى
يالايتتى. گاه ئورنىدىن تۇرۇپ تامنى قۇچاقـ
لاپ سۆيەتتى. يەردىن نىمىلەرنىدۇ ئېلىپ ئاغـ
زىغا سالاتتى.

ئۇنىڭ بۇ هالىتىگە قاراپ ئىچىم توز قۇيـ
غاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

تەقدىر ئىلاهىنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولىسامـ

مۇ، شۇ مىنۇتتا ئوزەمنىڭ نىمە دېيىشىم ۋە نىمـ
مە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. بېشىم چوگەـ
لىتىپ قويۇپ بەرگەندەك پىقىرايتتى. مەن دەرـ
هال بىر ئەقىل تاپقاندەك كەينىمگە ياندىمـ
دە،سومكامدىن هېلىقى بىر كىيىمىلىك شىفۇڭتاـ
ۋارنى ئېلىپ چىقىپ ئىككى قوللاپ خاناچامـغا
ئۇزاتتىم. مەن بۇ هەركىتىم بىلەن گويا خاناـ
چامنىڭ كوڭلىنى كوتەرمەكچى بولاتتىم. ئۇ ماـ
ڭا قىزىرىپ كەتكەن كوزلىرىنى بېگىزدەك تىـ
كىپ بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئوقتەك
ئېتىلىپ كېلىپ بوينۇمدىكى ياقۇت كوزلۈك ئالـ
تۇن زۇننارغا قول ئۇزاتتى.

بىراق خاناچام ئىشىكنى كەگەنلەپ تۇرغان
ئاكامدىن هالقىپ ئوتۇشكە ئامالسىز قالدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇغەلىتە بىر خىل ئىڭراشـ
لار بىلەن هەدەپ ماڭا خىرىس قىلاتتى.

ماڭا قارىغاندا ئۇنىڭ خۇيى بىلەن كوپرەك
تونۇشلۇق بولغان ئانام مېنىڭ قولۇمدىن رەختـ
نى ئالدى ـ دە، كوينەك مەنىسىدە ئۇچىسىغا تەگـ
لەپ تۇرۇپ ئېيتتى:

ــ تاجىخان قاراڭ، چىرايلىقمىكەن؟ بۇنىڭـ
دا كوينەك كىيەمسىز؟

ئانامنىڭ چىرايىدا هەسرەتلىك كۈلكە ئەكس
ئېتەتتى.

خاناچام ئانامغا بىر پەس سوزسىز قـاراپ
تۇرغاندىن كېيىن، ئوينىڭ سۇپىسـى ئۈستىدە تۇرـ
غان، چوڭ ـ كىچىك تاهارەتلەر بىلەن بۇلغانـ
غان كورپىنى سورەپ ئېلىپ ئانامنىڭ رەختـنى
چەنلىگىنىگە ئوخشاش شەكىل بىلەن ئـوزىگە
چەنلىدى.

ئانام ئۇنىڭ مەلۇم نەرسىنى هىس قىلغانـ
لىغىنى سەزدى بـولغاي قـولىدىكـى رەختـ
نى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. خاناچام ئاكامنىڭ دولەـ
ـسىدىن قولىنى سوزۇپ رەختنى ئالدى ـ دە،هوڭـ
رەپ يىغلىۋەتتى ۋە كەينىدىنلا رەختنى يەرگە يـ

يىپ سىلىپ ئۈستىدە يۇمىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ ھالىتىنى ئۇزۇن داۋام قىلماي، تىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، يەنە ماڭا قاراپ ئېتىلدى.

مەندە تۇرغان جايىمدىن قوزغالغىدەك ماجال قالمىغان ئىدى.

ئۇ يەنىلا ئىشىكنى توراپ تۇرغان ئاكامدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. ئاكام ئۇنى قۇچاقلىغان پېتى ئاپىرىپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە چاققانلا بىر ھەركەت بىلەن ئىشىكنى يېپىپ قۇلۇپنى باستى.

شۇ ئىزىمدا قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىمنى بىلەلمەيمەن. بىچارە ئاق كۆڭۈل ئانامنىڭ: „ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ھەرنە مۈشكۈل ئۆزلىرىدىگە ئاسان، شۇ ناتاۋان بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ، شىپالىق ئاتا قىلغايلا" - دەپ ياش توكىۋاتقان ئىلتىجاسى مېنى قوزغۇلۇشقا مەجبۇر قىلدى.

بىز ئاكامنىڭ:

ئۆزەڭلار خالىغان تاماقنى ئېتىپ يەپ، چۈشلۈك دەم ئېلىشنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزۈڭلار - دەپ تۇتقىنىغا قارىماي ئاكام بىلەن خەيرلەشتۇق.

مەن ئانامغا ئاۋات، چوڭ يول بىلەن ئەمەس، ئاكامنىڭ ئۆيىنىڭ كەينى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ مېڭىشقا تەكلىپ بەردىم.

مەن شۇنچىلىك ئېغىر قەدەم ئالاتتىمكى ھەتتا ئانامنىڭمۇ كەينىدە قالاتتىم. ئانام كېتىپ - كېتىپ ماڭا قاراپ قوياتتى ۋە كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى كۆتىرىۋېتىش ئۈچۈن تاتلىق - تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ قوياتتى. مەن ئانامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن زورغا مىيىغىمدا كۈلۈپ قوياتتىم.

بىز شۇ مېڭىشتا تۆمەن دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكىگە يېقىنلاشتۇق. مېنىڭ دىققەت نەزىرىم ئىختىيارسىز كۆۋرۈككە يېقىن جايدىكى كۆك قىيا تاشقا ئاغدۇرۇلدى.

كۆڭلۈمدە شۇ قىيا تاش ئۈستىدە بىر دەم ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش ئويى تۇغۇلدى. ئاناممۇ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى.

مېنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇم كەلگەنلىكىنى مۇشۇ مەزمۇت، سۈرۈشچان، كۆتىرىشلىك سىردىشىم — قىيا تاشتىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيتتى.

بۇ دەرتدىشىم مېنىڭ نۇرغۇن كۆز ياشلىرىمنى ئۆز باغرىدىن سىرغىتىپ، ئەلەملىك ئاھۇ - زارىمنى رەھىمسىز تەقدىردىن نالىشلىرىم بىلەن قوشۇپ قەدىمى شەھەر - قەشقەرنىڭ قاغجىراپ تۇرغان تۇپراقلىرىغا سىڭدۈرىۋەتكەن ئىدى.

... ئاھ ... مېنىڭ سۆيۈملۈك سىردىشىم، دوستۇم، قەدىردانىم، ۋاپادارىم! ... سەن يەنە شۇ مەزمۇت بەستىڭنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپسەن، شۇ يىللاردىن بۇيان سەن ھاياتىمنىڭ خۇشلۇق - خاپىلىقىنى يەتكىچە تارتقان ماڭا ئوخشاش بىگۇنا دەرتمەندىن يەنەقانچىسىنىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى گاھ مۆڭگۈلۈنۈپ، گاھ تولغۇنۇپ، گاھ ئۆيناقلاپ، گاھ غەزەپلىك شاۋقۇن سېلىپ ئاققان ئەشۇ تۆمەن سۆيىگە قوشۇپ قەيەرلەرگە ماڭدۇرغانسەن؟! - ئۆزۈمگە - ئۆزۈم شۇۋىرلايتتىم مەن.

ساددا ئانام بولسا كەشۋە پايپاقلىرىنى يېشىپ تۆمەن قىرغىقىدىكى يېشىل قىرغاقلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پۇتىنى سۇغا چىلاپ بەھۇزۇر راھەتلىنىۋاتاتتى.

چىڭقى چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا تىك ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئوتكۇر بىسلىق ئالتۇن نۇرى سۇ يۈزىدە جىمىرلايتتى.

بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقان كىچىك، شوخ دولقۇنلارنىڭ ئوماق باللىرىنىڭ

ئەكەلگىنىگە ئوخشاش پىل تىگىلاپ كېلىپ
قىرغاققا ئۆرۈلىشىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ
ئەندىلا ياشلىق دەۋرىمگە قەدەم قويغان ۋاق-
تىمدىكى ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلىرىمنى قوغلاپ
سۈنىڭ ئېقىشىغا ئەگىشىپ كەتتىم.

× × ×

دادام - ئانامھارۋا ئارقىلىق شەھەرگە يې-
رىم كۈندە يېتىپ كەلگىلى بولىدىغان بىر يې-
زىدا تۇراتتى.

مېنى ئانامنىڭ شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق تۇل
ئاچىسى باققان بولۇپ، مەن ئۇن بىر ياشقا
كىرگەن يىلى رەھمەتى سىل كېسىلى بىلەن قا-
زا قىلدى. بۇچاغدا مەن ئۆيىمىزنىڭ يېنىدى-
كى يېڭى قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيت-
تىم.

ھاممام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاكام خانا-
چامۋە مەن بىر ئۆيدە ياشىدۇق. ھازىر ئويلىسام ئا-
كام يەرئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش قاتارلىق
ھەركەتلەردىكى يېزا ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ، كې-
يىنچە ئوستورۇلۇپ شەھەرگە يوتكەلگەن ۋە
شەھەردىن ئۆيلەنگەن ئىكەن.

خاناچام تولىمۇ گۈزەل ئايال بولۇپ، شۇ
زامانىنىڭ ئۆزىدە قەشقەردە ئۆزىنى تۈزەش،
كېيىنىش جەھەتلەردە مەدەنىيەتلىك ئاياللار-
دىن سانىلاتتى. تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان
توم قارا چاچلىرىنى بىر كۈندە ئۈچ قېتىم تا-
راپ ئۆرەتتى. بەزى كۈنلىرى ئاكامنى يولغا
سېلىۋېتىپ مېنى مەكتەپكە چىقارماي تاماق ئې-
تىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ياسىنىپ - تارىنىپ تا-
لاغا چىقىپ كەتسە ئاكامنىڭ كېلىشىدىن سەللا
بال دۇر ئۆيدە پەيدا بولاتتى.
ئادەتتىكى كۈنلەردە مەكتەپتىن چىقىپلا خا-
ناچام يىغىپ قويغان كىرلەرنى يۇياتتىم. ئە-
مگە بۇيرىسا شۇنى قىلاتتىم. شۇنداق بولسى-
مۇ خاناچام مەندىن زادىلا رازى بولمايتتى.

ھەتتا "قورققان ئوغرى مۈش تەگلەپتۇ" دېگەن-
دەك مېنىڭ بەزى گەپلەرنى ئاكامغا ئېيتىپ قو-
يۇشۇمدىن ئەنسىرەپ ئالدىن-ئالا مېنى ئاكامغا
چېقىپ ئۆلگۈرەتتى. خاناچام سىزدىپ بەرگەن
سىزىقتا! خۇددى سېرىق چۈمۈلىدەك ئۇيان-بۇ-
يان بولماي ماڭىدىغان ئاكام ئىنىسىنىڭ ئال-
دى-كەينىنى سۈرۈشتە قىلماي تۇرۇپلا ماڭا كا-
يىشقا باشلايتتى.

— ساڭا شۇ سەرايى قىيامەت دورا ئىدى.
تاپانلىرىڭغا يانتاق سانچىلىپ جاڭگاللدا پا-
دا بېقىشنى، ئاچ قالغان پاشىلارغا يەم بو-
لۇپ ئۇلاغلارغا ئوت ئېلىشنى، بىلىگىڭگە سوۋەت
ئوتكۈزۈپ تېزەك تېرىشنى خۇدا ساڭا ئوخشاش
توڭ قاپاقلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتىگەن، شۇڭا
ساڭا شەھەر ياراشمايدۇ. خاناچاڭنىڭ سوزى-
دىن چىقماي نېمە دېسە شۇنى قىل! ئەگەر يە-
نە غورى گەدەنلىك قىلىدىغان بولساڭ ئىشىڭ
ئاسان!

بۇنداق تەھدىتلەر كۈندە بولسىمۇ كۈن ئا-
رىلاپ بولۇپ تۇراتتى. مەن ھەممە دەردىمنى
كوز يېشىدىنلا ئالاتتىم.

ئانام - دادىلار ھەپتىدە بىرەر قېتىم كې-
لىپ بىزنى يوقلاپ تۇراتتى. مەن ئاكامدىن
ئاڭلىغان-ئىشتكەنلىرىمنى ئۇلارغا زادىلا ئېيتالماي-
تىم. چۈنكى ئۇلار كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئې-
غىرراق ئاھانەتلەرگە قېلىشىم تۇرغانلاكەپ ئىدى.
ياز كۈنلىرىدىكى كانىكۇل ۋاقتىدىن پاي-
دىلىنىپ ئانام - دادامنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتىم-
دە، پەقەت قايتىپ كەلگىم كەلمەيتتى. كىندىك
قېنىم سىڭگەن يېزامنىڭ ساپ ھاۋاسى، راھەت-
لىنىپ يۇمۇلىنىپ ئوينىغان كۆپ - كوك قۇم-
لىرىم، چومۇلۇپ ئوينايدىغان ئېرىقلىرىم،
قوغلاپ ئوينايدىغان پاتمىچۇق - سال-
مىچۇقلىرىم، ئوتلۇق ئاتا - ئانا مېھرى بىلەن
قوشۇلۇپ ماڭا چەكسىز ھوزۇر بەخش ئېتەتتى.

تىنىمسىز شوخلۇقلىرىم بىلەن شەھەردىكى "مەن"گە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتىم.

بۇنداق كۈنلىرىم ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتەتتى.

بىچارە ئانام مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ:

بالام سۈتتە يۇغۇرغاندەك ئاقلىقىڭ، توغاچتەك قىزىل مەڭزىلىرىڭ، زىلۋا - نازۇكلۇقۇڭ بىلەن شەھەرگە لايىق بالا بولغان ئىدىڭ، شۇ ئايدەك يۈزۈڭگە سەھرا توپىسى قونۇپ كەتمىسۇن، دەيتتى - دە، كۆزى قىيمىغان ھالدا داداڭغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قوياتتى.

ماناشۇ تەرىقىدە ئاي - يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ بەشىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدىم. بۇ چاغدا مېنى ئاللىقاچان مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆيگە يىققان ئىدى. ئانچە-مۇنچە ئەلچىلەرمۇ كېلەتتى-يۇ، بىر كېلىپلا سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كېتەتتى.

مەن خوشنا - خولۇملىرىمىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا توپلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا ئۆز ئارا: « خانقىز تولا ئوبدان بالا بولغان ئىدى، خۇدايىم بەختىنى بەرسۇن » دېيىشە، بەزىلىرىنىڭ: «خۇدايىم تاجىخانىدەك كېلىنىدىن پانا بەرسۇن، شۇ ئاجىزنىڭ بەختىگە ئولتارمىسا بولاتتى» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالغىنىمدىلا ئەلچىلەرنىڭ خاناچام تەرىپىدىن قانداق جاۋاپلار بىلەن قايتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولاتتىم.

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ 1957- يىلىنىڭ باھارى كېلىپ قالدى.

بىر يەردىن ئەندىلا توت قۇلاق بولۇپ چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانام - دادام يېزىدىن رەسمى توي تەييارلىقى بىلەن كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە ئانام مېنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ:

— خۇدايىم بەختىڭنى ئوڭ قىلغان ئوخشايدۇ قىزىم، كۈيئوغۇل بولغۇچى تولىمۇ ئوبدان بالىدەك قىلىدۇ. شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆزى بېرىپتۇ، خۇدايىم ئەجرى - ئەزىم بەرسۇن، بىر ئانا، بىر بالا ئىكەن. ئەسلىدە ئانىسى تاجىخانىنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. تاجىخان سېنى بىر ئوتتۇز، بىر توققۇز قاپاپ بېرىپتۇ، كېيىن مەھەللە ھەقەمسايىلار بىلەن كۆرۈشكەن ئىكەن، ئۇلار پۈتۈنلەي باشقا گەپ قىپتۇ. تۇۋا - تۇۋا بىز شۇ كېلىنىمىزگە نىمە يامانلىق قىلغان بولغىدۇق؟

ئانام بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھېلىمۇ ياخشى ئىلدى بار، كادىر بالا ئىكەن، شۇڭا تاجەكنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەپتۇ، خۇدايىم ئىلمىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي.

ئانامنىڭ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆز قىزىنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن شاتلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

× × ×

توينى تۈگۈتۈپ ئۈچىنچى كۈنى ئانام - دادامۇ يېزىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەندىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى بولغاي، شەھەرگە بۇرۇنقىدەك كۆپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەكسىچە ھەپتىدە بىر قېتىم بىز ئۇلارنى يوقلاپ بارىدىغان بولدۇق.

ئانام ، دادام بۇ كۈيئوغۇلنى ئۆز ئوغلىدىنمۇ چارە كۆرەتتى. ئۇ كىشىمۇ يېزىغا بارسا بىر دەم بىكار تۇرماي ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشاتتى. كىرەكسىز دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ئوڭشايتتى. كېيىنچە ئانام - دادام كۈچ قۇۋۋىتىدىن قالغاچقا ۋە يېنىدا باشقا ئەمگەك

كۆچى بولمىغاچقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىمۇ شەھەرگە ئەكىلىۋالدۇق.

بىز ھەرقېتىم ئانام ـ دادامنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا خاناچام ئۇ كىشىنى ئارتۇقچە تەكەللۇپلار بىلەن قارشى ئالاتتى ۋە ئەڭ ياخشى، ئەڭ چىرايلىق سوزلەرنى قىلىشقا تىرىشاتتى. مەنمۇ بۇنىڭغا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمەيتتىم. چۈنكى خاناچامنىڭ مىجەزىدە ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەرگە ھەسسە ئاشۇرۇپ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن تويىدىن ئەۋۋەلقى، مېنى ئورۇنىز ئەيىبلىگىنىگە خىجىل بولىۋاتقاندۇر دەپمۇ ئويلايتتىم.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلىغى بىز ئادەتتىكىدەك ئانام، دادامنى يوقلاپ كەلدۇق. بىراق ئويدە ئۇلار يوق ئىكەن. خېلى ئۇزۇن ساقلىدۇق. مېنىڭ تاقىتىم تاق بولۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇردۇم. بۇمۇ نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. بىر ھازا شۇ تەرىقىدە تۇرغاندىن كېيىن ئويگە قايتىپ كىردىم. ھويلا ئىشىگىدىن كىرىپ ئەندىلا ئويگە يېقىنلاشقان ئىدىم، خاناچامنىڭ ئاغزى بېسىلماي سوزلەشلىرىدىن قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم.

ـ شۇنداق، شۇ ئىززەت ـ ئابرويلىرى بىلەن، شۇ كېلىشكەن قەددى ـ قامەتلىرى بىلەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ پەرىزاتتەك قىزىغا ئېغىز ئاچسىلىمۇ بېشى ئاسمانغا يېتىپ ئالدىلىرىغا ئىككى قوللاپ ئەكىلىپ بىرەتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا تەربىيە كورمەي چوڭ بولۇپ، ھەددىسىلا كوچىغا چىقىۋالغان بىر بەتقىلىققا ئىنەكنىڭ قېيىنى ئانىسىدەك بولغىچىمۇ بىرەر لايىق چىقمىغان ئىدى. شۇڭا مەن باشتىلا بۇنى سىڭلىگە لايىق كورمىگەن ئىدىم.

ـ ھەي... ئىرادە ـ تەقدىر ـ دە...

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خاناچام ئىغىر بىر تىنىۋالدى ـ دە، داۋاملاشتۇردى:

ـ ئوزەم بۇ ئويدە تۇرغىنىم بىلەن ئېسىم ـ يادىم سىڭلىمدە، ئەگەر مۇمكىن بولسا جېنىم بىلەن خىزمەتلىرىنى قىلىشقا تەييار ئىدىم...

پۈتۈن بەدىنىمنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى. چىشلىرىمنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىپ كاساداپ ئاۋاز چىقىرىشىدىن بەدىنىمنىڭ توختاۋسىز لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. ھويلا ئىچىنى بىردىنلا زۇلمەت قاپلاپ كەتكەندەك قاپ ـ قاراڭغۇ كورۇندى. ئاران ـ ئاران ئوزەمنى تۇتىۋېلىپ كەينىمگە يانماقچى بولىۋىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازى بوشقىنا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

ـ تاجىخان، ئۇ بىر ئاق كوڭۇل، ياخشى ئايال. ئۇنىڭ كوڭۇل قەلبىگە ھېچ قانداق كىر قونمىغان. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، شۇڭا ئۇنى ياخشى كورىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىدە ئېيتىلغان ھەر قانداق توھمەت مەن ئۇچۈن بەربىر قەغەزنىڭ شىرتتىدە يىرتىلغان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ تاماكو ئوراۋاتقانلىغىنى سەزدىم.

تاجىخاننىڭ ئېغىر ـ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى خۇددى يېنىمدا تىنىۋاتقاندەكلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ گېپىدىن كېيىن مەن ئوزەمنى خېلىلا يېنىك سەزدىم. كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۇزتۇمدە بولىۋاتقان ئوخشىمىغان ئىككى خىل پاراڭنى ئاڭلاپ تۇرغان ئادىل بىر گۇۋاچىسىنى ئىزدىگەندەك ھەدەپ ئەتراپىمغا قارايتتىم.

ـ ھازىر ـ دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ.

ـ خانقىزنىڭ ئاي ـ كۇنى يېقىنلىشىپ قالدى. پۈتۈن پىكرى ـ خىيالىم ئۇنىڭ ئامان ـ ئېسەن يەڭگىشىدە.

مەن ھامىلدار ئىكەنلىكىمنى ئەمدىلا بىلـ

گەندەك قوسۇغۇمنى ئاستاسىلاپ قويدۇم-دە، تا-
لاغا قاراپ ماڭدىم.

× × ×

بۇگۇن بالامنىڭ يورۇق دۇنياغا كوز ئاچ-
قانلىغىغا 5كۇن بولغان ئىدى. بۇ 5 كۇندىن
بۇيان يېنىمدىن بىرقەدەممۇنېرى بولمىغان ئا-
نام، چاي ۋاقتىدىن كېيىنلا گەپ - سوزسىز
چىقىپ كەتكەنچە تا كەچ كىرگىچە پەيدا بول-
مىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچ نەرسىنى چۇشەن-
مەستىن كوزىنى يۇمۇپ ياتىدىغان سەبى نەۋ-
رىسىنى جاھاندا بار چىرايلىق گەپلەر بىلەن
ئەكىلىتىپ خوشاللىغىدىن كىچىككىنە چىا سا-
قاللىرىنى تىترىتىپ كۇلۇپ ئولتۇرىدىغان دا-
دامۇ ئەتىگەندىن بۇيان ھېچ كورۇنمىدى. ئا-
كام ۋە خاناچاملارنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى.
كېچىدىن بالىنى كوتىرىپ يۇرۇپ چۇشۇمگە
كىرگەن يولدۇشۇممۇ بۇگۇن كەلمەي قويدى.

— ئانام - دادامنىڭ بۇ نىمە قىلغىنىدۇ؟
تېخىچە ئورنىدىن تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمى-
غان قىزىنى ئەتىگەندىن بىرى يالغۇز تاشلاپ
قويۇپ نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ دەيتتىم ئوزەمگە-ئو-
زەم.

ھېلىمۇ ياخشى تام خوشنىمىز ئايشەمخان ئا-
چام ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانىنىڭ سىر-
تىدا 10 ياشلىق كىچىك قىزىنى يېنىمدا ھەمرا
بولۇشقا قويۇپ قويدى.

نامازشام ۋاقتى بىلەن ئويگە بىرىنچى بو-
لۇپ كىرگەن كىشى خاناچام بولدى.

ئۇ ماڭا مەسخىرە ئارىلاش كۇلكە بىلەن پەر-
ۋاسىز بىرقاراپ قويغاندىن كېيىن دەرھال چىرا-
يىغا ياسىما مېھرىۋانلىق تۇسىنى بېرىپ يېنىم-
غا زوڭزايدى - دە، ئىچ ئاغرىتقان قىياپەت بىە-
لەن ئېيتتى.

— ھەي… بىچارە، ئەچەپمۇ بىتالەي ئىكەن-
سەن. خۇدايىم بۇ كۇنلەرنى ئىمان ئېيتقان
بەندىسىگە كورسەتمىسۇن…

ئۇ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويغاندىن كې-
يىن بىردىنلا دىققەت نەزىرىنى بالامغا ئاغدۇر-
دى - دە، چىرايى كوكىرىشكە باشلىدى. كوزلى-
رىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى، ئۇ ئاشۇ
غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، بىگىز
قولى بىلەن بالامنى كورسىتىپ تۇرۇپ ۋاقى-
راپ كەتتى.

— بۇ شۇمقۇشنىڭ ئايىغى ياراشمىدى .
تۇغۇلۇپ ئەندىلا 5 كۇن بولغاندا دادىسىز
يېتىم بولۇپ قېلىشى بۇنىڭ شۇم پېشانە ئى-
كەنلىگىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق بالىنىڭ
چوڭ بولغىنىدىن كورە ۋاقتى ئىسسىغىدا ئولگى-
نى مىڭ ياخشى.

مەن خاناچامنىڭ بۇ باش — ئايىغى يوق
گەپلىرىدىن گاڭگىراپلا قالدىم.

"دادىسىز، يېتىم، شۇم پېشانە، ئولگىنى ياخ-
شى…… " نىمە گەپلەر بۇ؟!

چاقماق تېزلىگىدە كېلىپ ئورۇلغان بۇ
گەپلەر بالامغا تەھدىت سېلىۋاتقاندەك ئۇنى
قولۇمغا ئېلىپ باغرىمغا چىڭ باستىم.

گەرچە باش - ئايىغى يوق بۇ قورقۇنۇچ-
لۇق گەپلەرنىڭ سەۋەۋىنى بىلىشكە تەقەززا
بولسامۇ " خاناچام " دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ
كويدۇرگىدىن سورىغۇم كەلمىدى. بالامنى باغ-
رىمغا تېخىمۇ چىڭ بېسىپ ئۇنىڭ يۇمران مەڭ-
زىلىرىگە توختىماي سويۇشلىرىم تاجەكنىڭ تې-
خىمۇ غەزىۋىنى كەلتۇرگەن بولسا كېرەك. چىڭ-
قىلىپ تۇرۇپ يەنە سوزلەشكە باشلىدى.

— ۋاي خۇدا نىمانچە قىلغۇلۇق؟ بۇ قارا
بالاغىمۇ تويىسەن تېخى ! ئېرىڭنىڭچا بۇگۇن ئە-
تىگەن ھېيتكار جامە يېنىدىكى چوڭ يولدا
بىر قوڭغاز پىكاپ بېسىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ۋاي … جان … نىمە دىدىڭىز؟! ئەسە-
بىلەرچە ۋاقىرىدىم مەن، بالام قىقىراپ يىغلاپ

كەتتى. بالامنىڭ يىغىسىدىكى ھەر بىر تىلىقىش
قۇلىغىمغا خۇددى دادا ••• دادا ••• دەۋاتقانـ
دەك ئاڭلىنىپ يۈرۈكۈم تىخمۇ ئېزىلەتتى. تېـ
خى بۈگۈن كېچىلا بالامنى دادىسىنىڭ قۇچىغىـ
دا چۇشمەيمەدىم؟ بىچارە بالام ••• دادىنىڭ
نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەي چوڭ بولىدىغان بولـ
دى ••••••

شۇ مىنۇتلاردا مىنىڭ بىردىن - بىر دەرتدىـ
شىم گۇدەك، يېتىم قىزىم ئىدى.

شۇ تەرىقىدە قانچە ئۇزۇن يىغلىغانلىغىمنى
بىلمەيمەن. كىملەرنىڭدۇ كوڭلۇمنى ياساپ تەـ
سەللى بېرىشلىرىمۇ مېنى يىغىمدىن توختۇتالمىـ
دى. شۇ ئارىدا بىرسى بالامنى قولۇمدىن ئالـ
غاندەك تۇيۇلدى - دە، ئىتتىك بېشىمنى كوتەرـ
دىم. ئالدىمدا يۇكۇنۇپ ئانام ئولتۇراتتى. ئايىـ
غىم تەرەپتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان دادامـ
نىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان كوز ياشلىرى غۇۋا
چىراق يورۇغىدا شەبنەم تامچىلىرىدەك پاقىرايتـ
تى. ئوي ئىچى خوشنىلار بىلەن لىق تولغان
بولۇپ، يېڭىۋاشتىن يىغا - زارە باشلىنىپ
كەتتى.

× × ×

مىنىڭ كىچىككىنە بالامنىڭ دادىسىز بولۇپ
قېلىشى خاناچام ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق
بېغىشلىدى.

خاناچام ئاكام بىلەن ئويلۇكبولغاندىن بىرـ
يان تۇغىمىغانلىغى ئۈچۈن بۇ ھەقتە كوپ سەـ
ۋەپ قىلاتتى. مەھەللىمىزدىكى "رازى قارىغۇ"
دەپ ئاتىلىدىغان پاختا كوز، چوقۇر ئايال ئۇـ
نىڭ دىلكەش كىشىسى بولۇپ، ياز ئايلىرىنى
خاناچام ئەنە شۇ رازى قارىغۇ بىلەن مازا - ماـ
شايىقلارغا چىقىپ پەرزەنت تىلەپ " قان قىـ
لىش " ، " نوكچا يېقىش " ، " بوشۇك ئانامغا
قول سېلىش " دىگەنلەر بىلەن ئوتكۇزەتتى.

يەڭ يېڭىلىنىپ باھار پۇرىغى كېلىشكەباشـ
لىدى.

بىر كۇنى خاناچام ھويلا پىشايۇنىغا چۇشـ
كەن سىرىق ئاپتاپتا سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئىشـ
شىك ئېچىلىپ ھويلىغا رازى قارىغۇ كىرىپ
كەلدى. مەن ئۇنى خاناچامنىڭ يېنىغا باشلاپ
قويۇپ ئويگە كىرىپ كەتتىم. ئۇلار بىر ھازاـ
غىچە ئەتىدىكى " ئوردا خېنىم " سەيلىسى ئۈسـ
تىدە توختالغاندىن كېيىن، رازى قارىغۇ ئاۋاـ
زىنى پەسەيتىپرەك سورىدى:

— تاجىخان، ئاڭلىسام ماۋۇ خانقىز دىگەنـ
گە خېلى ئىسلىك بىر يەردىن ئەلچى كەپتىـ
مىش، بۇ قانداق گەپ؟

خاناچام گېلىنى ياساپقىنە بىر يوتىلۇپقوـ
يۇپ جاۋاپ ئورنىدا ئېيتتى:

— قېيىنى ئانام دىگەن قېرى بۇ ئەلچى ئۇـ
چۇن دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئاسماندىكى
غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ
ناننى يىگىنىنى كورەي؟! خانقىزمىش تېخى ئۇـ
نىڭ ئەمدى قۇچىغىدىكى يېتىم ئوغلاق بىلەن
پوققا پاتقىنى پاتقان، كەينى - كەينىدىن تۇـ
غۇپ، بالىلىرىنى باقىدالى سېلىپ يۇزىگە قوـ
رۇق، چېچىغا ئاق كىرگۇزىۋەتمەيدىغان بولـ
سام، تاجىخان ئېتىمنى يوتكىۋېتىمەن !

ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى كەسكىن
ئاھاڭدا چۇشۇردى.

— پەملىرى بار جۇمۇ تاجىخان، پەملىرى ،
بار، دىدى رازى قارىغۇ خۇشامەت بىلەن: ھىـ
جىيىپ. شۇڭا تۇداخۇنمۇ: " تاجىخاننىڭ تاپىـ
نىغا كىرگەن تىكەن، مېنىڭ كوزۇمنىڭ قارىسىـ
غا كىرسۇن دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلىنىڭ ئالـ
دىلىرىدا نە ئانا - دادىسى، نە سىڭلىسى كوـ
زىگە كورۇنمەيدۇ ئەمەسما؟ سىلىدەك يامان خوـ
تۇننى ئومرۇمدە كورمىگەن ئىكەنمەن. ھى •••
ھى ••• ھى ••• ئىككەيلەن تەڭلا كولۇشۇپ كەتـ
تى.

خاناچام رازى قارىغۇبىلەن «ئوردا خېنىم» سەيلىسىنى تۈگۈتۈپ كەلگەنىنىڭ 2- كۈنى ئانام، دادام يېزىدىكى تۇغقانلا ئىچىدىكى بىر مۇسىبەت ئىشى بىلەن كېتىپ قالدى.

هاۋا ئالاھىدە ئىللىپ قالغان بولسىمۇ ئۆيدە بوۋاق بالا بولغىنى ئۈچۈن سەندەلنى ئالمىغان ئىدۇق.

كەچ پېشىن ۋاقتى بىلەن ئۆي سەل سوۋۇشقا باشلىدى. قارىسام سەندەلنىڭ ئوتى ئازلا قالغان ئىكەن. بالامنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ كومۇر ئۈچۈن ئوگزىگە چىقتىم. تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىپ بىر كۈرەك كومۇرنى ئېلىپ تۇرۇشىمغا ئۆي ئىچىدىن بالامنىڭ دەھشەت قىقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قولۇمدىكى كۈرەكنى تاشلىغان پېتى ئۆيگە ئۆزەمنى ئاتقىنىمدا بالامنىڭ كىچىككىنە ئاجىز گەۋدىسى سەندەل ئۇچىغى ئىچىدە تىپىرلاۋاتاتتى.

— ئاھ جېنىم بالام، يۈرۈگۈم بالام، كوز نۇرۇم بالام، خوشلۇغۇم بالام ...

دەل شۇ پەيتتە ئىچكىرى ئۆيدىن ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىزدەك چىقىپ كەلگەن خاناچام، مېنىڭ يىغا - زارەمنى ئاڭلاپ كىرگەن خوشنىلارغا :

— بالىسى ئومىلەپ كېلىپ سەندەل ئۇچىغىغا كىرىپ قاپتۇ - دەپ چۈشەندۈردى. بىراق ئەمدىلا تورت ئايلىق بولغان بالىنى ئومىلەپ كېلىپ سەندەل ئوچىغىغا چۈشۈپ قاپتۇ دىگەنگە كىممۇ ئىشەنسۇن؟!

بالامنىڭ سول پۇتىنىڭ كويۇپ قاپىرىپ چىققان يۇمران تېرىسى، ئاغرىق ئازاۋىدىن تىنماي تىپىرلىشى نەتىجىسىدە سويۇلۇپ ئۇششاق بارماقلىرىنىڭ ئۇستىگىچە يىغىلىپ قالغان ئىدى. مارجاندەك ئۇششاق بارماقلىرى بولسا ھازىرلا توكۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئېقىپ - ئېقىپ تۇراتتى.

يىغا ئازاۋىدىن بوغۇلۇپ ھالىدىن كەتكەن گۇناسىز نارسىدىنى دوختۇرخانىغا قانداق ئېلىپ چىققانلىغىمنى ھېلىمۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن.

بالامنى كىزىدە بىر قېتىم تېڭىققا ئېلىپ چىقاتتىم. دوختۇرخانىغا چىقاشىم ۋە كىرەشىمدە تومەن كوۋرۇگنى بېسىپ ئوتەتتىم. مەن ھەر قېتىم قايتىشىمدا تومەن ياقىلاپ ئازراقلا مېڭىپ ئوزەمگە تونۇش بولغان كوك قىيا تاش ئوستىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن ئولتۇراتتىم. بالامغا قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن بوغۇلۇپ يىغلايتتىم.

بالام بەزى چاغلاردا ئېڭىشىپ تۇرۇپ سۇغا قاراپ تەلپۈنەتتى - دە "ۋىسىلىققىدە" كۈلۈپ قوياتتى. بالامنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. مەن يول بويى بالامنى ئۇنىڭغا چۈشۈنۈكسىز بولغان گەپلەر بىلەن ئەكىلىپ قايتىپ كىرەتتىم.

بالام ساقىيىپ قالدى. بىراق بەكرەك كويگەن ئىككى ئۇششاق بارمىغى توكۇلۇپ چۈشۈپ كەتتى. دوختۇرلار بۇنىڭ يول مېڭىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ كوڭلۇمنى تىچلاندۇردى.

شۇ ئىشتىن كېيىن بىز ئانچە ئۇزۇن ئوتمەي "كونا دەرۋازا" دىگەن يەردىن بىر ئۆي تېپىپ كوچۇپ كەتتۇق.

ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر يىل قىز - چوكانلار كۇرسىدا ئوقۇپ ئۇرۇمچى پوچتا - تېلېگىراف ئىدارىسىغا ئىمتىھان بەردىم.

مەن ماشىنىغا چىققاندا ئانام - دادام ئەنىدىلا بىر يېرىم ياشقا كىرگەن ئومىاق قىزىمنى كوتىرىپ ئۇزۇتۇپ قېلىشقان ئىدى.

پۇتۇن يول بويى بىپايان سايلارنى كەزگەچە، ئاغسىبۇلاق تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئوتكە-

(ئاخىرى 27-بەتتە)

# ئىجتىمائىلىق تۆھپىكار

## — ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى توغرىسىدا

ۋاھىتجان غوپۇر



ئوتتۇرا ياشلىق دەۋر — ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىن باشلاپ ئىلىم - پەن ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن تىرىشچان، ئىجتىمائىلىق ئىستېداتى ئىگىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ۋەتەن، خەلققە ئارقا-ئارقىدىن بائىدەكشىرىن ئىجات مېۋىسى سوۋغا قىلىدىغان ئالتۇن مەزگىلىدۇر. بۇ دەۋر خۇددى مۇنبەت ئانا يەردىن ئوزۇقلۇق ۋە قۇۋۋەت ئېلىپ، يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن تېخىمۇ تىرەن يىلتىز تارتىپ، تېخىمۇ بوك-باراقسان كوكەرگەن بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ نېمىتىدىن لەززەتلەنگۈمىز، ئۇنىڭ كوركەملىكىدىن زوقلانغۇمىز كېلىپ تۇرىدۇ···

پارتىيە، خەلقنىڭ تەربىيىسى، ئۆزىنىڭ تەر ئاققۇزۇشى ۋە جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىلىق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنغان بىر مۇنچە يېرىك ئەسەرلىرى بىلەن ئەپكار ئاممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىلىق ئوتتۇرا ياش يازغۇچى ئابلىمىت ھاجىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى يۇقۇرقىدەك ئوخشۇتۇش ئارقىلىق تەرىپلىسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى1937 - يىلى 10-ئايدا ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئوكئېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دونياغا كەلگەن. 1946- يىلىدىن 1951- يىلىغىچە ئوكئېرىق باشلانغۇچ مەكتىۋىدە، 1951 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. دارىلمۇئەللىمىننى ئەلا دەرىجىدە توگەتكەن ئابلىمىت ھاجى شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىملىنىپ تاكى1981 - يىلىغا قەدەر ئەشۇ ئورۇندا تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان ھەمدە تىل .. ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا بەلگىلىك تەجرىبە ۋە ماھارەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن لېكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1981 - يىلىدىن كېيىن بولسا قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە ئالمىشىپ، تا ھازىرغا قەدەر شۇ خىزمەتنى بېجىرىپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيە-

تى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى .

ئابلىمىت ھاجى ئۇسمۇرلۇك دەۋرلىرىدىن باشلاپلا بەدىئىي ئەدەبىياتقا قىزىققان . چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغىنى ئۈچۈن ئوغلى ئابلىمىتنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بولگەن . ئۇنىڭغا ناۋايى ، فۇزۇلى ، مەشرەپ ... قاتارلىق مەشھۇر سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئوقۇپ بېرىپ ، ئۇسمۇر ئوغلىنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئەدەبىياتقا بولغان سەممىي قىزىقىشىنى ۋە مۇھەببەتنى ئويغاتقان ئىدى .

ئائىلە تەربىيىسى مەزگىلىدىكى بۇ خىل قىزغىنلىق ئابلىمىت ھاجى مەكتەپ‌قويىنىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن گويا كۆزى ئېچىۋېتىلگەن زۇمرەت بۇلاقتەك كەينى - كەينىدىن ئۇرغۇپ ئېقىشقا باشلىدى . ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىندە بىلىم ئېلىش جەريانىدا خەلق فولكلورىنى ئۆگىنىشكە ئىجتىھات بىلەن بېرىلدى . قوشاق ، چۆچەك ، تېپىشماق ، ماقال - تەمسىللەرنى توپلاپ ۋە ئۆگىنىپ ، يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تەربىيە ۋە ئورنەك ئالدى ھەم ئۆزىمۇ ئەشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەت سەھنىسىگە كىرىپ كەلدى .

ئابلىمىت ھاجىنىڭ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ، بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ رۇناق تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى . چۈنكى ، بۇ مەزگىلدە مەملىكىتىمىز يېڭىدىن ئازات بولغان بولۇپ ، يەر ئىسلاھاتى ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ... قاتارلىق قاينام - تاشقىنلىق ئىجتىمائىي ھەركەتلەر پۈتۈن ئېلىمىز مىقياسىدا داغدۇغىلىق قانات يايماقتا ئىدى . جۈملىدىن دارىلمۇئەللىمىندە ئوتتۇلگەن دەرسلىك مەزمۇنى پۈتۈنلەي يېڭى بولۇپ ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى ئىلغار ئىنقىلاۋى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرۇلاتتى ، بۇ ھال بولغۇسى يازغۇچىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن ئۈنۈملۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . يېڭى دەۋر بەخش ئەتكەن ئەنە شۇ ياخشى ئىمكانىيەتتىن پايدىلانغان ئابلىمىت ھاجى قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجات ئېتىشكە كىرىشتى . ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى پوئېزىيە بىلەن باشلانغان بولۇپ ، دەسلەپكى شېئىرى 1953 - يىلى « قەشقەر گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان ئىدى .

دارىلمۇئەللىمىندە ئوتكەن تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقى پائالىيىتى داۋامىدا ئۇ ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەنلا قالماي ، بەلكى پوئېزىيە ژانىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن پەيدىن - پەي پىروزا ژانىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى . ئۇ ، گاھىدا ئۆزىنىڭ مول ھېسسىيات بىلەن تولۇپ - تاشقان ئويناق لىرىك شېئىرلىرى ئارقىلىق يۈكسىلىۋاتقان دەۋرگە ياڭراق مەدھىيە ياڭراتسا ، گاھىدا قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ، رۇشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە كىنو سىنارىيىسى، ھېكايىلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدىكى يېڭى ئادەم - يېڭى ئىشلارنى جانلىق ، ئوبرازلىق ، ئىخچام ئەكس ئەتتۈردى ، 1953 - يىلدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، 100 كۇپلېتتىن ئارتۇق رۇبائىي ، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ، ئىككى دراما ، « قان » ناملىق كىنو سىنارىيىسى ، ئۈچ پارچە داستان ، بىر پوۋېست ، بەش پارچە ئوبزور يازدى .

ئۇ، ياۋۇز " 4 كىشىلىك گۇرۇھ " قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان ئاپەتلىك يىللاردا مىڭلىغان، ئۇنمىڭلىغان ئىلغار پىكىرلىك ئىلىم - پەن خادىملىرى قاتارىدا چىدىغۇسىز ھاقارەت ۋە ئازاپلاشلارغا ئۇچرىدى. ئەشۇ قاباھەتلىك يىللاردا ئۇنىڭ «ئانا يۇرتۇم» ناملىق داستانى، «چۆل ناخشىسى»، «مۇبارەك قەدەم»، «چىن مۇھەببەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى، 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئاتالمىش " ئىسيانچىلار " تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلدى...

" 4 ئاپەت " گۇمران قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ كوكلەم باھارى يازغۇچى ئابلىمىت ھاجىغا قايتا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە دولقۇنلاپ تۇرغان ھاياجانلىق ھېسسى بىلەن قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، مول مەزمۇنغا ۋە باي ئىستېتىك قۇۋۋەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجات قىلدى، يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈردى.

يازغۇچى ئابلىمىت ھاجىنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئاتا ئىزىدىن» ناملىق پوۋېستى ۋە باشقا گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان «قەمبەرنىسا»، «يېتىم» قاتارلىق داستانلىرى، «تۇتىيا»، «ساداقەت»، «گۈلباغ قىزى» قاتارلىق ھېكايىلىرى مانا مۇشۇ مەزگىلنىڭ سەمەرىسىدۇر، بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ «چېلىش تەنتەنىسى» (شائىر ھوشۇر ئىبراھىم بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن) ناملىق شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىندى. «خەت - چەكلەر ساۋادى» ناملىق ئىلمىي - نەزەرىيىۋى كىتاۋى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلدى. «تۇتىيا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتىدا بېسىلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ يەنە «قەمبەرنىسا» ناملىق داستانلار ۋە شېئىرلار توپلىمى ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

ئابلىمىت ھاجىنىڭ «گۈلباغ قىزى» ناملىق ھېكايىسى 1979 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا، «ساداقەت» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «مەكتەپ تەسىراتلىرى»، «ئىلىم - پەن باھارىغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرلىرى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ «قىزىلبايراقدار ماقالىلار» مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى.

ئابلىمىت ھاجى پوئېزىيە ۋە پىروزا ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قېنىق دەۋر روھىغا، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، رۇشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي، قىزىقارلىق ۋە خىلمۇ - خىلدۇر. ئۇ تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلمىغان كىچىك ئىشلار ئىچىدىن ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنى لىرىك ھېسسىيات، خاس خاراكتېر ۋە ئىندىۋىدۇئال تىل ئامىللىرى ئارقىلىق تىپىك ئوبرازلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئومۇمىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر. مەسىلەن: يازغۇچى ئۆزىنىڭ «تۇتىيا» ناملىق ھېكايىسىدا (ھېكايە خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان) كونا جەمئىيەتتە ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بىر مۇھاجىرنىڭ يېڭى دەۋردە گۈللەپ - ياشناۋاتقان ئانا يۇرتىغا زىيارەتكە كېلىپ، يۈكسەك ئۆزگىرىشلەردىن خۇشاللانغانلىقىنى ئەھمىيەتلىك ۋەقە ۋە چوڭقۇر لىرىك مۇلاھىزىسى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەپ، مۇھاجىرنىڭ تىلىدىن " تۇغۇلغان ۋەتەننىڭ توپىسى كوزنى رۇشەنلەشتۈرگۈچى تۇتىيا " دېگەن بەدىئىي خۇلاسىنى يورۇتۇپ بېرەلىگەن بولسا،

« مەكتەپ تەسىراتلىرى » ناملىق سىكىلدە " 4 ئاپەت " يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ئىلىم - پەن باھارىنىڭ گۈزەل ، بەدىئى پورترېتىنى، مەكتەپلەردىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق قېنىق سىزىپ بەرگەن . « تۇرمۇش ئۈچۈن ... » ھېكايىسىدا ئاددى بىر ھۈنەرۋەن يىگىتنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە تەلپۈنۈش قىزغىنلىقىنى تەسىرلىك بايان قىلغان ، يېڭى دەۋردىكى ئالىي مەكتەپلەردە كۆپرەك ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ، جەمئيەتتە ئۆزىنىڭ ھالال ھۈنىرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ياشلارنىڭمۇ ئىلىم - مەرىپەت ئىزلەش يولىدا ھارماي تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، پۈتۈن خەلق ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىشنى تىپىكلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن . ئابلىمىت ھاجىنىڭ « ئىلىم - پەن باھارىغا مەدھىيە »، « قەشقەر قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى ، « ساداقەت » ، « ساۋاقداش » قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ يۇقۇرىدا مىسال قىلىنغاندەك ئىجتىمائى تۇرمۇشنى كۆپ تەرەپلىمە ، ھېسسىياتلىق ئېچىپ بەرگەن ، ناچار خاھىشلارنى كەسكىن ئەيىبلىگەن ياخشى ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر .

ئابلىمىت ھاجى ئۆزىنىڭ يۇقۇرقىدەك تىرىشچانلىقلىرى بىلەن شەكلى مىللى ، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھازىرمۇ يەنە تىرىشىپ تەر ئاققۇزماقتا ، ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىغا خاس تونۇش ۋە شىجائەت بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتەن ، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئاقلاش يولىدا مۇناسىپ تۆھپە ياراتماقتا .

بىز يولداش ئابلىمىت ھاجىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە روناقلىق تىلەيمىز ، ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى ، تېخىمۇ مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ گۈللىنىۋاتقان ۋەتەنىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ، خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز .

(بېشى 23 - بەتتە)

چە ماڭا ھەمرا بولۇپ ماڭغان : "ئاپا... پاپا... مەمە... مەممە..." — دىگەن بىچارىلارچە ئىلتىجا قۇلىغىم تۈۋىدە جاراڭلاپ مېنى ھەقىقى ئانا بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى.

× × ×

ئاسماندىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشكەن بېلىق ئالغۇچىنىڭ سۇ يۈزىدىكى شەپىسى مېنى مۇشۇ يەردە توختاتتى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ يېنىمدا تۇرغان ئانامغا ئېيتتىم:

— ئانا، مېنىڭ رىسقى - نېسىۋەمنى خۇدايىم ھالال ئەمگىكىمدىن ئېيتقان ئىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققان بىر يىلدىن بۇيان يىققان پۇلۇمنى ساڭا بېرەي ، سەن ئۇنى ئاكامغا بەرگىن، بۇ پۇلمۇ تايىنلىق گەپ، قالغىنىنى ئۆزى بىر ئامال قىلىپ، خاناچامنى ئىچكىرىدىكى دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كۆرسۇن. سەۋەپىنىڭ ئالدى ، ساقىيىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس...

ئانام مېنىڭ مۆرەمگە خۇددى كىچىك بالىدەك ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ۋاھالەنكى بۇ ئانامنىڭ رازىمەنلىك يىغىسى ئىدى. خۇدايىم ساڭا رەخمەت قىلسۇن بالام، بىرىنىڭ ئورنىغا مىڭنى بەرە، شۇ بىچارە ئاكاڭغا تولىمۇ ئۇۋال بولغان ئىدى. ئانام ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— "ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى."

1983 - يىل، مارت

# شەپقەت

( ھىكايە )

ئابلىمىت ھاجى

« كىمكى بىر كۆڭلى سۇنۇقنىڭ كۆڭلىنى شات ئەيلىگەي،
ئانچە بار كىم، كەئبە ۋەيران بولسا ئاباد ئەيلىگەي.
— ناۋايى.

1

ھويلىدا شىپىلدىغان ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ھايال ئۆتمەيلا ئۆيگە بىر بالا كىرىپ كەلدى - دە، مېنى كۆرۈپ تېنەپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش كۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرتۈپ، چەكچەيگىنىچە بىر دەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، بىر نەرسىدىن خىجىل بولغان كىشىدەك قۇلىقىنىڭ كەينىنى تاتىلاپ قويدى. ئۇ كۆپ بولسا ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلاردا بار ئىدى. بويى تۇرقى يېتىلىۋىمۇ ئەمەس، دوغىلاقمۇ ئەمەس، ياش قۇرامىغا يارىشا يارىشىملىق غۇنچە بويى ئىدى، يۈزى يۇمىلاق، قېشى قارا بولۇپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدا نۇرلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى ئوماقىنا ئويناپ تۇراتتى، قارىغاندا ئۇ، تەبىئەت سېخىيلىق قىلىپ، ئۆز گۈزەللىكىدىن بىر ئۈلۈش ئاتا قىلىشۋەتكەن چىرايلىق بالا ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەسىلىگىم كىلىپ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە: " ئەجەپمۇ چىرايلىق، ئەجەپمۇ ئوماق بالا ئىكەن، چوڭ بولسا قانچىلىك كۆركەم يىگىت بولار ؟!» - دېگەن بىر تۇيغۇ كېزىپ يۈرەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۈستى - ۋېشى - ئەشۇ چىرايلىق ھۆسنى - جامالىغا پەقەتلا ماسلاشمىغان ئىدى. بېشىغا چېكىلىگى قاتلىشىپ مايماق بولۇپ كەتكەن، ئۈستى بىر نەچچە جايىدىن يىرتىلىپ بېشى كۆرۈنۈپ ئالغان، مايلىشىپ، كىرلىشىپ كەتكىنى ئۈچۈن رەختىنىڭ رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر شەپكە كىيىۋالغان ئىدى. ئۇمۇ تېخى بېشىغا يوغان كەلگەنلىكتىن، قۇلىقىنىڭ تۈۋىگىچە چۈمكۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۈچىسىغا كىيىۋالغان نىمكەش مايكىسى شۇنچىلىك كالتە ئىدىكى، كىندىكىنى ياپالمىغىنىمۇ تاسلا قالغان ئىدى. ئىشتىنى ھەم ئۇزۇن، ھەم كەڭ بولۇپ، پوشقىقىنى بىر نەچچە قاتلاپ تۈرۈۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا يەر سىپاپ تۇراتتى. يالاڭياق پۇتلىرى تۇپا - چاڭدىن قارىداپ، زاغرا ناندەك يېرىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھال مېنى: " قىسمەت - ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلىپ، بەخت غەزىنىسىنىڭ ئىشىگىنى مەھكەم تاقىۋاپتۇ - دە ؟!... ئەجەپ جەرىدە، ئەجەپ كەمبەغەل - ھە ؟! ھازىرغۇ، ئاشۇ

چىرايلىق ھوسنى ۋە ئۇماق تۇرقى كىيىم - كېچەكلىرىدىكى بۇ نوقسانلارنى يېپىپ تۇرۇپتۇ. يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكىنىدە، مۇبادا يەنە مۇشۇنداق جەرىدە بولۇپ قالسا قانداق بولار؟» - دېگەن بىر پىكىر ئىچىمگە بەنت قىلماقتا ئىدى...

بالا تۇرغان ئورنىدا تېخىچە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن: " بۇ بالا تىلەمچى بولسا كېرەك ... بىچارە بالا شۇ يېشىدا بۇ كوچىغا كىرىپ قالغان بولسا، ئۆمرىنى قانداق مۇرادىغا يەتكۈزەر!؟... ھەي!... ئۇنىڭغا ئۇۋال بولۇپتۇ، ئاتا - ئانىسى ياكى بىرەر يولەنچۈكى يوقمىدۇ !! " - دەپ ئويلايتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن: " ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، جەرىدە كىيىم كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىلەمچى بولامدۇ ؟ ھازىرمۇ دۇنيادا جەرىدە كىيىملىكلەر ئازمۇ !؟ بىرەر ئىش بىلەن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن ...» دەيتتىم.

بالا ھامان تۇرغان ئورنىدا باللارغا خاس ئوماقلىق، ساددىلىق، قىزىقسىنىش، تەلپۈنۈش بىلەن ماڭا تىكىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شۇچاغدا مەن ئۇنىڭغا قولۇم بىلەن سۇپىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— قېنى، ئوغۇل، سۇپىغا ئولتۇرۇڭ ! - دېدىم .

بالا تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپ، مەن ئىشارەت قىلغان ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن بۇ خۇشچىراي، جەرىدە كىيىملىك بالىدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ دەرىزە ئالدىغا كەلدىم - دە، تاشقىرىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ئاستا سىزىقۋاتقان يېنىك شامال ھويلىدىكى گۈللەرنى يەلپۈپ، ئەتراپقا يېقىملىق خۇشپۇراق چاچاتتى. مانا بۇ پۇراقلارنىڭ ئىچىدە بىر خىل پۇراق، ھەممىدىن يېقىملىق ۋە خۇشبۇي بولۇپ، كەڭ ئىچىۋىتىلگەن دېرىزىدىن ئۆيگە كىرىپ، كۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. بەلكى، بۇ نىمىنىڭ پۇرىقىدۇ، دەپ سورارسىلەر !؟ بۇ رەيھان گۈلىنىڭ پۇرىقى ئىدى، مەن: "رەيھان گۈلىنىڭ پۇرىقى نىمە دېگەن ئېسىل - ھە"، « گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ ، يارىم يۈرگەن كوچىلار ... » دېگەن ناخشا بىكاردىن - بىكارغىلا چىقمىغان ئىكەن - دە؟!» - دېگەن خىيالغا بېرىلىپ قېلىپ، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن... بىر چاغدا بۇرۇلۇپ قارىسام، بالا يەنىلا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىز بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟

بالا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، تەلمۈرەتتى، ئەمما زادىلا زۇۋان سۈرمەيتتى.

شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن يەنە سورىدىم:

— سىزنىڭ بۇ ئويدە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

بالىنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى - كۈلۈمسىرىگەن ئىدى. مەن: " تۇۋا، بۇ قانداق ئىش، ئۇ گاس ئوخشىمامدۇ !؟» - دەپ ئويلىدۇم - دە، ئاۋازىمنى قاتتىقراق چىقىرىپ سورىدىم:

— ياخشى ئوغۇل، بۇ ئويدىكىلەر ئىشقا چىقىپ كەتتى، بىرەر ئىش بىلەن كىرگەن بولسىڭىز ماڭا ئېيتىڭ!

بالا شۇ چاغدا ئاغزىدىن مەناسىز، غەلىتە بىر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ، قوللىرىدا ئىشارەت بىلەن بىر ئىشنى ئىپادىلەپ، ماڭا بىرنىمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. ئۇ نىمە دەۋاتىدۇ، بىر نەرسىنى سوراۋاتامدۇ، ياكى بىرەر مەسىلىنى چۈشەندۈرمەكچىمۇ؟ مەن ھەر قانچە زەڭ سېلىپ باقساممۇ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئاۋاز ۋە ھەرىكىتىدىن ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمايتتىم. بىلىپ يەتتىمكى، ئۇ گاچا ئىكەن. ھەي !... ئۇنىڭغا

قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كەتتى. يۈرۈكۈمگە ئاچ-
چىق لازا سېپىپ قويغاندەك ئېچىشىشقا باشلىدى.
ۋۇجۇدۇم ھەسرەت تۈسىغا مىلىنىپ، غەم تىر-
نىغىدا تىلىنىپ، قەلبىمدە ئۇنىڭغا بولغان ھېس-
داشلىق ھەۋىسى قوزغالدى. بالا بولسا پەرۋا-
سىزلىق بىلەن يەنىلا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگى-
نىچە ئاللا بىر نېمىلەرنى دەپ ئاۋاز چىقىرىپ،
ئىشارەت قىلىپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى - دە،
چايخانىدىن ئەپكەش - چىلەكلەرنى ئېلىپ
تاشقىرىغا قاراپ يۈزلەندى. ئۇ تېخى دەرۋازى-
دىن چىقمىغان ئىدى، سىڭلىم مېھرىۋان دەرۋا-
زا ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلار بوسوغىدا دوقۇرۇشتى.
ئاڭغىچە مەنمۇ ھويلىغا چىقتىم. بالا سىڭلىمغا
قاراپ، مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئىشارەت
بىلەن بىر نېمىلەرنى دېدى. سىڭلىم بالىغا قا-
راپ ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ قوسىغىنى تۇ-
تۇپ، كېيىن ئىككى قولىنى قوسىغىدىن تارتىۋېلىپ-
توز قانىتىنى ئېچىپ ياپقاندەك ئېچىپ - يې -
پىپ بىر نەرسىلەرنى ئىشارەت قىلىۋىدى، بالا
خوشال بولۇپ ماڭا قاراپ باش بارمىقىنى چى-
قىرىپ "ياخشى" دېگەنگە ئىشارەت قىلدى.
ئاندىن ئالدىمغىراق كېلىپ ھۆرمەت بىلەن بىر-
نى تازىم قىلىپ قويۇپ دەرۋازىدىن چىقىپ
كەتتى. سىڭلىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زوقمەنلىك
بىلەن قاراپ قالدى. كېيىن بۇرۇلۇپ ماڭا
قاراپ كۈلۈپ كەتتى، مەن سىڭلىمدىن
سورىدىم:

— ئۇ، نېمە دەيدۇ؟

— ئۇ، سىزنى - نېمەك بولىدۇ، دەۋاتىدۇ.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— ئاكام بولىدۇ، دېدىم.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئىشارەت ئارقىلىق بىما-
لال سۆزلىشەلەيدىكەنسىز - دە؟!

— شۇنداق، يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سىزمۇ سۆزلىشەلەي-
دىغان بولىسىز.

— دېمەك، يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن، مەنمۇ گاچا بولىدىكەنمەن - دە!؟

— توغرا، سىزمۇ گاچا بولىسىز...

سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە
قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇ كۈلكە خوشاللىق-
تىنمۇ ياكى ئېچىنىشتىنمۇ، چاقچاقتىنمۇ ياكى
ھەيرانلىقتىنمۇ، زادى نېمىدىن ئۆزۈممۇ بىل-
مەيمەن؟! سىڭلىممۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بول-
سا كېرەك...

بىز ئۆيگە كىردۇق. مەن بىر تال تاماكا ئې-
رىدىم ۋە تۈتەشتۈرۈۋېلىپ ساپاغا كېلىپ ئول-
تۇردۇم. سىڭلىم ماڭا چايدانىدىن بىر پىيالە
چاي قۇيۇپ قويغاندىن كېيىن دېدى:

— ئاكا، تۈنۈگۈن كەچتە كەلدىڭىز، ئاخ-
شام خېلى بىر چاققىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ
قالدۇق، ۋاقىتچە ياتتىڭىز، قانغىدەك ئۇخلاپ
ئارام ئالالمىدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە "يول ئا-
زاۋى - گور ئازاۋى" دەپ بىر نەچچە كۈن-
دىن بېرى يول يۈرۈپ تالچىقىپ قالغانسىز،
ھەقىچان چۈشتىن كېيىن ئاكىسى كەپتۇ دەپ خو-
لۇم - خوشنا، دوست - بۇرادەر، تونۇش - بى-
لىش ۋە خىزمەتداشلار پەيتىگە كىرىدىشەر. ئۇ
چاغدا يەنە ئارام ئالالماي قالارسىز، بېشىڭىز-
غا ياستۇق قويۇپ بېرەي، بىر پەس ئۇخلىۋې-
لىڭ، مەن تاماق ئېتەي، ھە، راس كۆڭلىڭىز
نېمە تاماقنى تارتىدىكىن؟ ئۆزىڭىز بۇيرۇڭ!

راستىنى ئېيتقاندا، كۆڭلۈم تېخىچە ئەنسۇ
بالىدا ئىدى. شۇڭا قىسقىلا قىلىپ مۇنداق
دېدىم:

— ماقۇل، ئۇخلىسام ئۇخلىۋالاي... تاماق-
نى ئۆزىڭىز بىلىپ ئېتىڭ، مىجەزىم سىزگە
مەلۇملۇققۇ؟! ھە، سىڭلىم، سىزدىن بىر
نەرسىنى سوراۋالاي: ئۇ بالىنىڭ ئاتا - ئا-
نىسى يوقمۇ؟

— يوق ، - دىدى سىڭلىم ئېچىنغان ئاھاڭدا ، - ئۇ بىر يېتىم بالا ... " دەرت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دىگەندەك ، كوردىڭىزغۇ ، يەنە كىلىپ ئۇ گاچا ...

— ۋاي بىچارە بالىيەي،-دىدىمەن،بىرىنچىدىن دۇنيادا يالغۇز ، ئېرەكسىز بىر يېتىم، ئىككىنچىدىن گاچا ...بۇ بىر بەختسىزلىك ..دە؟!

—شۇنداق ئاكا ، بۇ ھەقىقەتەن بىر بەختسىزلىك ...

— بەختسىزلىك بولامدىغان ، ئەلۋەتتە بەختسىزلىك ... ھە ، سىڭلىم قېنى ئېيتىڭا ، ئۇ نىمە ئىش قىلىپ ، ئانداق كۈن كۆچۈرىدۇ ؟

ئۇ مۇشۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سۈيىنى توشۇپ ، ئوتۇنىنى يېرىپ ، قىسقىسى ، يىراق يېقىن ، ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئۆيدىن بىر قاچا تاماق يىسە ، بۇ ئۆيدىن بىر نان بىلەن چاي ئىچىدۇ . قىشتا، يازدا بالىلىرىمىزنىڭ ئانچە-مۇنچە ئاشقان - تاشقان كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن چۆمكەپ قويىمىز ....

— ئۇ قەيەردە يېتىپ - قوپىدۇ ؟

— بازارنىڭ دوقمۇشىدا بىر تومۇرچىلىك كارخانىسى بار . شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە يېتىپ قوپىدۇ .

— ئېيتىڭا ، قانداقلا بولمىسۇن ، يېپىنچا سېلىنچىلىرى،يوتقان - كورپىلىرى باردۇ؟

سىڭلىم بىر پەس جىم بولۇپ قېلىپ :

— ئاكا ، راستىنى ئېيتسام ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىدىم ، بارمىغۇ - يوقمۇ بىلمەيمەن،دىدى

مەن تاماكىنى بىر شورىۋالغاندىن كېيىن سىڭلىمغا :

— ئاقىل ئەمىسە ، سىز چىقىپ تامىغىڭىزنى ئېتىڭ ! - دىدىم .

سىڭلىم ماڭا ئارام ئالىدىغان ئورۇن راسلاپ بېرىپ ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . مەن ئۇخلاش ئۈچۈن تەكىيىگە باش قويغان بولساممۇ ، ئۇيقۇ كارۋانلىرى كۆزۈمدىن ناھايىتى يىراقتا ئىدى . شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇزۇن ئالغۇنى پەس ئاۋازدا قويدۇم . ئۇنىڭدىن كىلىۋاتقان يېقىملىق ناخشا ئاۋازى شۇنچە نەپىس ، شۇنچە مەزمۇنلۇق ئىدى :

ئۆمۈر گوياكى ئاتقان ئوق - ئۈزۈپ بىر يەردە توختايدۇ ،
ئۆمۈر گوياكى ئاققان سۇ - تىنىپ بىر يەردە تۇرمايدۇ .
ئەگەر سەن دائىما نەپسىڭ كويىدا چوت سوقار بولساڭ ،
بۇ يەڭلىغ قىلمىشىڭ ھەر چاغ - سېنى ، ئەل يۇرتنى بۇلغايدۇ .

مۇزىكا ئۇزگۈرۈش ياساپ ، تېخىمۇ يېقىملىق بىر ئاۋاز ئەتراپقا مۇنداق سوز ئۇنچىلىرىنى بەخش ئەتتى :

بى ئەجرى دۇرغا دۆچ كەلسەڭ - ئۇنى ئالماقنى تەرك ئەيلە ،
ھېبىپ بابىدا سولتان بول ، يامان - ياخشىنى پەرق ئەيلە .
ئەمەس تەكشى - كىشى دۇنيا ، سەۋەپسىز بولمىغاي ھېچ ئىش ،
سۇنۇق دىللارغا جان كويدۇر ، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى سەرپ ئەيلە .

شانلاپ ماڭدىم. بالىمۇ ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. ماگىزىندا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. مەن پىركەيىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ماگىزىنچى تونۇش ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇ مېنى ئىللىق قارشى ئالدى.

— كەلسىلە، ئۆزلىرىگە بىر نەرسە لازىممىدى ؟

— ئون ئۈچ - ئون تۆرت ياشلىق باللارغا كەلگۈدەك كىيىنەك - ئىشتان بارمىدۇ ؟ - دىدىم مەن.

ماگىزىنچى ئايال چاقچاق قىلدى بولغاي:

— بارلىقىغۇ بار. ئەمما، سىلە چوڭ شەھەردىن، مالنىڭ كانىدىن كەلدىلە، سەھرانىڭ ماللىرى يارىماي قالارمىكىن، - دىدى.

مەنمۇ بوش كەلمىدىم - دە ، جاۋابەن دىدىم.

— بىر كىشى « سەن ماڭا قالدىڭ ياراپ، شۇ ئۈچۈن باغرىم كاۋاپ ... » دەپتىكەن . قېنى ئالمامىلا، ياراپ قالسا ئەلۋەتتە يارىتىمىز.

ماگىزىنچى ئايال قاقاخلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ جانان چىنىنىڭ ئاۋازىدەك كۈلكىسىدىن ، ماگىزىنىنىڭ ئىچى جانلىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئاندىن ماڭا بىر دانە كوك پۈچۈ كوينەك، بىر دانە ماشرەڭ خادانى ئىشتان ئېلىپ بەردى. كېيىن مەن يەنە بىر لاتا خەي ئالدۇردۇم.

— قېنى ، ھىساپلىسىلا !

ئايال چوتنىڭ ئۇرۇقىنى شاراق - شۇرۇق قىلىپ، ئۇيان - بۇيان ئىتتىرىپ:

— ئون ئىككى كوي سەكسەن فۇڭ بوپتۇ ، - دىدى.

— مانا پۇل ، رەھمەت سىلىگە ...

— ئەرزىمەيدۇ.

مەن پۇلنى تولەپ بولغاندىن كېيىن، بالىنى باشلاپ ماگىزىندىن چىقىپ، شەپكە ساتىدىغان بوتكىغا كەلدىم. مەن شەپكىچىدىن 55-نومۇرلۇق شەپكىدىن بىرنى ئېلىپ، بالىغا تەڭلەپ، بېشىغا كىيىپ بېقىشنى ئىشارەت قىلىۋىدىم، ئۇ بېشىنى چايقاپ رەت قىلغىنىچە، ئارقىسىغا داجىدى. مەن قولۇم بىلەن يۈرىكىمنى تۇتۇپ، ئاندىن شەپكىنى كورسىتىپ، بۇ - مېنىڭ يۈرىكىم ، قەلبىم، ساڭا تۇتتۇم، ئال! دىگەن مەنىنى بىلدۈردۈم. ئاخىرچە شەپكىچىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، قاپىقىنى تۇرۇپ: كەيۇنى، كەيمىسەڭ بۇ كىشى خاپا بولۇپ قالىدۇ، دىگەنگە ئوخشاش ئىشارەت قىلدى. بالا ئاندىن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ بېشىنى تۇتۇپ بەردى. مەن شەپكىنى ئۇنىڭغا كەيدۇردۇم. شەپكە ئۇنىڭ بېشىغا چەنلەپ تىككەندەكلا كەلدى. مەن شەپكىچىدىن شەپكىنىڭ باھاسىنى سورىدىم:

— بىر كوي ئوتتۇز پۇڭ، - دىدى شەپكىچى.

مەن پۇلنى تولەپ بولۇپ، بالىغا : كېتەمدۇق ؟ دىگەنگە ئىشارەت قىلدىم. ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ : كېتەيلى دىگەنگە ئىمپادە بىلدۈردى.

بىز ئويگە قاراپ راۋان بولدۇق. بۇ چاغدا بوتكىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە كىشى ئارقىمىزدىن ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: « يېتىمنىڭ ئىگىسى خۇدا، سايىۋىنى خالىس » - دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، بۇ مېھمان، سۇ يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويماقچى بوپتۇ - دە ! ... » - دىيىشىپ قېلىشتى.

بىز ئويگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، سىڭلىم پولۇنى دۈملەپ قويۇپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ، بىزنىڭ كېلىشىمىزگە ئوچاقتىن قازاننى چۈشۈرۈدى. بىردەمدىن كېيىن ئويىنىڭ ، ھويلىنىڭ ھاۋاسىنى مىزدىلىك پولا پۇرىغى قاپلىدى. بىز بەدەشقان قۇرۇپ

ئولتۇرۇپ ئىشتىها بىلەن پولۇ يېدۇق. داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇ بالىغا بىر تو كىيىم سېتىۋالدىم. ئىسسىق سۇ، داس، سوپۇن، لۆڭگا تەييارلاڭ، يۇيۇنۇپ، تازىلىنىپ، بۇ كىيىملەرنى كىيىۋالسۇن، — دېدىم سىڭلىمغا.

— بولىدۇ ئاكا، — دېدى سىڭلىم خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بۇ گاچىغا ئىچىڭىپ قالدىڭىز-ھە؟ بوپتۇ، دادام رەھمەتلىك: ئاكاڭنىڭ دىلى يۇمشاق، دەيدىغان... سىزنىڭ مېھرى-شەپقىتىڭىز ۋە ساخاۋىتىڭىز بىلەن بۇ گاچىنىڭ بەختى ئېچىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. خۇدا، سەن باشقىلارغا بىرنى بەرسەڭ، مەن ساڭا ئوننى بېرىمەن، دەيدىكەن. سىزمۇ تېخىمۇ گۈللەپ كېتەرسىز بەلكىم... ھاياتتا ھەمىشە بىر ئىش يەنە بىر ئىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟!

— شۇنداق سىڭلىم، بۇنى كوزۇم كورمىسىغۇ مەيلىدى. تەقدىرنىڭ شامالىرى مېنى بۇيەرگە ئۇچۇرۇپ كېلىپ بۇ بالا بىلەن ئۇچراشتۇرۇپتۇ. شەپقەت قولۇمنى سۇنۇپ قوياي. ھېچبولمىسا ياشلىقىمنىڭ قېرىغىنىمدا ئەسلەنگەندەك بىر خاتىرىسى بولۇپ قالار. قېنى، سۇيىڭىزنى تەييار قىلىڭ!

بىر سائەتتىن كېيىن بۇ ئۆيدە چوچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ساھىبجامال بىر بالا پەيدا بولدى. بۇ تېخى مۇشۇ بىر سائەتنىڭ ئالدىدىكى گاچا بالىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. بۇ ھازىر شۇنچىلىك قاۋۇللىشىپ كەتكەن ئىدىكى، ئاي! — ھاي... بۇنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە پىكىرىم چولتىلىق، قەلىمىم كولتىلىق قىلىدۇ. ئەلا ياخشىسى، شۇ تاپتا مەن ئۇستا رەسسام بولۇپ قالسام ئىدىم، ئۇنىڭ سۈرىتىنى شۇ پېتى سىزىۋېلىپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلسام ۋە-سال قوشۇم كوكتەپەرۋاز ئەپلىگەن بولار ئىدى... ئەپسۇسكى رەسسام ئەمەسمەن... ماناقۇسۇرسىز گۈزەل، تەڭداشسىز ئوماق بىر بالا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مانا ئۇ، پارلاپ چىققان كۈندەك كۈلۈپ، شاتلىقتىن سۆيۈنگەن قەلبساندۇغۇمنى نۇرلاندۇرماقتا ئىدى. بۇ، شۇ يېتىم بالا، بۇ، شۇ گاچا بالا...

كۆڭلۈمدە تۇساتتىنلا بىر پىكىر تۇغۇلۇپ، سىڭلىمدىن سورىدىم:

— بۇ بالىنىڭ ئىسمى كىم؟

— ئىسمى... — سىڭلىم لاپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىتىشنى ئىشلىتىپسىزۇ تېخى ئىسمىنى بىلمەيدىكەنسىز — ھە ؟!

— ئەمدى، ئاكا، — دەپ جاۋاپ بەردى سىڭلىم، راستىنى قىلسام، بۇنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى گاچا دەپ ئاتىغاچقا، مەنمۇ گاچا دەپ يۈرۈۋېرىپتىمەن.

— ئۇنداقتا، ئۇ بالا بۇ يەرلىك ئەمەس ئىكەن — دە؟

— گۇڭشېنىڭ ئەڭ يىراق بىر يېزىسى بار. ئاڭلىساق بۇ بالا شۇ يەرلىك ئىمىش، بۇ، ئۇن ياشلارغا كىرگەن چېغىدا ئاتا — ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، يېتىم بولۇپ قاپتىكەن، بۇنىڭ بۇ يەرگە پەيدا بولغىنىغا ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن، — بۇنىڭغا بىر ئىسىم قويۇپ قويسام نېمە دەيسىز؟

— ياخشىغۇ، شۇنداق قىلىڭ!

— مېنىڭچە، بەختىيار بولسۇن! مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ بىز بۇنى بەختىيار دەپ چاقىرايلى. بۇنىڭدىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىمۇ خەۋەر-

دارقىلىپ قويايلى.

— بولىدۇ ئاكا، بۇنىڭ ئىسمىنى بەختىيار بولسۇن، رىسقى غايىپ، بەخت غايىپ ئەمەسمۇ؟! كەلگۈسىدە ئىسمى جىسمىغا لايىق بەختىيار ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

بەختىيار بولسا، بىر مائا، بىر سىڭلىمغا قارىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى...

3

كالا هارۋىسى يانتاق، بېسىلغاق، چاكاندا قاتارلىق جاڭگال ئۆسۈملۈكلىرى كوزگە تاشلىنىپ تورغان جاڭگال يولىدا ئۇياق - بۇياققا ئىغاڭلىغىنىچە ئاستا ئىلگىرىلەپ باراتتى. هارۋىدا ئالتە كىشى - هارۋىكەش بالا، سىڭلىم، سىڭلىمنىڭ ئېرى هىدايەت، ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى ۋە مەن بار ئىدۇق، هارۋىغا قوشۇلغان كالا شۇنچىلىك قاشاڭ ئىدىكى، هارۋىكەش بالىنىڭ پات - پات ئۇرۇپ، دۈۋۈش قىلىپ تۇرغىنىغا قارىماي، خۇددى قەدەمىنى ساناپ دەسسەۋاتقاندەك بىر خىل تۇستە ئاستا ماڭاتتى. ياغىراپ كەتكەن هارۋا ئوقىنىڭ «غىچىر - غىچىر» قىلغان غەلىتە ئاۋازى - جاڭگالنىڭ جىمىلىغىنىنى بۇزۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. ۋاقىت چاشكا مەهەلى بولغان بولۇپ، قوياش نۇرىنىڭ ئوتتەك تەپتى يەر - جاهاننى بارغانسىرى قىزدۇرماقتا ئىدى. يولغا چىققىنىمىزغا بىر سائەتتىن كوپرەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، تېخى هېچقانچە يول باسمىغان ئىدۇق. بىزنى مېهماندارچىلىققا تەكلىپ قىلغان مەنزىلگە يېتىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن يەنە خېلى يول يۈرۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى. بىراق، قاشاڭ كالا قېتىلغان، ئوقى ياغىراپ كەتكەن هارۋىنىڭ كاتاڭ يولدىكى ئەلەڭسەلەڭ مېڭىشى بىزنى بىر ئاز تالجىقتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇ دىيارنى بىرىنچى قېتىم كورۈۋاتقاچقا، بۇ يەردىكى هەر بىر نەرسە هامان كوڭلۈمگە هەسسىيات، كوزۈمگە يېڭىلىق بەخش قىلاتتى. ئەمما سىڭلىم زېرىكىپ قالدىمۇ، ياكى هارغىنلىق هېس قىلدىمۇ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ بىرنى ئەسنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەجەپ بىر جىم - جىم ئولتىرۇپ كەتتۇق - هە؟! ئاكا ئومرىڭىزدە مۇشۇنداق هارۋىغا چىقىپ باققانمۇ؟ - دېدى.

— چىققان ئۇكام، چىققان، - دېدىم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ، - ئاكىڭىزنىڭ بېشىدىن نىمە ئىشلار ئوتمىگەن؟! هىلقى ئاپەتلىك يىللاردا «قارا يىپ» دەپ قارىلىپ، جاڭگالغا پالاندى بولغان كۈنلىرىمدە، هەمىشە كالا هارۋىسىنى هەيدەپ جاڭگالدىن يانتاق توشىغان ئىدىم.

— ئۇ هارۋىغا قوشۇلغان كالىمۇ مۇشۇنداق قاشاڭمىدى؟

— ئۇ... مەن گېپىمنىڭ داۋامىنى دېگىچە، هارۋىكەش بالا سوز قىستۇرۇۋالدى:

— هەي ئاچا، ئۇ ئىدارىنىڭ كالىسى بولىدى، بۇ كوممۇنانىڭ كالىسى - دە!؟... ئۇ بوغاز بەپ تورغان كالا بولسا، بۇ سامانغىمۇ قېرىنى توشمىغان كالا - دە؟!

— راس - راس، بۇ توغرا جاۋاپ بولدى، - دېدىمەن.

— ئۇ كالىمۇ «قارا يىپ» بولمىغىدى تېخى؟! - دېدى هىدايەت كۈلمەي تۇرۇپ.

ئۇ چاخچاق قىلغان ئىدى. بۇ چاخچاقتىن هەممىمىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي، تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلۈشكە باشلىدۇق. كۈلكىدىن كېيىن سىڭلىم ماڭا:

— ئاكا بىر پەس پاراڭ قىلىپ بەرمەمسىز؟—

دېدى.

— توغرا، شۇنداق قىلىڭچۇ ئاكا، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ھىدايەت.

— بولىدۇ. پاراڭغا خۇشتار بولساڭلار، پاراڭ ئايلانسۇن. ئېيتىڭلار، نىمە توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بېرەي؟

— نىمىنى خالىسىڭىز شۇنى...

مەن سوزنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ بىر پەس تۇرۇپ قالدىم. كېيىن بىر تال تاماكا ئوراپ، ئوتاشتۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ئاچچىق - ئاچچىق شوراشقا باشلىدىم. قاشاڭ كالا " ماڭىدۇ - ماڭىدۇ، قىردىن ئاشالمايدۇ » دىگەندەك، ھامان مىسىلداپ، ھەر ھالدا يەنىلا ئالدىغا چامداپ بارماقتا. كوزلىرىم يىراق - يىراقلارغا تىكىلگەن ئىدى. كوز ئالدىمدا بىردىنلا ھېلىقى بەختىيار پەيدا بولدى - دە، كوڭلىمدە يېپ - يېڭى بىر پىكىر تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تەبىئى ھالدا سوزگە ئېغىز ئاچتىم:

— پات - پات خىيال سۈرۈپ قالىمەن: ئىنسان بالىلىرى دۇنياغا نىمە ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ، ھە؟

— ياشاش ئۈچۈن كېلىدىغاندۇ؟! - دېدى سىڭلىم ئىختىيارسىز ھالدا.

— توغرا، ياشاش ئۈچۈن كېلىدۇ، ھەتتا ھەر بىر ئادەم دۇنيادا بەختلىك ياشاشنى، سائادەتمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمدى گەپ - ھەر بىر كىشىنىڭ ياشاش چۈشەنچىسىدە، شەرت - شارائىتى، ئىمكانىيىتىدە... شۇنداقمۇ - شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ، دەپ تەستىقلىدى ھىدايەت.

— بەزى كىشىلەر ياخشى يەپ، ياخشى كىيىشنىلا بەخت دەپ تونۇيدۇ. مېنىڭچە، بەختنىڭ مەنىسى بۇنداق تار ئەمەس، مەسىلەن: ياشايدىغان ئومرىنى ياشاپ بولۇپ، ئوزىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان كىشىنىڭ قازا تېپىشىمۇ بىر بەخت، ئوزى تاللىۋالغان غايىسى يولىدا كۈرەش قىلغان كىشىنىڭ - تاسادىپى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ، دۈشمەن قولىدا مەرتلەرچە، ھە، شەرت شۇكى - مەرتلەرچە قۇربان بولۇشىمۇ بىر بەخت. پەرزەنتى يوق بولۇپ، بىر پەرزەنت كورۇشنى تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ — تەلىپىنىڭ ئىجابەت بولۇشىمۇ بىر بەخت. جانان جامالىغا ئىنتىزار بولۇپ، ئىشق سەھراسىدا مۇشەققەت چەككەن كىشىنىڭ — جانان ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولۇشىمۇ بىر بەخت. قىسقىسى بىزنىڭ، ھە، مۇشۇنداق تۇققانلارنىڭ سەھەتتۇ - سالامەت دىدار كورۇشۇپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ ، مۇشۇنداق خوشاللىق بىلەن مۇڭداشقىنىمىزمۇ بىر بەخت... بەخت مەنىسى شۇنداق كەڭ ... توغرىمۇ - يوق ؟

— توغرا، ئەلۋەتتە توغرا...

— يەنىچۇ؟ دۇنيادا ئەڭ ساۋاپلىق، ئەڭ شەرەپلىك بىر بەخت بار. ئۇ بولسىمۇ، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، بىر يېتىم باركى، سەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىساڭ، سىنىڭ ئەجرىڭ ۋە ئەقىدەڭ مۇشۇ بىلەن ئۇ ئىنسانلىق قەدرىنى تېپىپ، كىشىلىك ھاياتىدىن بەھرىمەن بولسا ، سەن ئەلۋەتتە خوشال بولىسەن، مۇشۇ خوشاللىقنىڭ ئوزى بىر بەخت. سەن مۇشۇنداق بەختكە مۇيەسسەر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەنسەن ، ئاجىز، غېرىپ، يېتىم - يېسىر، دىلى سۇنۇقلارنىڭ كوز يېشىنى شەپقەت ۋە مەرھەمەت قولۇڭ بىلەن ئېيتماقلىغىڭ كېرەك. ئادەمگە - ئادەم، ئادەم تۈگۈل ھايۋانلارغىمۇ رەھىمدىل بولۇش لازىم. سىلەرگە كىچىككىنە بىر ھىكايە ئېيتىپ بېرەي: سۇلتان غەزنەۋىنىڭ ئاتىسى سۇبۇك تېكىننىڭ ئاۋالقى تۇرمۇشى ناھايىتى ناچار ئىدى. ئۇنىڭ پەقەت بىر ئېتى بولۇپ، ھەر كۈنى شۇ ئات بىـ

لەن شىكار قىلاتتى. شىكاردا نېمىنى تۇتسا بىر كۈنلۈك رىسقى - روزىنىسى ئۈچۈن شۇنى ئىشلەتتى: بىر كۈنى شىكار قىلىۋېتىپ بىر كېيىكنى ئۇچراتتى. كېيىكنىڭ يېنىدا بىر بالىسى بار ئىدى. سۈبۈك تىكىن ئۇ كېيىكنى ئات بىلەن قوغلىۋىدى، كېيىك قېچىپ كەتتى، بالىسى بولسا قاچالماي تۇتۇلۇپ قالدى. سۈبۈك تىكىن بۇنى تۇتىۋېلىپ، پۇتلىرىنى باغلاپ ئاتقا تاڭدى - دە، شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى. شۇ چاغدا كېيىك سۈبۈك تىكىننىڭ ئارقىسىدىن ئۆز تىلى بىلەن زارلىنىپ ئەگىشىپ ماڭدى. سۈبۈك تىكىننىڭ كېيىككە رەھمى كەلدى ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى قويۇپ بەردى. كېيىك خوش بولغىنىدىن باشلىرىنى يۇقىرى قىلىپ سۈبۈك تىكىننىڭ سائادىتى ھەققىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلدى. سۈبۈك تىكىن ئۆيىگە قايتتى. شۇ كېچىسى ئۇ بىر چۈش كوردى. چۈشىدە ھەزرىتى رىسالەت پاناھنى كوردى. ھەزرىتى رىسالەت پاناھ سۈبۈك تىكىنگە ئېيتتىكى: ئەي سۈبۈك تىكىن، سېنىڭ بۇ تىلسىز ھايۋانغا قىلغان بۈگۈنكى شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭ ئۈچۈن خۇدايىتالا ساڭا پادىشالىق شەرىپىنى بەردى...

ئۇلۇغلار ئېيتىدۇركى، ھايۋانغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت قولىنى سۇنغان كىشى بۇ دۇنيانىڭ پادىشالىق مەرتىۋىسىنى تاپقاي، ئەگەر كىشىگە شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلسا، ئىككىلا دۇنيانىڭ مەرھەمىتىنى تاپقاي...

ھارۋا بىر خىل قېلىپتا مىدىرلاپ، يوللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بارغانسېرى مەنزىلگە يېقىنلاپ بارماقتا. ھارۋىدا ئولتۇرغانلار يەنە مېنى نېمە دەيدىكىن دەپ ماڭا تىكىلىشكىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشماقتا. مەن بارغانسېرى يۇقىرى كوتىرۇلۇپ، يەر - جاھاننى تېخىمۇ قىزدۇرۇۋاتقان قوياشقا بىر قاراپ قويۇپ:

— قېنى، سىڭلىم مېھرىۋان، ئىنىم ھىدا-

يەت، ئېيتىپ بېقىڭلار، مېنىڭ بۇ سوزلىرىم توغرىمۇ - ئەمەسمۇ؟ - دېدىم.

— ئەلۋەتتە توغرا، - دېدى ئىككىسى تەڭلا جاۋاپ بېرىپ.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىلەرگە بىر تەكلىپ بەرمەكچى.

— خوش، مەرھەمەت:

— ھېلىقى گاچا بالا، ياق، بەختىيار دەيلى، ھە، شۇ بەختىيار - مۇشۇ دىياردىكى بىر دىلى سۇنۇق، ئىگە - چاقىسىز بالا شۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

— شۇنداق بولسا، سىلەر ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغۇچىسى، تەربىيەت قىلغۇچىسى، كېپىمنى ئەگىتمەي ئوچۇق قىلسام، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇشنى خالامسىلەر؟

تاسادىپى قويۇلغان بۇ سوئال - ھەقىقەتەن جاۋاپ بېرىش قىيىن بولغان سوئال ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ئۈن-تىنسىز ھالدا جىم تۇرۇپ قېلىشتى.

— ھە، سىلەرگە ئىمتىھان دىگەن مانا شۇ... توغرا، بۇ ئىمتىھان ئادەتتىكى ئىمتىھانلاردىن ئەمەس. بۇ سىلەرنىڭ ئادەملىك قەلبىڭلارنى، كىشىلىك خىسلىتىڭلارنى سىنايدىغان ئىمتىھان... ئاكاڭلار بىلىپ تۇرۇپ، سىلەرنى بىر مۈشكۈل ئىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ؟

ئۇلارنىڭ رەڭگى تاتارغان ھالدا، گويا تىلى تۇتۇلۇپ قالغان كىشىدەك، تېخىچە بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە لام - جىم دىمەي ئولتۇرۇشاتتى.

— شۇنداق، مۇنداق ئىنسانىي ھىسسىيات ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىگە بەخش قىلىنمايدۇ. ئادەم دۇنياغا كېلىپ ياشىغاندىن كېيىن، بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ قالدۇرۇشى كېرەك - تە... كۆل كولىشى، كوۋرۇك سېلىشى، يول ياسىشى،

ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىشى، مەكتەپ قۇرۇشى،
شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى، كىتاپ يې-
زىشى، مۆۋىلىك كۆچەت قويۇپ باغ بىنا قى-
لىشى، دەل - دەرەخ تىكىشى لازىم - دە؟!...
ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ھايۋاندىن نىمە پەرقى
بولىدۇ؟

— ئاكا، دىدى سىڭلىم مېھرىۋان ناھايىتى
بىر قىيىنچىلىق ھىسسىياتى بىلەن، - بىز ئۇنىڭ-
غا ئاتا - ئانا بولساق بولىدۇ. بىراق، بۇ ئوي-
لاشقا تىگىشلىك ئىشمىكىن، بۇنىڭغا يەڭگىل-
لىك بىلەن قارار قىلىشقا بولماسمىكىن، دەپ
قارايمەن. سىز ئەقىللىق ئادەم، ئارتۇقچە گەپ
كەتمەيدۇ.

— شۇنداق ئاكا، - دەپ مېھرىۋاننىڭ سۆ-
زىنى تەستىقلىدى ھىدايەت، - بۇ باش قاتۇ-
رۇشقا تىگىشلىك ئىشمىكىن، دەيمەن. بۇ ئىشقا
ئىرادە قىلماسلىق كىرەك. ئىرادە قىلغاندىن
كېيىن ئاخىرغىچە چىدىمىسا بولمايدۇ. ئۇ بالا
ئۆمۈر بويى ھازىرقى پېتىچە تۇرارمۇ؟ ھازىر-
غۇ كىچىكلىكىنى باقساق، كېيىنمىنى قى-
لىپ بەرسەك بولار. كېيىن ئۇ، چوڭ
بولار، ئويلەپ قويۇشقا توغرا كىلەر، ھەتتا
بالا - چاقىلىق بولۇپ بىر ئائىلىنىڭ سىپى-
غى بېشىغا چۈشەر... ئىنسانچىلىق ئەمدى، شۇ
چاغدا بىز بۇ ئىشلارغا ئۆمۈر بويى بەرداش-
لىق بىرەلەيمىزمۇ؟

— مەنمۇ شۇ ئىشلارنى كوپ قېتىم پىكرىمە-
دىن ئۆتكۈزدۈم، - دىدىم ئۆزكوز قارىشىمنى شەر-
ھىلەپ، - ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئەلۋەتتە شۇن-
داق بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز -
ئۇنى ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا
ئىگە قىلىش - دە!

— ئۇ گاچا تۇرسا...

— توغرا، ئۇنىڭ گاچىلىقى گاچا. بىراق،
ئۇنىڭ گاچا بولغانلىقى- پۈتۈنلەي ئىقتىدار-
سىزلىقىنى كورسەتمەيدۇ - دە!

— ئەمىسە ئۇ نىمە ئىش قىلالىشى مۇمكىن؟

— ئوقۇتساق ئوقۇيالايدۇ.

— ئوقۇيالايدۇ؟! سىڭلىم ھەيرانلىق تەلەپ-
پۇزى بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ۋاقىراپ تاش-
لىدى.

— ھەئە، ئوقىيالايدۇ.

— ئوقىيالايدۇ دەۋاتامسىز ئاكا؟- ھىدايەت-
مۇ گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ماڭا
قايتىلاپ سوئال قويدى.

— ھەئە، ئوقۇتساق ئوقىيالايدۇ،
دەۋاتىمەن. سىلەر ئۇنى ئوقىيالمايدۇ، دەپ قا-
رامسىلەر؟ ئۇكام ھىدايەت، سىڭلىم مېھرىۋان،
ئەقىل بىلەن ئويلاپ بېقىڭلار. ئۇ جەزمەن ئو-
قىيالايدۇ.

— ئۇ قانداقمۇ ئوقىيالىشى مۇمكىن؟

— ئۇكام ھىدايەت، سىز بىررەسسامغۇ، ھەببەل-
ىى ئۇ ھىچ بولمىسا، ماناشۇنى ئۈگىنەلىشى مۇمكىن.
ھەتتا ئۇ كىلىچەكتە تالانتلىق بىر رەسسام بو-
لۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. قانداق دىدىم؟

ھىدايەت ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ماڭا قاراپ
چەكچەيگىنىچە تۇرۇپ قالدى. سىڭلىمچۇ؟ ئۇ
چىددى ئويغا بېرىلگەن ئىدى. ھارۋىكەش بول-
سا ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. سىڭلىمنىڭ پەر-
زەنتلىرى كاسىلدىتىپ چىشلەپ، ھوزۇر بىلەن
ئالما يىيىشمەكتە ئىدى.

— ئۇ، ئوقىيالايدۇ، بىز ئۇنى ئوقۇتىمىز ئۇ-
كىلار، كىشى ئۈچۈن دۇنيادا ئۆزى ئوستۈرگەن
كوچەتنىڭ مۆۋىسىدىن لەززەتلىنىشتەك يەنە بى-
رەر مۆۋە بولمىسا كىرەك. بىز شۇنداق كوچەت-
تىن بىرنى ئوستۈرۈپ، ئۇنىڭ مۆۋىسىنىڭ لەز-
زىتىنى سۈرمەيمىزمۇ؟! ئۇكام ھىدايەت، سىز
ئۆز ئىستىداتىڭىزنى ھازىرچە كىشىلەر، جۈملە-
دىن سىلەرمۇ ئەڭ كىرەكسىز دەپ قارىغان بۇ
بالىغا ئوتكۈزۈپ، بىر ئىز باسقۇچى يېتىشتۈ-

روۋپ قويسىڭىز، ھېچبىر زىيىنى - زىننەت سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنىڭ زىننىتىگە تەڭ كەلمەس دەيمەن. ئەلۋەتتە مۇنداق بىر ئىشقا قەدەم قويۇش ئۈچۈن، پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى بولغان شىجائەت بولمىسا بولمايدۇ. قانداق؟

— بىزغۇ…

شۇنداق سىڭلىم مېھرىۋان، ئىنىم ھىدايەت ئىشىنىڭلاركى بۇ بالا سىلەرنىڭ پەرۋىش قىلىشىڭلار بىلەن كەلگۈسىدە جەزمەن كېرەكلىك ئادەم بولغۇسى… بۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن سىلەرمۇ ئەل ئىچىدە ھورمەتكە سازاۋەر بولغايسىلەر. خوش، ئەگەر سىلەر بۇنى ئۆزەڭلار ئۈزۈپ يۈك، ئاۋارىچىلىق، باش ئاغرىقى، دەپ قارىساڭلار مەن ئېلىپ كېتەي…

— ياق، ياق، ئاكا، ئۇنى سىز ئېلىپ كەتمەيسىز، سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىز مېنىڭ قەلبىمدە بىر يورۇقلۇق پەيدا قىلىۋاتىدۇ. مەن مەڭگۈ يورىمايدۇ، ئەبەدى قاراڭغۇ پېتى تۇرىۋېرىدۇ، دەپ قارىغان بىر قەلبتە پارلاق بىر نۇرنى كورگەندەك بولىۋاتىمەن. مەن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ مۇنداق بىر كۈبلىت رۇبائىيسىنى ئوقىغان ئىدىم:

غۇربەتتە غېرىپ شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا رەپىقۇ مېھرىۋان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەز ئىچىدە گەر قىزىل گۈل بولسا،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش.

بۇلبۇلغا قىزىل گۈل ياخشى، بۇ بالىغا مۇشۇ دىيار ياخشى، چۈنكى بۇ يەر بۇنىڭ تۇغۇلۇپ كوز ئاچقان، كىندىك قېنى توكۈلگەن ئانا ۋەتىنى…

بۇ سوز ئىنىم ھىدايەتنىڭ ئاغزىدىن بىردىنلا، ھاياجان بىلەن ئېتىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا، سىڭلىم مېھرىۋانمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتىۋاتاتتى. كالا ھارۋىسى بولسا، مەنزىلگە يېقىنلاپ قالدۇقمۇ، ياكى بولمىسا ماڭا شۇنداق تۇيۇلىۋاتامدۇ، بايىقىدىن تىزرەك سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى.

4

مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىپ تۇرغىنىمىزدا، دەرۋازىدىن ئۈچەيلەن كىرىپ كەلدى. بۇلار كېلىشكەن بىر يىگىت، چىرايلىق بىر چوكان، ئوماققىنە بىر بالا ئىدى. ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كىلىۋاتىدۇ. مەن: بۇلار كىم بولغىيدى؟ دەپ ئويلايمەن. ئەسلەيمەن، سەپ سالىمەن. تېخىچە كورۇشۇشكە نېسىپ بولمىغان بىر اقتىكى توققانلارنىڭ بالىلىرىمىدۇ، ياكى باشقىلارنىڭ كىمگە كەلگەن كىشىلەر بولسا، بۇ سەرەڭگە قېپىدەك ئويلەرنى ئارىلاشتۇرىۋېتىپ، بۇ ئويگە ئېزىپ كىرىپ قالغانمىدۇ؟ دەپ قارايمەن. ئۇلار ھامان كۈلۈمسىرىگىنىچە، ئەركىن قەدەم تاشلىشىپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى ۋە ھىلىقى كېلىشكەن يىگىت ھېچبىر ئىككىلەنمەي، تارتىنماي تۇرمايلا، ماڭا ئۆزىنى ئاتتى - دە، قۇچاقلىۋالدى. ئاندىن ئاغزىدىن غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بىر نىمىلەرنى دەپكەتتى.

— بەختىيار، مېنىڭ ئوغلۇم!

بۇ ئىسمىنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىگىنى ئۆزەممۇ بىلمەي قالدىم. بۇ ئىسىم ئاغزىدىن شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن، شۇنداق جاراڭلىق ئېتىلىپ چىقتىكى، ۋۇجۇدۇمدا بۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلارغا بولغان خوشاللىق تەنتەنىسى جۇش ئۇرماقتا ئىدى. مۇنداق مىنۇتلاردا ئىنسانىنىڭ كوڭلىنى نىمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟ ۋۇجۇدۇم بىناسى شادەك ئېرىپ، كوڭلۇم بېغى راھەت سۈيى بىلەن سۇ-

غۇرۇلماقتا ئىدى. يوشۇرۇپ نىمە قىلاي؟!
بەختىيار بىلەن ئىككىمىز باغرىمىزدىن باغرى-
مىزنى ئاجراتقاندا، كوزلىرىمىزنى نۇبدانلا
نەمدىۋالغان ئىدۇق. مەن هاياجاندىن تىترەپ
تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ
تۇرۇپ پىشانىسىگە ئاتىلارچە بىرنى سۆيۈپ
قويدۇم. ئىككىمىز ئۇزاققىچە بىر - بىرىمىزگە
تىكىلىشتۇق. ئۇنىڭ ئاشۇ پاك، مۇهەببەت بى-
لەن تولغان كوزىدىن: ئەي ئاتا، سىزنىڭ چىن
دىلىڭىز بىلەن قىلغان شەپقەت ۋە مېهرىۋانلى-
غىڭىز بىلەن غەم - ئەلەم تۇمانلىرى كوڭلۇم
ئاسمىنىمدىن كوتىرىلدى، دىگەندەك بىر مەنا
چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئاغزىمدىن ئائىلىمىز-
دە پات - پات ئەسلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئى-
سىمنى ئاڭلىغان ئوچاق بېشىدا تاماق ئېتىش
بىلەن بەنت بولۇۋاتقان ئايالىم بىلەن ئويدە
تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بالىلىرىمىز ئاللىقاچان
مېنىڭ قېشىمغا هازىر بولۇشقان ئىدى. مانا
شۇ تاپ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە بىر سائادەت قۇ-
شى ئۇچۇپ كەلگەن ئىدى. ئىززەتلىك مې-
مانلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئاسماندىن چۈش-
كەندەكلا ، ئېزىز مېهمانلارنىڭ قوشۇلۇشى
ئالتۇن ئۈزۈككە ئالماس كوز سالغاندەك گۈ-
زەل، ساهىپخانىنىڭ يۈرىگىنى ياشارتىپ، كوڭ-
لىنى كوكلەرگە كوتىرىدىغان خاسىيەتلىك ئىش-
تە! مەن بەختىياردىن كوزۈمنى ئۈزۈپ، تەقەز-
زالىق ئىلكىدە مەن بىلەن كورۈشۈشنى كۈتۈپ
تۇرغان چوكانغا قارىدىم. ئۇ ئاياللارغا خاس
سۈلكەت ۋە نەپىسلىك بىلەن بىر قولىنى كوك-
سىگە قويۇپ " ئەسسالام » دىگىنىچە ئاۋال
ماڭا، ئاندىن بالا - چاقامغا سالام بىجا كەل-
تۈردى. كېيىن ئوزىنى ۋە يېنىدا تۇرغان با-
لىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ:

- ئىسمىم سائادەت، بەختىيارنىڭ ئايلى
بولىمەن. بۇ بىزنىڭ بالىمىز، ئىسمى نۇس-
رەت، - دىدى.

بىز ئىللىق چىراي، چىرايلىق سوز، كوپ
تەۋەززۇلار بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالىدىغانلى-
غىمىزنى بىلدۇردۇق. بىر هازا غىچە تىچلىق ئامانلىق
سورىشىش، كورۇشۇشلار داۋام قىلدى. كېين ئايلىم،
سائادەت بىلەن بالىنى ئايۋانغا باشلىدى. مەن
بەختىيارنى مېهمانخانىغا ، مېهمانلارنىڭ قاتارىغا
باشلىدىم. مېهمانخانىدا لىققىدە مېهمانلار ئولتۇ-
رۇشاتتى. مېهمانلار بىزسولەتلىك، كېلىشكەن يىگىت-
نى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قىزغىنلىق بىلەن قارشى
ئېلىشتى. بەختىيارمۇ ئۇلارنىڭ هەربىرى بىلەن
ئاغزىنى مىتىلدىتىپ، بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كورۇ-
شۇپ چىقتى ۋە كورستىلگەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇر-
غاندىن كېيىن قول كوتىرىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن
ئورنىدىن تۇرۇپ كوپچىلىككە هورمەت بىلدۇر-
دى . ئاخىرىدا يەنە هەممەيلەن جاي - جايى-
غا ئولتۇرۇشتى . مەن رەسمىيەت بويىچە بەخ-
تىيارنى كوپچىلىككە تونۇشتۇردۇم :

- بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى بەختىيار . ئوزى
ئاقسۇدىن ، هە ئەمدى سىلەرگە دەپ قويۇشقا
تىگىشلىك يەنە بىر گەپ - تىلى ئاجىز ...

" تىلى ئاجىز » دىگەن بۇ سوزنى ئاڭلىغان
مېهمانلار ، بۇ سۆمباتلىق يىگىتكە ئىچىنى ئاغ-
رىتىشتى بولغاي هەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قې-
لىشتى . بەختىيار بولسا هېچنىمىدىن خەۋىرى
يوق كىشىدەك چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇر-
غان هالدا ئولتۇراتتى .

مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ ، داس-
قان سېلىندى . بىر پىيالىدىن سىنچاي قۇيۇ-
لۇپ ، كەينىدىن هالۋا، ئۇنىڭدىن كېيىن شور-
پا ئەكىرىلدى . ئاندىن بىرىنچى داستىخان يى-
غىلىپ ، مېهمانلار پۇت - قوللىرىنى سونۇۋېلى-
شى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىلدى . بۇ چاغدا بىر
قانچەيلەن قەرت ئويناشتى ، بىر نەچچەيلەن

قىزغىن پاراڭغا چۈشتى . بىر مۇنچە يىلەن ئۆيـ
نىڭ بىر چېتىگە جەم بولۇشۇپ، دۇتار چېلىپ،
لەرزان ۋە يېقىملىق ئاھاڭدا ناخشا ئېتىپ ئول-
تۇرۇشتى :

ئەگەر سەن ئاشىنا بولساڭ بۈيۈك ھىممەتكە، شەپقەتكە،
جاھاندا ياخشىلىق ئىزلە ، ئۆزۈڭ قالساڭمۇ كۈلپەتكە .
كى ئەۋلات ئىپتىخارىدۇر - ئەزەلدىن ياخشىلار نامى،
ئەمەلىڭ ياخشىلىق بولسا ، سېنى باشلايدۇ جەننەتكە .
..........................................

گۈزەل نەقىشلىق دۇتارنىڭ يۈرەكنى تىترەت-
كۈچى نەپىس ئاۋازى يېقىملىق ناخشا ساداسى
بىلەن بىرلىشىپ ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنى
دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى ناخشا - مۇزىكا دۇن -
ياسىغا غەرق قىلماقتا ئىدى . شۇڭا قەرت ئۆيـ
ناۋاتقانلار قەرتنى ، ئوز - ئارا مۇڭـدۇشـۇپ
ئولتۇرغانلار پاراڭلىرىنى توختىتىپ ، بۇ ھو -
زۇرلۇق مىنۇتلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە باشلى-
دى . بەزىلىرى دۇتارچىغا ھاياجان بىلەن تى-
كىلىپ ئولتۇراتتى . بىر قىسمىلىرى بىر قولـى
بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ، چوڭقۇر تەپەككۇرغـا
بېرىلگەن ئىدى . يەنە بىر مۇنچىلىرى بۇ مە-
نىۋى لەززەتنىڭ جانلاندۇرغۇچىلىرىغا ئەگىشىپ،
ناخشىغا تەڭكەش بولىشىۋالغان ئىدى . دۇتار
پەدە يوتكەپ ، ئۇنىڭ زىل ، بوم تارلىرىدىن
تېخىمۇ ھوزۇرلۇق سادالار ياڭراشقا باشلىدى :

خۇشاللىقتۇر، سائادەتتۇر مىرادىڭ پۈتسە ئەجرىڭدىن،
شۇ ئەجرىڭ تەۋفىقى بىرلە قىزىل گۈل ئۈنسە قەۋرەڭدىن .
شۇڭا سەن بۇ ھايات ئىچرە تېرىگىدىن لالىزارباغ ئەت،
كى قانداق ياخشى ، شات يايراپ سەبىلـەر كۈلسە بەھرىڭدىن .

مانا شۇ چاغدا، بەختىيار ئورنىدىن قوپۇپ،
ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان شىرەنىڭ ئال-
دىغا كەلدى - دە ، يانچۇغىدىن قېرىنداش بى-
لەن بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئېلىپ ، بىر نىمە -
لەرنى سىزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كوزلىرى سو-
قى چۈشتى بولۇپ ، كوپچىلىك بىلەن قەغەز-
نىڭ ئۈستىدە دەممۇ - دەم ئويناپ تۇراتتى .
قولى بولسا چەۋرلىك بىلەن ھەركەتلەنمەك -
تە ئىدى . دۇتار شوخ سايرىماقتا، ناخشا ياڭ-
رىماقتا ... خىيالىمغا بىر ئىش كېلىپ ، ئۇ -
نىڭ قېشىغا بېرىپ قارىسام ، ئۇ ، بۇ ئۆيىنىڭ
كورۈنۈشىنى ئەينەن سۈرەتكە تارتىپ قويۇپتۇ.
بۇ نىمىدىگەن تېز ، نىمىدىگەن نەپىس سىزىش-
ھە ؟ ! بۇ بىر پارچە رەسىمدە تەبىئى ھالدا،
مېھماندوس بىر ئائىلىدە بولىۋاتقان ئىززەت -
لىك مېھماندارچىلىق مەنزىرىسى نامايەن قى -
لىنغان ئىدى. مەن ناھايىتى چوڭقۇر ھاياجان-
لىنىپ كەتتىم . ئىككىنچى قېتىم ئۇنى باغرىمغا
چىڭ بېسىپ شىردىن جېنىمدىن
ئەتىۋالاپ تاۋاپ قىلىپ ، پېشانىسىگە سۆيۈپ
قويدۇم . كېيىن بۇ رەسىمنى كورگەن مېھماند -
لارمۇ تەئەججۈپ ئىلكىدە چەكسىز خۇشاللىققا
چۆمۈشتى . دۇتارچى بولسا ئاغزى - ئاغزىغـا
تەگمەي بەختىيارنى ماختاپ كەتتى :

ياﺋاللا، ياپىرىم ، ماۋۇ گاچا يىگىتنىڭ كارامىتىنى ؟ ! ھەيران قالارلىق ئىشتە بۇ ؟ ! مەن جەزمەن ھەيران قېلىۋاتىمەن ، بۇ نېمە دېگەن تالانت ، نەدىن كەلگەن ماھارەت ؟

يەنە بىرەيلەن:

قاراڭلار ، ماۋۇ ئىزچىمىزنىڭ قولىمىز بىلەن ئىڭگىمىزنى تىرەپ ئولتۇرغان چېغىمىزدىكى قىياپەت ۋە تەقى-تۇرقىمىزنى بەئەينى قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشىتىپ سىزىپتۇ - ھە دېدى .

يەنە بىرەيلەن :

— مەن ئۆتكەندە بىر ژورنالدا « مول ھوسۇل » ناملىق بىر رەسىم كۆرگەن ئىدىم . بۇ رەسىمدە دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان دەريا، دەريا ۋادىسىدا كۆز يەتمىگۈسىز بولۇق شاللىق،شالغا سۇ تۇتۇۋاتقان بىر نەچچە دېھقان ۋاھاكازالار ناھايىتى گۈزەل تەبىئىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىكەن. رەسىمنىڭ ئاستىغا " بەختىيار سىزغان " دەپ يېزىقلىق تۇراتتى . بۇ يىگىت شۇ بەختىيار بولمىسۇن يەنە ؟ - دېدى .

— توغرا ، -دەپ تەستىقلىدىممەن، - ئۇ رەسىمنى مۇشۇ بەختىيار سىزغان. يېقىندا ئۇنىڭ " بېيىغان ئائىلە " دېگەن بىر رەسىمى مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

— بۇ يىگىت ھازىر بىر يەردە ئىشلەمدۇ ؟

ھەئە گۈڭشېنىڭ مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلەيدۇ .

—قالتىس ياخشى ئىش،قالتىس ياخشى ئىش . بىر تالاي ئاجىز يىگىتنىڭ ھاياتتا مۇنداق قەدىر - قىممەت تېپىشى - كىشىنى خوشال قىلىدۇ .

كوپچىلىك شۇنداق دەپ كۆڭۈل قايىللىقىنى بىلدۈرۈشتى .ئاندىن يەنە بىرەيلەن مەندىن :

— ئاداش ، سەن بۇ يىگىت بىلەن قانداق تونۇشىسەن دەپ سورىدى .

مەن ئۆمرۈمدە ئەڭ يۈكسەك بىر بەختنىڭ لەززىتىنى تېتىماقتا ئىدىم . كۆڭلۈمدە ئاشۇ ياخشى كويۈزغلىمىز ھىدايەتكە ھىدايەت ، ئاشۇ جان - جىگەر سىڭلىم مېھرىۋانغا ياخشىلىق تىلەيتتىم. ھىدايەتنىڭ ھىدايەتكە باشلىشى ، مېھرىۋاننىڭ مېھىر يالقۇنى - بەختىيارنى سائادەتكە ئېرىشتۈرۈپ ، نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقىغا ئۆزۈمدە چەكسىز مەمنۇنلۇق ھېس قىلماقتا ئىدىم . شۇڭا دوستلارغا قاراپ :

— بۇ ھېكايىنى سىلەرگە كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن دېدىم .

1983 - يىل 3 - ماي، قەشقەر .

# ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى توغرىسىدا

غازى ئەھمەت

خەتتاتلىق ـ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، كىشىلەرگە بەدىئى ھوزۇر بېغىشلايدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ـ ھۆسنىخەت سەنئىتى دەپ ئاتىلىپ كەلدى . خەلق تۇرمۇشىدا ھۆسنىخەت سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشلە ـ نىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ . ھۆسنىخەت سەنئىتى ئىنسانلارغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىشتە ، ئەۋلات ـ لارنى ئىستېتىكىلىق تەربىيىگە ئىگە قىلىشتا ئەڭ ياخشى ۋاستىلارنىڭ بىرى .

ھۆسنىخەتنىڭ گۈزەللىكىگە مەدھىيە ئوقۇپ تارىختا ئۆتكەن بىر شائىر مۇنداق ياز ـ غان ئىكەن :

ھۆسنىخەت شۇنچە چىرايلىق نازىنىن دىلدارىدىن،
ئايغا ئوخشاش يورۇتادۇر كېچىنى ئەنۋارىدىن.
گۈل ئېچىلغانى ھامانە يەتكۈسى ۋاقتى خازان،
بۇ گۈلىستان زادىلا ئۆزگەرمىگەي گۈلزارىدىن.

مەدەنىيەت تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھۆسنىخەت سەن ـ ئىتىگە تولىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەت قارىغانلى ـ غىنى ھېس قىلىمىز . تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ تولىسى ئۇلۇغ ئالىم ، مۇ ـ تەپەككۇر ۋە ئەدىپ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلۇغ سەنئەتكار يەنى ئاتاغلىق خەتتاتلار ئىدى . ئۇ زامانلاردا بىرەر كىشىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتە ، ئۇنىڭ ئىستېتىكىلىق تەربىيىلىنىشىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەشتە ، ئۇ كىشىنىڭ خۇشخەت بىلىش ـ بىلمەسلىكى مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرسى قىلىناتتى . خۇشخەت كىشىلەر ـ جەمىيەتتە قەدىرلىنەتتى. خېتى سەت كىشىلەر ئۇنچە كۆزگە ئىلىنمايتتى . مەدرىس ۋە مەكتەپلەردە ھۆسنىخەت دەرسى ئۆتۈلەتتى ۋە ھەر دائىم ھۆسنىخەت مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. ھۆسنىخەتكە قويۇلغان تەلەپتە ھەم مەشقنى تۈزۈش ، ھەم ئە ـ لىمنى تۇتۇش بىردەك تەكىتلىنىدۇ . يەنى نوقۇل ھالدا ھۆسنىخەتنى مەشق قىلىش بىلەن ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزگىلى بولمايدۇ . بەلكى ، ھۆسنىخەت مەشقىنى يۇقىرى دەرىجىدىكى بىلىم بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلالايدۇ . «خۇشخەت بىلەن يېزىلغان مۇراجى ـ ئەتلەر ئاسانراق ھەل بولىدۇ » دەيدىغان گەپ بار . ئۇز ئارا تەكلىپ ۋە خەت ئالاقە ـ

لارنى يېزىشقاندا ، ئىلاجى بار خۇشخەت بىلەن يېزىش ياخشى ئادەت ۋە ئىسىل پەزىلەت قاتارىغا كىرىدۇ .

ئەجدادلىرىمىز سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدە چەكسىز مول كەشپىياتلارنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆسنىخەت سەنئىتى جەھەتتىمۇ ئىنتايىن گۈزەل شەكىللەرنى ئىجات قىلىپ، بىزگە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى .

ھۆسنىخەت سەنئىتىمۇ، سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر . خەلقىمىز كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا قوللانغان يېزىقىغا نىسبەتەن تولۇپ تاشقان مېھرى مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ ھۆسنىخەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، ئەجدادلىرىمىز كەشىپ قىلغان ھۆسنىخەتنىڭ ئېسىل ئۈلگىلىرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ، بېيىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سول لۇشيەنىنىڭ كاساپىتىدىن ، كىشىلەر راھى نەزەردە تۇتۇلماي بىر مەزگىل بۇ يېزىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ،ھۆسنىخەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ چېكىنىش يۈز بەرگەن ئىدى . پارتىيە 3 - ئومۇمى يىغىنىنىڭ توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا، مەدەنىيەت تارىخىمىزدا خەلقىمىز بىلەن مىڭ يىللاردىن بېرى بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قايتا گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى .

تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەندە ، ھۆسنىخەت سەنئىتى تەربىيىسىگە سەل قاراش كەيپىياتى ياكى ئۆزىمىزنىڭ قەلىمىمىز خۇشخەت بولۇشىغا ئۇنچە ئېتىۋار قىلماسلىق خاھىشى بارلىققا كەلدى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھۆسنىخەتنىڭ بار بولغان ئەنئەنىۋى نۇسخىلىرى بۇزۇلۇشقا ياكى نۇسخىلار قالايمىقان بولۇشقا باشلىدى. خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىلمىي ئاساستا ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى پىششىق ئىگەللەش زۆرۈر .

قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىشلەتكەن ، مۇستەقىل شەكىل (نۇسخا) بولۇپ كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا تونۇلغان ھۆسنىخەت نۇسخىسى 12 خىل بولۇپ ، بۇلار :

1) تەلىق نۇسخىسى ، 2) سۇلۇس نۇسخىسى ، 3) جېلى سۇلۇس نۇسخىسى، 4) رىقئە نۇسخىسى، 5) مۇھاققاق نۇسخىسى 6) ئىجازەت نۇسخىسى ، 7) دىۋانى نۇسخىسى، 8 ) جېلى دىۋانى نۇسخىسى ، 9) سىياقات نۇسخىسى، 10) جېلى تەلىق نۇسخىسى، 11 ) نەسخ نۇسخىسى ، 12 ) توغرا نۇسخىسىدىن ئىبارەت .

يۇقىرىدىكى نۇسخىلاردىن باشقا يەنە نەقىشلەنگەن خەت (رەسىملىك خەت ) دەپ ئاتىلىدىغان سان - ساناقسىز ئوبرازلىق خەت نۇسخىلىرى بولۇپ ، بۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەنئەنىۋى ھۆسنىخەت نۇسخىلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بۇنداق رەسىملىك خەتلەر كۆپىنچە ئىدارە - ئورگان، دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرى ، كىنو - تىياتىرلارنىڭ ئېلانلىرى ، تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ ماركا - قەرتلىرى ، كىتاپ - ژورناللارنىڭ نامى ۋە ماۋزۇلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . رەسىملىك خەتلەر يېزىلماقچى بولغان مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ، ئىشلىنىدىغان ئورۇنىنىڭ تەلە-

ۋىگە ئاساسەن تاللىنىپ، ياكى ئىجاد قىلىنىپ يېزىلىدۇ. رەسساملىك خەتلەر ئومۇمەن ھۈنەر سەنئەت كەسىپلىرىدە ئۇقتىلىق تەدقىق قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدا ئىزچىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەر بار:

ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان قەلەم بامبۇك قومۇشى، ياكى ئىرغاي ياغىچىغا ئوخشاشلاردىن ياپىلاغلاپ ئۇچلۇنۇپ قەلەمنىڭ ئۇچى سەل - پەل قىيپاچ كېسىلىپ ياسىلىدۇ. قەلەمنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى خەتلەرنىڭ تىك سىزىقلىرىنىڭ ئىنچىكە، توغرا سىزىقلىرىنىڭ توم چىقىشىنى، تىك سىزىقتىن توغرا سىزىققا، توغرا سىزىقتىن تىك سىزىققا بۇرۇلىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ ناھايىتى تەبىئىي ۋە نەپىس بولۇشىنى توم ۋە ئىنچىكە سىزىق ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت ئۇيغۇر خەتتاتچىلىق سەنئىتىدىكى ئەڭ مۇھىم بەدىئىي خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ھۆسنخەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۆلۈك ھالدا بىر سىزىق ياكى قوش سىزىقنىڭ ئىچىگە قىستاپ كىرگۈزۈلمەيدۇ. بەلكى ھەرپلەر شەكلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، يېزىلىدىغان خەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ھەرپلەر خەت قۇرلىرىدىن ئىختىيارى ئورۇن ئالىدۇ، بۇ ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدىكى ئىككىنچى بەدىئىي خۇسۇسىيەتتۇر.

بۇنىڭدىن باشقا خەتنىڭ كومپوزىتسىيىسى يەنى ھەرپلەرنى قەغەز يۈزىگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھۆسنخەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ا»، «ل»، «ك»«ڭ» غا ئوخشاش ھەرپلەر قەغەز يۈزىدىن ئورنىغا قارىتا ئورۇن ئېلىپ، «ئالغا»، «ئاكاڭ»، «بالاڭ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى يازغاندا، خەت قۇرلىرى توشۇدۇ. «س»، «ت»، «ە»، لارغا ئوخشاش ھەرپلەر خەت قۇرىدىن ئۆزۈنىسىغا قارىتا ئورۇن ئېلىپ، «سېستىمىسى»، «مىنىستىرى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى يازغاندا، خەت قۇرىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرەپلىرى بوش قالىدۇ. «پ»، «ي» «ق»، «ن»، «ۋ»، «ر» غا ئوخشاش ھەرپلەر خەت قۇرىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىن ئورۇن ئېلىپ بۇنى يازغاندا قۇرنىڭ ئۈستى تەرىپى بوش قالىدۇ. ھەرپلەر شەكلىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر ھۆسنخەت يازغاندا خەت قۇرىدىكى ھەرپلەرنىڭ زىچ ۋە شالاڭلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خەتتات سىزىقلىرى مۇرەككەپ بولغان ھەرپلەرنى يازغاندا، ھەرپ سىزىقلىرىنى ئىنچىكىرەك سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ھەرپ شەكلى ئاددىي ۋە شالاڭ بولغانلىرىنى ئۈستىگە دەستىلەش ياكى توم سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىلەن خەتنىڭ زىچ - شالاڭلىقىنى تەڭشەيدۇ. شۇنىڭدەك خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە قۇر ئارىلىقلىرى قەغەز يۈزىدىن مۇۋاپىق ئورۇن ئېلىشى لازىم. بىر پارچە ھۆسنخەتتىكى ھەرپلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى باشتىن - ئاخىر ئوپ - ئوخشاش بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

خەتتاتچىلىق سەنئىتىدە ھەر بىر نۇسخىنىڭ ھەرپ شەكلىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولىدۇ ۋە بۇ نۇسخىدا باشتىن - ئاياق پەقەت شۇ شەكىلدىلا يېزىلىدۇ. ئۇنى ئىختىيارى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مەلۇم بىر نۇسخىدىكى ھەرپلەرنىڭ شەكلى بىر - بىرىگە زىچ ماسلاشقان ۋە ئوخشاش پۇراق ئالغان بولىدۇ. نۇسخا دېگىنىمىز - ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن ئەسىرلەر داۋامىدا

ـنجات قىلىنىپ، تەدرىجى مۇكەممەللىشىپ، كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، كىشى- لەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ تونۇلغان ھۆسنىخەتنىڭ مەلۇم شەكلىدىن ئىبارەت. پەقەت ھەرپ شەك- لىدە ۋە ئۇنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىدا ئۆزىگە خاس رۇشەن ئالاھىدىلىكنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا، نۇس- خا ماۋجۇت. ئالاھىدىلىك بولمىسا نۇسخىمۇ بولمايدۇ. بىر نۇسخىدىكى ھەرپلەر شەكلىنىڭ ئوخشاش بىر پۈراققا ئىگە بولۇشى - ئۇنىڭ ئالامىلىكىدىن ئىبارەت. ھۆسنىخەتنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى- نى بىلمىگەن كىشىلەر ھۆسنىخەت يازغاندا، ھىلى بۇ نۇسخىدىن بىر ھەرپ ئالسا، ھىلى ئۇ نۇس- خىدىن بىر ھەرپ ئالىدۇ. ياكى ئۆزى بىلگەنچە بىرەر ھەرپ شەكلىنى شۇ نۇسخا ئىچىگە ئارىلاش- تۇرۇپ، ئەنئەنىلىك نۇسخىنى بۇزىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق يېزىلغان خەت ھېچقايسى نۇسخىغا تە- ۋە بولمىغان، ھەرپ شەكلىدە بىرلىك بولمىغان، ھەرپ شەكىللىرى بىر - بىرىگە ماسلاشمىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنىڭ ھەرپ شەكلىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پۇختا تونۇشۇشى، ئەڭ ياخشىسى بىر مەزگىل بۇ نۇسخىلارنى ئۆز ئەينەن كوچۈرۈشنى مەشىق قىلىشى زۆرۈر.

تۆۋەندە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەر كوپرەك ئىشلىتىدىغان بىر قانچە ھۆسنىخەت نۇس- خىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھەرپ شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

تەلىق نۇسخىسى. تەلىق نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىگى خەتنىڭ ھەرپلىرى بىر - بىرىگە بىھو- دە قىستالمايدۇ. ھەرپلەر دانە - دانە يېزىلىپ، بىر - بىرىنى كېسىپ ئوتەلمەيدۇ ۋە بىر سوز بى- لەن ئىككىنچى بىر سوزنىڭ ھەرپلىرى ئۆز - ئارا تۇتاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇسخىنى ئوقۇش ناھايىتى قۇلايلىق. تەلىق نۇسخىسى كوپ ئىشلىتىدىغان نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ، قول يازما كى- تاپلارنىڭ كوپ قىسمى مۇشۇ نۇسخا بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان.

تۆۋەندىكىسى تەلىق نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى ( شەكلى ئوخشايدىغان پەقەت چە- كىت بىلەن پەرقلىنىدىغان ھەرپلەردىن بىرسىلا يېزىلدى ):




تەلىق نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئومۇمەن ھەرپلەر- دىكى تىك سىزىقلار ئىنچىكە يېزىلىپ، توغرىسىغا تارتىلغان سىزىقلار توم يېزى- لىدۇ. چىكىتلەر بولسا، قەلەمنىڭ كەڭلى- گىدە قىيپاچ تورت چاسا قىلىپ قويۇلىدۇ. ھەرپلەر ئىچىدىكى تىك سىزىقلار كالتىرەك تارتىلىپ، سەل- پەل ئالدىغا ئېگىشتۈرۈلىدۇ. يالغۇز «ا» نىڭ يۇقۇرى ۋە تۆۋەن ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، يۇقۇرى ئۇ- چى سەل - پەل ئالدىغا، ئاستىنقى ئۇچى سەل - پەل ئارقىغا ئېگىلىدۇ. بۇندىن باشقا «م»، «ق»، «و»، «غ» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ كوزى پۈتەي ئېلىنىدۇ. پەقەت ئوتتۇرا «ق» نىڭلا كوزى ئوچۇق بولىدۇ. «ن»، «ق»، «ل»، «ى» غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ ئېتىگى يۇملاغراق يەنى ئاتنىڭ تۇۋ- ۋىغا ئوخشاشراق ئېلىنىدۇ. «ن» ھەرپىنىڭ چېكىتى دەل ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. «د» ھەرپىنىڭ ئۈس- تۈنكى يېرىمى توم، ئاستىنقى يېرىمى ئىنچىكە يېزىلىدۇ. «ر» ھەرپى باشقا نۇسخىلارغا قارىغاندا، قىسقىراق يېزىلىپ، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى توم بولىدۇ. «س»، «ش» ھەرپلىرىنىڭ دىشا-

رى ئىنچىكە يېزىلىدۇ (بولۇپمۇ بىرىنچى دىشى ھەم كىچىك، ھەم ئىنىچىكە بولۇپ كېيىنكىلىرى تەدرىجى چوڭىيىپ بارىدۇ) "س" ، "ش" ھەرپلىرى زورۇر تېپىلغاندا، دىش چىقىرىلماي، ئۇزۇن سىزىق بىلەنمۇ يېزىلىدۇ. تەلىق نۇسخىسىدىكى بەزى ھەرپلەر كېلىش ئورنىغا قاراپ، بىر قانچە خىل يېزىلىدۇ. لېكىن خەت ھەرگىز بىر تەكشىلىك ھالىتىدە يېزىلمايدۇ. بەلكى سوزلەرنىڭ بېشى سەل يۇقۇرى كوتۇرۇلۇپ، ئاخىرى سەل تۆۋەن چۈشىدۇ. بۇنداق يېزىلغاندا، بىرىنچى سوزنىڭ قۇيرىغىنى ئىككىنچى سوزنىڭ بېشى بېسىپ ئوتۇشمە بولغانلىقتىن خەتنىڭ سىغىمچانلىقى يۇقۇرى بولىدۇ،

مەسلەن:



سۇلۇس نۇسقىسى . سۇلۇس نۇسخىسى تەلىق نۇسخىسىدىن قالسىلا ئەڭ كوپ ئىشلىتىلىدۇ . بۇ نۇسخا كوپىنچە ئەقلىيە ، مەرسىيەت ، نەسىھەت سوزلىرى ، خاتىرە تاشلارۋە ئايەتلەرنى يازغاندا، كوپرەك ئىشلىتىلىدۇ .

سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى شۇكى ، بۇ نۇسخىنى يازغاندا خەتنىڭ قۇرۇلمىسى نىسبەتەن زىچ ۋە تەكشى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . خەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بىر پۈتۈن ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ نۇسخىدا ھەرپلەرنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ يېزىشقا بولىدۇ.ھەتتا ئايرىم ئەھۋال ئاستىدا ھەرپلەر بىر - بىرىنى كېسىپ ئوتىشىدۇ . ئومۇمەن ئالغاندا قۇر ئۈستىدە بوشلۇق قالدۇرۇلمايدۇ . ھەرپلەرنى زىچ جايلاشتۇرۇش ، بوشلۇق قالدۇرۇماسلىق سۇلۇس نۇسقىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ، زورۇر تېپىلغاندا ھەرپ ئارىلىرىغا ئەسلىدىكى ھەرپ سىزىقلىرىدىن ئىنچىكە سىزىق بىلەن " ٧ " گە ئوخشاش مايسا شەكلى قويۇلۇپ ، ئارىلىقتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ ، خەتكە زىننەت كىرگۈزۈلىدۇ .

تۆۋەندىكىسى سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى :



سۇلۇس نۇسخىسىنى يازغاندا بارلىق ھەرپلەرنىڭ ئۈستىخىنى چوڭراق يېزىلىدۇ. " ا " "ل" غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ تىك سىزىقلىرى ئۇزۇنراق تارتىلىپ ، سەل - پەل ئارقىغا ئېگىشتۇرۇلىدۇ. " ا " ، "ل" ھەرپلىرى يالغۇز ياكى سوزنىڭ بېشىدا كېلىپ، ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتا يېزىلسا، ئۇچاغدا تىك سىزىقنىڭ ئۈستىدە كىچىك ئىلمەك پەيدا بولىدۇ. چۈنكى قەلەمنى قەغەز ئۈستىگە قويۇش بىلەن تەڭ سەل ئۈستىگە كوتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تۆۋەنگە تارتقانلىقتىن بۇ جايدا كىچىك بىر ئىلمەك ھاسىل بولىدۇ . ئەگەر بۇ تىك سىزىقلار تۆۋەندىن يوقۇرىغا قارىتا تارتىلىشقا توغرا كەلسە ، ئۇ چاغدا تىك سىزىق ئۈستىدە كىچىك ئىلمەك ھاسىل بولمايدۇ . سۇلۇس نۇسخىسىدا " م " " ۋ " " ق " ، " و " ، " ە " غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ كوزى پۈتەي بولماستىن ، بەلكى ئوچۇق بولىدۇ . " ن " ، " ق " ، " ل " غا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ ئېتىگى تەلىق نۇسقىسىدەك يۇمىلاق ئەمەس ، ئەمما سىزىق بىرلىكى چاسىراق ئېلىنىدۇ .

سۇلۇس نۇسقىسىدا مۇتلەق كۆپ ھەرپلەرنىڭ شەكلى يوقۇرىدىكى ئېلىپبەدە كۆرسىتىلگەندەك ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ، بۇ خەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قوللىنىلىدۇ. " ن " ھەرپىنىڭ چېكىتى سەل ئالدىغىراق قويۇلىدۇ . " ت " ۋە " ق " ھەرپلىرىنىڭ چېكىتى زورۇر تېپىلغاندا تىك قويۇلسىمۇ بولىدۇ " ش ۋە " چ " ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى چاسا ياكى يۇمىلاق شەكىلدە قاتار قويۇلسىمۇ بولىدۇ .

تۆۋەندىكىسى سۇلۇس نۇسخىسىدا يېزىلغان سۆزلەر :



جەلى سۇلۇس نۇسخىسى. جەلى سۇلۇس نۇسخىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ شەكلى سۇلۇس نۇسخىسىدىكى ھەرپ شەكىللىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ ، ھەرپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . جەلى سۇلۇس بىر خىل بىزەش خاراكتېرىدىكى نۇسخا بولۇپ ، بۇنىڭدا ، ئاساسەن ، شەكىل قوغلىشىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نۇسخا ، بىر قاراشتىلا بىر پارچە نەقىشقىلا ئوخشايدۇ . جەلى سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەقىش ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ . بۇ نۇسخا كۆپىنچە موھۇر ، تامغىلارنى ئويغاندا ، مېھراپ ياكى قۇببىلارنىڭ ئۈستىگە يازغاندا قوللىنىلىدۇ . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئەتلىرىدە جەلى سۇلۇس نۇسقىلىرىنى ئۇچرىتىمىز .

جەلى سۇلۇس نۇسخىسىنى يازغاندا مەلۇم شەكىلنىڭ ئىچىنى ھەرپلەر بىلەن تولدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن ، ھەرپلەرنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىلەش ، تىك سىزىقلار ئۈستىدىن توغرا سىزىقلارنى كېسىشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈش ، ھەتتا بىر جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىلەپ ، ئۆز - ئارا كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق بوش ئورۇننى تولدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇ نۇسخىدا يەنە ھەرپ شەكلىدىكى ئالاھىدىلىكلەردىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئايرىم سۆز بېشىدا كەلگەن " ج " ، " خ " ، " غ " غا ئوخشاش ھەرپلەرنى يالغۇز ھەرپ شەكلى بىلەن كىرىشتۈرۈپ يېزىپ ، ئىلاجى بار نەقىش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ . ھەرپلەرنىڭ چېكىتلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش قولايسىز بولغاندا ، ياكى خەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا چېكىتلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويماي ئورنىنى مۇۋاپىق يۆتكەپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ .

جەلى سۇلۇس نۇسخىسىدا ئۇيغۇر خەلق نەقىشلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان ۋە بىزەك پۇرىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن بۇ نۇسقا بىلەن تونۇشلىقى بولمىغان كىشىلەر ئاسانلىقچە ئۇنى ئوقۇيالمايدۇ . ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنى ئاسان ئوقۇغىلى بولىدۇ . جەلى سۇلۇس نۇسخىسىدىكى خەتلەرنى ئاستىدىن - ئۈستىگە قارىتا ئوقۇش لازىم .

(جەلى سۇلۇس خەت نۇسخىسى 108 - بەتتە)

رىقئە نۇسخىسى . بۇ نۇسخىنىڭ ئاساسى شەكلى تەلىق نۇسخىسىغا ئازراق يېقىن كەلگەندەك كورۇنسىمۇ ، يەنىلا بۇ نۇسخىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار . رىقئە نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى تەلىق نۇسخىسىغا قارىغاندا ، كالتە ، دىقماغراق كېلىدۇ. تىك سىزىقلىرى بىلەن توغرا سىزىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇق ـ سىمىزلىك پەرقى ئازراق بولىدۇ. بۇ نۇسخىدىكى ھەرپلەرنىڭ كوپ ـ چىلىكى قىسمەن تۆز سىزىق تۈسىنى ئالغان بولۇپ، چېكىتلىرى دانە ـ دانە قويۇلماستىن، سىزىقچە، ئاچماق ۋە ئۇلانما شەكىللەردە قويۇلىدۇ . " س " ، " ش " ھەرپلىرى بەزى ئورۇنلاردا دىش چىقىرىپ يېزىلسا، بەزى ئورۇنلاردا دىش چىقىرىلماي يېزىلىدۇ. " ق "، " ن "، " ت " غا ئوخشاش ھەرپلەر يالغۇز ياكى سوزنىڭ ئاخىرىغا ئۇلۇنۇپ كەلگەندە، چېكىتلىرى ئايرىم قويۇلماستىن، شۇ ھەرپلەرنىڭ قۇيرۇغىغا ئۇلۇنۇپ يېزىلىدۇ. "ك"، "ڭ" ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىدىكى "ء" بەلگۈسىمۇ شۇ ھەرپلەرنىڭ قۇيرۇغىغا ئۇلۇنۇپ يېزىلىدۇ. ج، خ ھەرپلىرىمۇ ئېھتىياجغا قاراپ، تېز يېزىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر قانچە خىل يېزىلىدۇ. "ق"، "ن"، "ل" ھەرپلىرىنىڭ ئېتىگى تەلىق نۇسخىغا قارىغاندا سەل كىچىكرەك بولۇپ، بەكمۇ يۇمۇلاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا رىقئە نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى تىزراق يېزىشقا قولايلىق بولغانلىقتىن، بۇ نۇسخا لىكسىيە، خاتىرىلەرنى يېزىشتا، ئوز ئارا خەت ـ ئالاقىلىرىدا كوپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

رىقئە نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

نەسىھ نۇسخىسى: نەسىھ نۇسخىسىنىڭ ھەرپلىرى ئاساسەن مەتبە ھەرپلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ نۇسخىدا ھەرپلەر چوڭ جەھەتتىن بىر سىزىقنى بويلاپ ئورۇن ئالىدۇ. لېكىن ھەرپلەرنىڭ ئۈستىخىنى ئولۇك ھالدا تۈز سىزىققا بەنت قىلىنماي يەنىلا ئەۋرىشىملىكنى ساقلاپ قالىدۇ. نەسىھ نۇسخىسىنىڭ تىك سىزىقلىرى ئۇزۇنراق ئېلىنىپ، ئاساسەن تىك تارتىلىدۇ. نەسىھ نۇسخىسى ئەڭ ئادەتتىكى نۇسخا بولۇپ بۇنىڭ ھەرپ شەكىللىرىدە مۇرەككەپ ئوزگىرىشلەر بولمايدۇ. بۇ يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئاساسىي مەشىق ماھارىتىنى يېتىشتۇرۇشتە ئوبدان ۋاستىنىڭ بىرى. بۇ نۇسخىنى يېزىش ۋە ئوقۇش بىر قەدەر ئوڭاي بولغانلىقتىن بىر ئاز پەمى بار كىشىلەر بۇنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ.



(نەسىھ خەت نۇسخىسى 108 ـ بەتتە)

يۇقىرىدىكى نۇسخىلاردىن باشقا، مۇھاققاق، ئىجازەت ۋە دىۋانى نۇسخىلىرىنىڭمۇ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئانچە تار ئەمەس. بىز يۇقىرىدىكى 5 خىل نۇسخىنى پۇختا ئۆگەنسەك باشقا نۇسخىلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىگەللەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

ھوسنىخەت سەنئىتىدە مۇشۇنداق مول، قىممەتلىك مىراسلارغا ئىگىمىز. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ سەنئەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تېخىمۇ رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئاچقۇچ

( ھېكايە )

راخمانجان رۇسۇل

باشلىق ئۆز ئىشخانىسىنىڭ ئاچقۇچىدىن بىرىنى قاسىمغا ئۇزىتىۋىدى، قاسىم خۇددى تۇنجى قېتىم ئاچقۇچ كۆرگەن ئادەمدەك، ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئاچقۇچنىڭ ئۇياق - بۇيىقىغا بىر ھازا قارىۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقىغا سېلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاچقۇچنى ئاستا سىلاپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، ئاغزىنى ئاجايىپ بىر چاكىلدىتىۋىدى، داپتەك يوغان كاچىتىدىكى بولجۇڭ گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى.

باشلىق شىرە ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ قايتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، قاسىم تېخى يېرىم سائەت بۇرۇنلا سۈرتكەن شىرەنى قايتا سۈرتىۋاتاتتى. باشلىق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قولىدىكى لاتىنى قويدى ۋە ئاچقۇچقا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قاراۋالدى-دە، ئاچقۇچ ئېسىدىغان ھالقىسىغا ئاۋايلاپ ئۆتكۈزۈپ تارتىپ باقتى، ئاچقۇچنىڭ چىڭ تۇرغانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، ئاۋايلاپ سوكچىكىگە ئېسىۋالغاندىن كېيىن، دېرىزە يېنىغا كېلىپ ئۇدۇلدىكى سۇ تۇرۇبىسىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، ئارىدىن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى سەزمىدى بولغاي، چىلەك كۆتىرىپ سۇغا ماڭغان باشلىقنى دېرىزىدىن كۆرگەندىن كېيىنلا، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقتى ۋە ئىشىكنى ئاۋايلاپ قۇلۇپلاپ، بىر قولى بىلەن سوكچىكىگە ئېسىلغان ئاچقۇچنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ قويۇپ سۇ تۇرۇبىسى ئالدىغا باردى.

— تېخىچە قايتماپسىز - دە ؟ - باشلىق ھىجايدى.

— ھە، ئىشخانىنى تازىلاپ مەشكە ئوتۇن تىزىۋەتتىم، - دېدى قاسىم سۇ چۈشۈۋاتقان تۇرۇبىنىڭ جۈمىكىنى چوڭراق ئېچىۋېتىپ، - ئەتىگەندە كېلىپ ئىشخانىنى تازىلاپ، ئوت يېقىپ بولغىچە ۋاقىت ئۆتۈپ خىزمەتكە تەسىر يېتىدىكەن.

باشلىق قاسىمنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلىمىدىمۇ، "پىسەنتىدە" بىرنى كۈلۈپ قويۇپ سۇغا توشقان چىلەكنى ئېلىش ئۈچۈن ئېگىلىشتى. قاسىممۇ چاققانلىق بىلەن ياندىكى چىلەكنى تۇرۇبىغا توغرىلاپ قويۇپ، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويغان بالداقنى ئېلىپ، بىر تەرىپىنىڭ ئىلگىكىنى توشقان چىلەكنىڭ بېغىغا ئىلدى ۋە يەنە بىر چىلەكنىڭ تېزراق توشۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ قاراپ تۇردى، چىلەك تېخى ئوتتۇرا بولۇشىغا باشلىقنىڭ بالداقنى ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر ئىلگىكىنى تېخى تولمىغان چىلەكنىڭ بېغىغا ئىلدۇرۇپ باشلىققا كەينىنى قىلىپ دوگىيىپ تۇردى، ئۇنىڭ چىلەكنى كۆتىرىشكە تەمشىلى-

ۋاتقانلىغىنى كورگەن باشلىق:

— مەن ئۆزۈم ئەكىرەي، سىزنى ئاۋارە قىلماي!— دېدى.

— يوقسۇن بىز تۇرۇپ سىلىنى سۆكوتەرتەمدۇق ؟— قاسىم ئەپچىللىك بىلەن ئەپكەشنى " لىككىدە " كوتىرىپ مېڭىپ كەتتى، باشلىق قاسىمنىڭ ئىتتىن ھۆككەن ئودەكتەك ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ ماڭغانلىغىدىن كۇلدىمۇ ئىش قىلىپ بىر خىل كۈلۈپ قويۇپ قاسىمنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىرىماي ماڭغىنىچە ئۆدۈل مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . قاسىمنىڭ چېلەكتىكى سۈنى تۆڭگا قۇيۇپ قايتا سۈغا ماڭغانلىغىنى كورگەن باشلىقنىڭ خوتۇنى:

— قويىسلا بولدى، بىز ئۆزىمىز ئەكىرىۋالىمىز، — دېدى.

بىراق باشلىقنىڭ سۈغا چىقىشىنى بىرەر سائەتكە يېقىن ساقلىغان قاسىم، خىزمەت قىلىۋېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي، ھايت — ھۇيت دېگىچە چوڭ تۆڭنى تولغۇزۇۋەتتى، ئۇ ھەر قېتىم سۇ ئەكىرىپ تۆڭگا قۇيغاندا، باشلىقنىڭ ئۇۋقىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چىك — چىك يوتۇلۇپ قوياتتى، سۇنىڭ شاقىرىغان ئاۋازىنى چىقىرىش ئۈچۈن، چېلەكنى ئىگىز كوتىرىپ تۆكەتتى، تېزلىك توشقاندىن كېيىن ھويلىغا چىقىپ پالتىنى قولىغا ئالدى — دە، ئوتۇن ئىزلىدى. بىراق ھويلىدا يارغىدەك ئوتۇن بولمىغىنى ئۈچۈن باشلىقنىڭ خوتۇنىدىن سوراشقا مەجبۇر بولدى:

— يارىدىغان ئوتۇن — پوتۇن بولسا يېرىۋېتىپ چىقىپ كېتەي دېۋىدىم.

— ئوتكەن كۈن يېرىپ بەرگەن ئوتۇنلىرى تېخى تۈگىمىدى، رەخمەت سىلىگە!— دېدى باشلىقنىڭ خوتۇنى.

— رەخمەت دېگىدەك نېمىسى بار دەيلا ؟ بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، تۆڭ توشتى، تۈگىسە يە-

نەمەن بار، دېدى — دە، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

☆

قاسىم ئۆيىگە كىرگەندە خوتۇنى ئىشتىن كېلىپ، كىنوغا ئالدىرىغاچقا، تاماقنى ئەتمەي ئولتۇرغان ئىدى.

— بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى ؟ باشقىلار ئىشتىن چۈشكىلى بىر سائەتتىن ئاشتى، — قاسىمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاچچىغى كەلدى، — كۆندە بالدۇر كېلىپ تاماق تەييارلىغى قىلىدىغان ئادەم ...

— مۈھىم بىر ئىش بىلەن كېچىكىپ قالدىم، — قاسىم باشقىچە ھەجىيىپ سوڭگۈچىگە ئېسىۋالغان ئاچقۇچىنى سىلاپ قويدى، خوتۇنى ئۇنى پەرق ئەتمىدى بولغاي " مۈھىم ئىش "نى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى.

قاسىمنىڭ خوتۇنى بىر كۈن كىنودىن قالسا ئۆيقىسى كەلمىگەچكە، چاي ئىچىپلا كىنوغا چىقىپ كەتتى. قاسىم بالىنى ئۇخلۇتۇپ ئىشخانىغا بېرىپ، چىراغنى ياققاندىن كېيىن، ئاللا بۇرۇن تەييارلاپ قويغان پارتىيەنىزامنامىسى بىلەن " پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماس "نى باشلىق ئولتۇرىدىغان شىرە ئۈستىگە يېيىپ قويدى — دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆيىگە كىرگىچە:" ئاۋادا باشلىق ئىشخانىغا كىرىپ قالسا داۋاملىق ئۆگىنىش قىلىدىكەن، پارتىيىگە كىرىش تەلۋى ئۈستۈن ئىكەن، دەپ ئىشلىرىم تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتەمدۇ — نېمە ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈپ قويدى. ئۇ خوشلىغىدا بالىلىرىنىڭ ئىكىيىم-كېچەكلىرىگە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ بىر قانچە قۇر كىيىمىنىمۇ يۇيىۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ كىرىشىنىمۇ كۈتمەي ئۇخلاپ قالدى.

× ×

تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى بوۋاقنىڭ يىغىسى قاسىمنىڭ شىرىن چۈشىنى بۇلىۋەتتى. لەززەت-

لىك چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرەلمىگەن قاسىم نىمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ قەيتىپ، داۋامىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىنى چىڭ يۇمغان بولسىمۇ، قايتا ئۇخلىيالمىدى، ئۇ قوپۇپ كەتمەكچى بولۇپ كىيىمىنى كىيىۋاتقاندا ئۇنىڭ چۈشى يادىغا كېلىۋالدى...

قاسىم چۈشىدە "مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاپ" مەزگىلىدىكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۈرمىگە كىرگەنلىك جىنايى پاكىتلىرى قارا ماتېرىيال قاتارىدا كۆيدۈرۈلۈپ، ئەينى چاغدىكى جۇيجاڭلىق ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلگەنمىش، ھېلىقى باشلىق ئىشخانىسى ئۇنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسى بولغانمىش، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا تازىم قىلىپ، "ئىنقىلاپ" مەزگىلىدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق سوغا-سالام كىلىپ ئۇيلىرىنى توشقۇزىۋەتكەنمىش، جۈرئەتنىڭ بويىنىغا تاختا ئېسىلىپ سازايى قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغانمىش، ئۇ بىر پىكاپقا چىقىپ كوچىلاردا ئايلىنىپ، باشقىلارغا قول ئىشارىتى بىلەن كۆز - كۆز قىلىۋاتقانمىش...، ئەگەر بالىنىڭ يىغىسى ئۇنى ئويغىتىۋەتمىگەن بولسا بەلكى بۇنىڭدىنمۇ خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرگەن بولاتتىمكىن، تاڭ...

قاسىم ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، چۈشىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇخلاۋاتقان بالىغا بىر ئالىيىپ قويدى - دە، سەھەردىلا ئىشخانىغا كەلدى. ئاخشام كورۇشكە ئۈلگۈرمىگەن گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ، كۆزى ناھىيىدە ئېچىلغان بىر يىغىن توغرىسىدىكى جۈرئەتنىڭ ماقالىسىغا چۈشكەندە، قاتتىق بىر چۆچىدى - دە، ماقالىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن گوھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتتى، چۈنكى ماقالىدا باشلىق بىر يەردىمۇ تىلغا ئېلىنماي، كوللېكتىپ رەھبەرلىككە ۋەدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىدى بۇنى دەستەك قىلىپ باشلىقتا چېقىش ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىنى بىردەمدىلا يەنە جىددىلىك قاپلىدى، ئۇ بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئوتكەن ئايدىكى گېزىتنى مالتىلاپ جۈرئەتنىڭ بىر پارچە شېئىرى ۋە بىر فوتورەسىمىنى تاپتى. قاسىم جۈرئەتنىڭ "جىنايى" پاكىتلىرىنى باشلىق ئولتۇرىدىغان شىرە ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ، يىنىككىنە دىمىغىنى قىقىپ قويدى - دە: "سەن ئەندى تۇگەشتىڭ جۈرئەت" دەپ قويدى.

باشلىق ئىشخانىغا كەلگەندە ئۇ مەشكە ئوت يېقىپ، ئۆينى خۇددى تومۇزكۈنىدەك ئىسسىتىۋەتكەن ئىدى، باشلىق كىرىپلا ئۆينىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ پەلتوسىنى سېلىپ ئاسقۇچقا ئىلاي دەۋاتقاندا، چاپاننى ئىككى قوللاپ ئالدى - دە، يانچۇقىدىكى قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇ يەر - بۇيەرنى قېقىشتۇرۇپ، "پۇھ، پۇھ!" دىۋەتكەندىن كېيىن ئاۋايلاپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويۇپ، رازىمەنلىك بىلەن باشلىقنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى. باشلىق شىرە ئالدىغا كېلىپ، يېيىلغان گېزىت - ماتېرىياللارغا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، گېزىتلەرنى شىرەنىڭ بىر تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويۇپ:

— كېچىدىن بېرى ئۈزگىنىش قىلغان ئوخشىمامسىز؟ - باشلىق قاسىمغا بىر قاراپ قويدى - دە، شىرەنى سۈرتكىلى تۇردى.

— مەن ئەيتاي! - دىدى قاسىم دەرھال يانچۇقىدىن تېخى ئاخشام يۇغان قول ياغلىقىنى چىقىرىپ باشلىقنىڭ قولىدىكى لاتىغا قول ئۇزۇتۇشقا پىتىنالماي، - ئەتىگەن بىر قۇرئېيتقان ئىدىم، يەنە ...، - ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي باشلىقنىڭ ئالدىنى كۆچاپ ئېيتقىلى تۇردى.

باشلىقنىڭ ئېچىپ قويغان گېزىت بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى سەزگەن قاسىم دەرھال گېزىتنى ئېلىپ:

ــ قارىماملا، ـ دىدىقولى بىلەن كورسىتىپ
ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك بولۇپتۇ، بۇ يىغىننى
باشتىن-ئاخىر سىلەباشقۇرغان ھەم سىلە ئۇيۇش-
تۇرغان تۇرسىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇھىم يولىيورۇق
بەرگەن تۇرسىلا سىلىنىڭ ئىسىملىرىنى ،
ھېچبولمىغاندا سىلىنىڭ 'يوليوروقلىرىنىمۇ
بولسا بىرەر يەرگە قىستۇرۇپ قويماپتۇ، ماۋۇ
شېئىر، ماۋۇ فوتو رەسىملىرىنى دىمەيلا؟ شېئىر-
نىڭ ئىمىسى " ئىناغلىق " بولسىمۇ، بۇ شېئىر
چىققاندىن كېيىن تەسىرى يامان بولدى، بول-
گۇنچىلىك رولىنى ئوينىدى، كىشلەرنى قۇترات-
تى، " قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا "
دەپ سىلىگە ھۇجۇم قىپتۇ...

باشلىق گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، بىر ھازا
قاراپ تۇرۇپ، كوزىنى چىمىلدىتىپ ئقويى-
غاندىن كىيىن:

ــ ھىم! ... ـ دەپ سوغاققىنە كۇلۇپ دىمى-
غىنى قاقتى، جۇرئەتنىڭ نوخۇنىسىنىڭ ئۇسۇپ
قالغانلىغىنىي خېلى بۇرۇن پايقىغان مەن.

ــ ئۇنى...ـ قاسىم بىردەم تۇرىۋېلىپ، باش
لىقنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۇرۇلۇپ، قاپىغىنىڭ لى-
پىلداۋاتقانلىغىنى كورگەندىن كېيىن يەنە دا-
ۋام قىلدى، ـ ئۇنى سىلە ئەندى بىلىۋاتاملا؟
ئۇنىڭ نوخۇنىسىنى ئوستۇرۇپ قويغان ئايرىم باش-
لىقلا، ھەدىسىلا ئارقىسىغا سېلىپ يۇرگەچكە، ئۇ مۇ-
شۇلارنىلا كوككە كوتىرىۋاتىدۇ، بەزىلەرگە
" مۇنارە " تىكلەۋاتىدۇ...

قاسىم باشلىققا يەر ئاستىدىن يەنە بىر قېتىم قارى-
ۋالغاندىن كېيىن ئوتقا ماي چاچماقچى بول-
ۋىدى، باشلىق ئۇنىڭ سوزىنى بولدى:

ــ ئۇنىڭ ئازراق ئەدىۋىنى بېرىپ، ئوزى-
مىزنى تونۇتۇپ قويۇشىمىز كېرەك: سىز بۇ شېئىرنى
تەرجىمە قىلدۇرۇڭ! ...

ــ بولىدۇ، ـ قاسىم تازىم قىلغاندا شىرەگە
بۇرنى تېگىپ كەتكىلى تاماس قالدى ، بۇگۇن
نەچچە ۋاقتتىن بىرى كوڭلىگە تىزغان گەپ ـ
سوزلىرىنى دىۋالغان قاسىم ئەتىگەنلىك تاماق
نىمۇ ئونتۇپ ئىشخانىدا بولدى.

× ×

جۇرئەت بۇ ئىدارىغا ئالماشقان بىر قانچە
يىلدىن بۇيان خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلىدى، ئۇ-
نىڭغا خىزمەتنىڭ ئوگىيى يوق بولۇپ ھەممە
ئىشنى تالىشىپ ئىشلەيتتى، ئۇ مەيلى باشلىق
بولسۇن ياكى بولمىسۇن، خىزمەتتە ئەستايىدىل،
يولداشلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە قىزغىن
ئىدى. شۇڭلاشقا كوپچىلىك ئۇنى ھورمەت قى-
لاتتى، تىلغا ئېلىپ ماختىشاتتى. بىراق يېرىم
يىلدىن بۇيانقى ئوزگىرىشلەريالغۇز جۇرئەتنىلا
ئەمەس ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇردى.

يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىداكوپچىلىك قىيىش-
قاندەك تولۇق ئاۋاز بىلەن جۇرئەتنى "خىزمەت
ئىلغارى" قىلىپ كورسەتتى، مۇتلەق كوپ سان-
دىكى يولداشلار ئۇنى پەۋقۇلئاددە مۇكاپاتلاشنى
تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش قاسىمنىڭ يۇرىگىگە
خەنجەر بولۇپ سانجىلىپ، ئېچىشقان يەرگە
تۇز قۇيغاندەك ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىل-
دى، گەرچە ئۇ، ئوتقۇيرۇغلۇق قىلىپ بەزىلەر-
گە "خىزمەت" ئىشلەپ كورگەن بولسىمۇ ئەكسىن-
چە بۇرنىغا يەپ، دەرھال باشلىقنىڭ قېشىغا
چاپتى. ئۇ كىرىپلام خۇددى نىرۋىسىدىن ئاز-
غان كىشىدەك دات ـ پەريات ئېيتتى:

ــ بولمىدى، ئىش بولمىدى،ـ ئۇنىڭ قىياپىتى
تولىمۇ بىچارە ئىدى، ـ ھەممەيلەن جۇرئەتنى
"نەمۇنىچى" قىلىپ سايلىۋالدى ، بىغىن كەي-
پىياتىنى شۇنچە بۇراپ باقساممۇ يارا يىلمە-
دەك شۇنىڭغىلا يوپۇشىۋالىۋاتىدۇ ...

باشلىق بىردەم ئويلانغاندەك قىلىپ، چېكىسىنى
بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ بىرقانچىنى تاسىل-
دىتىپ ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي
سوزلەشكە باشلىدى:

— سىز ئىگەللىگەن ئەھۋاللارنى تولۇقى بىلەن ئوتتۇرىدا قويۇڭ! ئەگەر ئۇ سەكرىمەي ئولتۇرسا بىر گەپ، ئوتتۇرىغا سەكرىسىچۇ؟ — دېدى - دە، سۆزىنىڭ ئاخىرىسىنى داۋاملاشتۇرالماي قولى بىلەن پۈتىنى كۆرسىتىپ قويدى.

— ئىككى پۈتىنىڭ بىر ئوتتۇككە تىقىلغىنىنى شۇ، دېمەكچىمىسىز، سىلە؟ - قاسىممۇ پۈتىنى كۆرسەتتى.

— ھەببەللى ! - دېدى باشلىق ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماقۇل! - قاسىمنىڭ خوشاللىقتىن ئاغزى قولىغىغا يېتىپ، كەينىچە مىڭىپ چىقىپ كەتتى- دە، يىغىن مەيدانىغا كىردى. ئۇ يىغىن مەيدانىنىڭ مەركىزىدە بىردەم قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن، ئاجايىپ مەغرۇر قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى:

— يولداشلار، - قاسىمنىڭ سۆز تەلەپپۇزى باشقىچە ئىدى، ئۇنىڭ چىكەتكىدەك كۆزى پۈتۈن يىغىن زالىنى كۆزىتەتتى، - سىلەر ئىشقا ئۇنچە سەل قارىماڭلار، جۇرئەتنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى رەھبەرلىككە مەلۇم. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، سىلەر ئىشىنىڭ كۆرۈنۈشىگىلا قاراپ ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارىماسلىقلار بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەشۇ بىر پارچە شېئىرىنى ئالىدىغانلا بولساق مەسىلە ناھايىتى ئېنىق، ئۇ غەرەزلىك ھالدا بەزىلەرگە ھۇجۇم قىلغان، تەشكىل جۇرئەتنى ئۈلگە قىلىپ تىكلىمەكچى ئەمەس، ئۇنىڭ "يېڭى مەسىلىسى" نى ئويلاۋاتىمدۇ....

يىغىن مەيدانىنى بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىدى، بىرەر مىنۇتقىچە يېتىمگەن جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇشتۇل - ئورۇندۇقلار قاراسلاشقا باشلىدى، يىغىن مەيدانىدىكى كىشىلەر بىر - بىرىگە بويۇندۇشۇپ ئاللانىمىلارنىدۇ شىۋىرلايتتى، يىراقتىكىلەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، باش لىڭشىتىپ قويۇشاتتى. كۆپچىلىك باشقا كىشىنى كۆرسەتكىلى تېخى ئۈنىمىدى، جۇرئەتنى كۆرسەتكەنلەرگە دوق قىلىش بولۇپ قالدى، ئاخىرى ئىلاجىسىز تارقاشقا مەجبۇر بولدى.

× ×

قاسىم يوتكىلىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ خېلى تېز نام چىقاردى، ئۇ بىر دەمەزگىل ئەھۋال كۆزەتتى، قەيەرگە بارسا ئۆزىنىڭ "بىلىمى" توغرۇلۇق ماختىنىپ، بۇرۇنقى ئورنىدا جۇيجاڭ بولغانلىقىنى پەش قىلدى، ئۇ باشلىققا تولىمۇ ئامراق بولۇپ ئۆيلىرىگە كىرىۋالاتتى، سۇتتۇرۇبىسى يېنىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرۇپ، قايسى باشلىق سۇغا چىقسا، بالدىقىغا "مەن ئەكىرىۋېتەي" دەپ ئېسىلىۋالاتتى. بىر قانچە باشلىقتىن تىڭشىلىك "نەسىۋە" ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالمايدىغان، بالدىقىغا ئېسىلىۋالمايدىغان بولدى، بىراق ئۇنداق باشلىقلارنى "سەۋىيەسى يوق ئىكەن، ناھىيە باشلىقى بولغىچىلىك سالاھىيىتى يوق ئىكەن" دەپ يۈردى، ئەمما ماۋۇ باشلىق بولسا قاسىمغا بەك يارايتتى. ھەپتىسىگە ئۇنى بىر - ئىككى چاقىرمىسا كۆڭلى ئۈنىمايتتى. قاسىمنىڭ خوتۇنى دوختۇر بولغاچقا، مەيلى باشلىق ياكى بالا- چاقىلىرىدىن بىرەرسى بەكرەك يوتىلىپ قالسىمۇ ئوكۇل-دورىلارنى كوتىرىپ ئۆيىدە داۋالىدى، باشلىقمۇ ھەر ھەپتىسىگە بىرەر قېتىم ئۆيىدە ئاسما ئوكۇل ئاستۇرۇدىغان بولدى، قاسىم سومىلىرىنى ئەكىرىپ، چوڭ تۇڭدىن سۇيىنى كېمىتىمىدى، شۇڭلاشقا ئۇزۇن ئۆتمەي جان سانى ئۇنىڭدىن كۆپ، قىيىنچىلىقى ئۇنىڭدىن ئېغىرلارغا بېرىلمىگەن ئازادە ئۆي قاسىمغا بېرىلدى. بىرىنچى كوزۇرنىڭ غالىپ كەلگەنلىگىنى كۆرگەن قاسىم كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-

روۋىلىش ئۈچۈن "ئىنقىلاپ" مەزگىللىرىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ھەر قانداق ئىشقا تەييار ئىدى. شۇڭلاشقا داستان كۈندىن - كۈنگە كېڭەيدى...

شەنبە كۈنى كەچ سائەت 10 دىن ئاشقاندا، باشلىق ئارام ئېلىش ئۈچۈن كىيىمىنى سالدۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ھويلا ئىشىكى چېكىلدى، باشلىقنىڭ خوتۇنى پايپاسلاپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ھويلىدا قاسىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاياق تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ ئۆينىڭ ئىشىكى "غىچ قىلىپ" ئېچىلدى، قاسىم كىرگەن بويى قول باغلاپ دېدى:

—ھە، ئارام ئالاي دېگەنىمىدىڭلە، كەچۈرسىلە! بىزنىڭ... بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئازراق ئولتۇرۇپ چىقارمىكىن دېۋىدىم...

— بۇ نىمە ئىش، يولداش قاسىم؟ — دېدى باشلىق ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا-ئۇنچە كايىمىسىگىمۇ بولالاتتى.

— كايىغىدەك ئىش قالمىدۇق. بىرەر يېرىم دەم پاراڭلىشامىز دېۋىدىم...

باشلىق ئانچە تەكەللۇپ قىلمايلا، كىيىملىرىنى كىيىپ قاسىمنىڭ ئۆيىگە كىردى، ھەممە تەييارلىقلار تەخلەپ قويۇلغاچقا ئولتۇرۇشىمىلا داستان كەڭرى يېيىلادى. ئۆي بىمەردەمنىڭ ئېچىدىلا ھېيت - بايرام تۈسىنى ئالدى. ئالدىن قەن - گېزەكلەر بىلەن سىنچاي تارتىلدى، پىيالە پات - پات يەڭگۈشلىنىپ قەن - ناۋاتلار ئۈستى - ئۈستىلەپ سېلىناتتى. چاي ئارقىسىدىنلا داستانغا ھەرخىل سەيلەر پاتماي قالدى. لازا بىلەن قورۇلغان توخۇ گۆشى، مايدىلا پۇشۇرۇلغان قوي گۆشى، تۇزلانغان تۇخۇم، پىنتوزا، لازا، ئاچچىقسۇدا قىلىنغان خام سەي، قورۇلغان تۇخۇم ... لەر بىر - بىرىدىن تور تالىشىپ، ھەرخىل سەيلەرنىڭ مىزدىلىك پۇرىقى ئۆينى بىر ئالدى.

— بۇنچىۋالا كايىشىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، — دېدى باشلىق تەكەللۇپ قىلىپ، — ئۇز ئارا بولغاندىن كېيىن ئۇدۇللا ئىش تۇتساقمۇ بولاتتىغۇ؟

—يوقسۇ، بولسا سىلىگە توكەسويساقمۇ ئەرزىمەيدۇ! — دېدى قاسىمنىڭ خوتۇنى سەينىڭ گوشلىرىنى ئېلىپ باشلىقنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ، — سىلىنىڭ لايىقلىرىدا ئىش بولمىدى.

داستانغا بىر بوتۇلكا «فىنجيۇ»! بىلەن بىر بوتۇلكا «جۇيەچىڭ» پەيدا بولۇپ غادىيىپ تۇردى.

— پاھ! — دېدى باشلىق «جۇيەچىڭ» نى قولىغا ئېلىپ، — شىنجاڭدىن چىققان ئالىي دەرىجىلىك ھاراقمۇ-بۇ؟

— ياق! — قاسىم ھاراقنى ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — بۇ ئىچكىرىنىڭ، شىنجاڭدا چىقىدىغان «جۇيەچىڭ» دا بىر خىل قاڭسىق پۇراق بار. ئىچسە باشقا چىقىۋالىدىكەن.

— ياخشى، ياخشى! — باشلىق ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ھاراقنى جايىدا قويۇپ قويدى.

رومكىلار تولدۇرۇلۇپ "ئىشلارنىڭ غەلبىسى" "باشلىقنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى"، "دوستلۇقنىڭ مەڭگۈ بوزۇلماسلىقى" ئۈچۈن يەڭگىل سۇ قوشتۇرۇلدى...

× × ×

يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنى تېخىمۇ شۈبھىگە سالدى، قاسىممۇ بۇرۇنقى قاسىم ئەمەس، يول ماڭسا چېتىنى كىرىپ ماڭاتتى، سامان تىققاندەك قوسۇقىنى يۇشۇرۇش ئۈچۈنمۇ، تار يوپكا كەيگەن ئايالاردەك ساغرىسىنى چىقىرىپ ماڭسا موكىدەك بېشى گەۋدىسىدىن ئالدىغا جايلاشقاندەك تۇراتتى، ئالقاندەك قۇلىقى خۇددى ساچقاننىڭ قۇلىقىدەك مىدىرلايتتى.

جۈرئەتنىڭ ۋىلايەتتە ئېچىلىدىغان قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىش توغرىسىدىكى

ئۆقتۇرۇش قاسىمنى تېخىمۇ سارا سىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇ ئۆقتۇرۇشنى ئېلىپ بىردەم سىرتقا چىقسا، بىر دەم ئىشخانىغا كىرىپ، " ئۇھ! " تارتاتتى. ئۇ ئۆقتۇرۇشنى كوتەرگىنىچە، ئۈدۈل باشلىقنىڭ ئالدىغا چاپتى. ئۇ كىرگەن پېتى گەپ سوزمەي قىلماي باشلىققا بەردى. باشلىق ئۆقتۇرۇشنى ئېلىپ، كورگەندىن كېيىن، ئۆقتۇرۇشنى چاي جوزىسى ئۈستىگە چورۇۋەتتى ۋە ئالدىرىماي بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇ بىرىشقا پەقەت بولمايدۇ — دېدى قولىنى شىلتاپ ئېغىر زەردە بىلەن تاماكىنىڭ ئىسىنى پۈلىگەندىن كېيىن سوزىنى ئالدىرىماي داۋاملاشتۇردى، — ئۆقتۇرۇشنى ھەرگىز بەرمەسلىك كېرەك!

قاسىم ئۆقتۇرۇشنى ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، باشلىق توختىۋالدى:

— توختاڭ! — دېدى باشلىق بوش ئاۋاز بىلەن، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى، — مېنىڭچە ئۆقتۇرۇشنى بىرىش كېرەك، ئەگەر ئۆقتۇرۇشنى بەرمىسەك بىزدىن كورىدۇ، شۇڭلاشقا سىز ئۆقتۇرۇشنى ئوزىنگە بىرىپ، دەرھال بولۇم نامىدىن بىر پارچە خەت يېزىۋېتىڭ. خەتكە: " ئېغىر مەسىلىسى بولغىنى ئۈچۈن بىرىشقا قوشۇلمىدۇق، ھەيئەتلىكتىن قالدۇرۇپ ئۆقتۇرۇش قىلىنسا " دەڭ، تېخى ئۆلگۈرىدۇ.

— بۇ ناھايىتى دانا پىكىر بولدى ، — قاسىم مېڭىشقا تەمشىلىشىپ، — بۇنداق قىلساق يۇقۇرىدىن كورىدۇ.

— توغرا! — دېدى باشلىق ئوزىدىن مەمنۇن بولغان قىياپەتتە، — مېنىڭ پەرىزىمنىڭ ئوزىلا.

قاسىم بېشىنى ئەگدى:

— بولىدۇ.

— ھە، يەنە بىر گەپ، — دەپ قاسىمنى توختاتتى تاماكا قالدۇغىنى كۈلدانغا ئۆگىلاۋېتىپ، — سىزنىڭ يېقىندىن بۇيان مەيدانىڭىز قەتئىي، بايرىقىڭىز روشەن بولدى، بۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق گەپ — سوزلەرگە كوز — قۇلاق بولۇڭ، قانداق گەپ — سوزلەر ئېقىپ يۈرۈيدۇ، داۋاملىق ئىگەللەڭ، جۈرئەت يەنە قانداق نەرسىلەرنى يازدى، ئۇقۇڭ، يۇقۇرى رەھبەرلىك سىزنى چۈشىنىدۇ، بۇ خەلچەمۇ ئايالالار ئىچىدىكى گەپ — سوزلەرگە كوز — قۇلاق بولسۇن.

— ئوبدان!...

قاسىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كوزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، باشلىقنىڭ سوزىدىن ئۇ، ئاللاقانداق بىر ھىممەتنىڭ بىشارىتىنى سەزگەن ئىدى...

قاسىم چىققانچە ئۆقتۇرۇشنى بىرسىدىن جۈرئەتكە چىقارتىپ، ئىشخانا ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ " ئەرز " يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

× ×

پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 12 — قۇرۇلتىيى ئېچىلىدىغانلىق خوشخەۋىرى تىيانشاننى قاتلاپ، كىشىلەر قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

قاسىمنىڭ كاللىسىدىمۇ نۇرغۇن چىگىش خىياللار چىرمىۋالدى، ئۇمۇ ئوزىگە پايدىلىق گەپ — سوزلەرنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئازادە ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئالدىرىماي بىر تال تاماكا ئوراپ خىيالغا پاتتى، ئۇ تاماكا تۇتقان قولىنى ئاغزىدىن ئاجراتماي، تاماكىنى قاتتىق شورايتتى. تاماكا قالدۇغىنى كۈلداندا مالتىلاپ ئوچىرىۋەتكەندىن كېيىن قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ: " 8 — قېتىملىق تەلەپنامە " يازدى — دە، " تەلەپنامە " نىڭ ئۈستىگە " 8 — قېتىملىق پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامە " سى دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ، بۇنى

دۈگىلەك ئىچىگە ئېلىپ قويدى، " تەلەپنامە "
نى باشلىق ئولتۇرىدىغان شىرە ئۈستىگە يېيىپ
قويۇپ، چىقىپ كەتتى، ئىشخانىدىن ئۆيىگەبار-
غىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى، بىردەم ئىسقىر-
تاتتى. ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن نىمە قىلىشى-
نى بىلمەي كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ چوڭ-قۇر
خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ كوزى چاي جوزىسى ئۈس-
تىدىكى رادىيوغا چۈشكەندە، ئىختىيارسىز قولى-
نى سوزۇپ رادىيونى ئاچتى.

رادىيوكارنىيىدىن راسلا 12 - قۇرۇلتاينىڭ
خەۋەرلىرى جاراڭلىدى، ئۇ خوشاللىغىدا رادى-
يونىڭ ئاۋازىنى بىر ئاز كۆچەيتىپ تېخى ئەن-
دىلا قولىنى تارتاي دەۋاتقاندا، يۈرىگى "جىغ-
غىدە " قىلدى - دە ، خۇددى توك سوقىۋەتكەن
ئادەمدەك قولىنى رادىيو كونۇپكىسىدىن شۇنچە
تېز ئەپقاچتى .

رادىيو كارنىيىدىن : " 3 خىل ئادەمنىڭ
يەنى 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى ، مەزگىلىدە
لىن بياۋ ، جياڭچىڭلارغا ئەگىشىپ ئىسيانچىلىق
بىلەن باش كوتەرگەنلەر، گورۇھۋازلىق ، تە -
رەپبازلىق ئىدىيىسى ئېغىر بولغانلار، ئۇرۇش،
چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان ئۇنسۇرلار-
نىڭ بىرىنىمۇ ئوستۇرۈشكە بولمايدۇ، ئوستۇرۈل-
گەنلىرىنى رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىن تازىلاپ چى-
قىرىش لازىم " دىگەن ئاۋاز پۈتۈن ئۆيىنى كوتى-
رىۋەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەن-
سىرىگەندەك دەرھال رادىيونى ئەتتى، ئەمما بىر
مىنۇتمۇ تاقەت قىلالماي، يەنە ئاچتى . رادىيو
كارنىيىدىن:" بۇ ئۈچ خىل ' ئادەم رەھبەرلىك
بەنزىلىرىگە كىرىپقالسا، بىر قانچە يىللاردىن
كېيىن، پەيتى كەلگەندە، پارتىيە ئىچىدە بىرەر
ۋەقە يۈز بېرىپقالسا، ئوتتۇرىغا سەكرەپ چى-
قىپ ئالا - توپىلاڭ كوتىرىدۇ - دە، دولەتكە ،
خەلققە زىيان يەتكۈزىدۇ... " دىگەن ئاۋازتې-
خىمۇ قاتتىق جاراڭلىدى.

ئۇنىڭ رادىيونى چېقىۋەتكىسى كەلدى ، ئۇ
قولىنى قايتا سوزۇپ، غەزەپ بىلەن رادىيونى
ئەتتى - دە، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، گەرچە
رادىيو ئاللا قاچان ئېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭ قۇلىغىدا : " ئۇرۇش، چىقىش، بۇلاش بى-
لەن شۇغۇللانغان ئۇنسۇرلارنىڭ بىرىنىمۇ ئوس-
تۇرۇشكە بولمايدۇ" دىگەن سوز جاراڭلايتتى .
ئۇنىڭ كاللىسىدىن: " رادىيونى ئەتمىگەن ئوخ-
شايمەن " دىگەن خىيال كەچتى. ئۇ قولىنى ئو-
زۇتىۋىدى، رادىيو تولۇق ئېتىلگەن ئىدى، بۇ-
نىڭ ئاڭلىغىنى كاللىسىدىكى ئەكسى سادا ئى -
دى .

ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي، خېلىغىچە ئول -
تۇردى، نىمىشقىدۇر نەپەسى سىقىلىپ، پېشانى-
سىدىن پۇقىراپ تەر ئېقىشقا باشلىدى،ئۇ ئىن -
تايىن تەستە يانچۇغىدىكى قول ياغلىغىنى چى-
قىرىپ تەرنى سۈرتتى. هازىر خۇددى ئوكسىگىن
يېتىشمەيۋاتقاندەك نەپەسى قىيىنلاشتى. زورلاپ
تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقا هويلىغا ماڭدى ،
بىر 'ق پۇتىغا بىرەرسى بىر پارچە تۈگمەن تې-
شىنى باغلاپ قويغاندەككوتىرەلمەيتتى.بىر قان-
چەماڭدام كېلىدىغان ئارقاهويلا بىر قانچەكۈن-
لۈكتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ تولىمۇ تەستە ئار-
قا هويلىغا چىقىپ، پۈتىغا بىر ئۈستەل قويدى-
دە، باشلىقنىڭ دىرىزىسى تەرەپكەقۇلىغىنى سوز-
دى. باشلىق نىمىشقىدۇر رادىيونى تېخىمۇ چوڭ
ئېچىۋەتكەن بولۇپ، دىرىزىمۇ ئوچۇق ئىدى .
" بۇ ئۈچ خىل ئادەمدىن باشقا يەنە ئىككى خىل
ئادەم ، يەنى 3 - ئومۇمى يىغىندىن كېيىن پار-
تىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەنىگە قارشى
چىققانلار بىلەن ئىقتىسادىي ساهەۋە باشقا جە-
هەتلەردە قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە
خىلاپلىق قىلغانلارمۇبار، ئۇلارنىمۇ ئوستۇرۇش-
كە بولمايدۇ..." دىگەن سوز خۇددى گۈل-
دۈرمامىدەك هەيۋەتلىك ئاڭلاندى.

— كاساپەت! — دېدى ئۇ خېلى قاتتىق ئاۋازدا. ئۇ بۇ سوزنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىگىدىن ئىنتايىن قورقۇپ كەتتى بولغاي، بېشى " پىررىدە " قايدى — دە، كوزىگە قىزىلچىلىق تىقىلىپ، " پالاقىدە " يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرمىدى، ئورنىدىن ھەم تۇرالمايتتى. پۈتۈن يەر شارى چوگىلەۋاتىدۇ… ھازىر ئوزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنىمۇ پەرەز قىلالمىدى. كاللىسىغا ھېچقانداق ئويمۇ كەلمەيتتى. بىرلا ئۇنىڭ قۇلىغى توۋىدە: "ئۈرۈش، چىقىش، بولاش بىلەن شۇغۇللانغان ئۇنسۇرلار" دېگەن بىرلا ئاۋاز جاراڭلايتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئىككى قۇلىغىنى مەھكەم ئېتىۋالدى، ئەمما بۇ ئاۋاز تېخىمۇ كۈچايغاندەك مېڭىسىنى قوچۇيتتى.

× ×

ئازادە مەجلىسخانا تاماكۇ ئىسى بىلەن لىق تولغان بولۇپ 12 — قۇرۇلتاي ھوججەتلىرى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى.

— بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، — دەپ سوز باشلىدى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، — مۇھىم مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپتۇ، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيىنىڭ 7 — قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلتاي بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، مەن كوپچىلىكنىڭ يولداش چېن يۇننىڭ سوزىنى ۋە يې جيەنيىڭنىڭ سوزىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشىنى تەكلىپ قىلىمەن.

ھەممەيلەن بىردەك ماقۇل بولۇشتى.

ھوججەت ئوقۇغۇچى ئىمىشقىدۇ " 3 خىل ئادەم "نىڭ ھوقۇق تۇتۇشقا بولمايدىغانلىغىنى قايتا — قايتا ئوقىدى، رەھبەرلىكنى ياشلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئوز ھىسسىياتىنى سوزلەپ كىشىلەرنى خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى.

ھېلىقى باشلىق بۈگۈن تاماكىنى ھەددىدىن زىيادە كوپ چەكتى. بەزىدە قولىدا تاماكۇ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوتى بىلەن يەنە بىر تال تۇتاشتۇراتتى، پات — پات چۈچىگەندەك بېشىنى سىلكىپمۇ قوياتتى. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياشلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، بىردىنلا رەڭگى تاتىرىپ، چىرايلىرى ئوگۈپ كەتتى. ھەممەيلەن پىكىر قىلغان بولسىمۇ ئۇ، جىمجىت ئولتۇردى.

ئۇگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن ئوز ئويلىرىگە تارقاشتى، ھەممىنىڭ ئاخىرىدا قالغان بۇ باشلىق ئىشخانىنىڭ چىرىغىنىڭ يېنىق تۇرغانلىغىنى كورۇپ، ئۇدۇل ئىشخانىغا كەلدى، ئۇ كىرگەندە قاسىم ئىمەلەرنىدۇ يېزىۋاتاتتى.

— ھە، كەلسىلە! — دېيەلىدى قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلىپ.

باشلىق ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇ غەمكىن ھالدا بىر ھوججەتنى جاۋىنىگە سالغاندىن كېيىن:

— ئاچقۇچنى بەرسىڭىز؟ — دېدى قوپاللىق ئاۋازدا، ئەتىدىن تارتىپ ئوز ئىشخانىڭىزدىراق بولۇڭ، ئىش چىقىپ قالسا مەن چاقىرىمەن، كوپرەك ئوگىنىڭ، ئوزىڭىزنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتماڭ!

قاسىم باشلىقنىڭ ھەر بىر جۈملە سوزى يۈرىگىگە سانجىلىپ قالغاندەك تولغاندى. ئەمما ئۇ ئىمە قىلارىنى، ئىمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمىدى، ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى كوتىرىۋىدى، ئىمىشقىدۇر كوتىرەلمىدى، ئۇ قولىنىڭ شۇ قەدەر ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىگىنى مانا ھازىرلا سەزدى. ئۇ بىر قولى بىلەن مىڭ جىڭ يۈك كوتەرگەندەك ئاچقۇچنى سوگىمىچىدىن ئاستا ئالدى، ئەمما ھالقىدىن ئاجراتقىچە ئۇنىڭ قولى بەزگەك ئادەمنىڭ قولىدەك تىترەپ زادى ئاجرىتالمىدى، ئۇنىڭ ئاچقۇچنى ئاجرىتىپ ئالالمايدىغانلىغىنى پەملىگەن باشلىق، تاقەت قىلالمىغاندەك قولىنى قاسىمغا ئۇزاتتى — دە، ھالقىنى ئېلىپ ئوزى ئاجرىتىپ، ئاچقۇچنى يانچۇغىغا سالدى.

# قۇل خۇاجە ئەخمەت يەسىۋى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابدىرېھىم سابىت

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ جانلىق شەكلى بىلەن ئەسەر يارىتىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىدا كاتتا شوھرەت قازانغان، تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى - شائىر قۇل خۇاجە ئەخمەت يەسىۋىدۇر.

قۇل خۇاجە ئەخمەت يەسىۋى 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىستاننىڭ يەسسى دېگەن يېرىدە مەشھۇر شەيخلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئىبراھىم شەيخنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1166- يىلى ۋاپات بولغان. يەسىۋى ياشىغان دەۋر قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە يېقىنلاشقان ۋاقىت بولۇپ، بۇ چاغ ئىلىكخانىلار (ھەر قايسى جايلارغا ھاكىملىق قىلىۋاتقان شاھزادىلەر) ئوتتۇرىسىدا نىزا - جاڭجاللار كۆپىيىپ، خانلىق پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولغاچقا، قاراخانىلار ياراتقان تىل ۋە مەدەنىيەت ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا سوپىلىق ئېقىمى كېڭىيىشكە باشلىغان ئىدى. بىر قىسىم سوپىلار دىنىي خۇراپاتنى، تەركى دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىدىغان سوپى-ئىشانلىق كۆز قاراشلىرىنى ئەدەبىياتنىڭ بېيىتچىلىك ژانىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاددى تىل بىلەن ئىپادىلەپ، ھاپىزلىق (قوشاقچىلىق) يوللىرى ئارقىلىق تارقىتىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئۆزلىرىگە كۈچلۈك مايىل قىلىۋالغان ئىدى. مۇنداق بىر شارائىتتا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سوپىلىق ئېقىمىغا بېرىلگەن ئىبراھىم شەيخ ئۆز ئوغلى يەسىۋىنى بۇخارادىكى مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ (سوپىلىق ئېقىمىدىكى دىنىي زات) ئارسلانبىك ۋە خۇراسانلىق يۈسۈپ ھەمدانىغا شاگىرتلىققا بەردى. يەسىۋى يۈسۈپ ھەمدانىدىن سوپىلىق تەلىماتىنى پۇختا ئۆگەندى. ھەمدانى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر نەچچە يىل خەلپەتلىك (ئوقۇتقۇچىلىق) قىلىپ، «ئەتەبەتۇلھا قايىق» نىڭ ئاپتورى ئەخمەت يۈكنەكىلەرگە ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. كېيىن ئۇ ئۆز يۇرتى تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ، سوپىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، يەسىۋى بۇ جەرياندا ھەمدانى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بولغان ھاجى ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى، خۇاجە مۇھەممەت باھاۋىدىن نەخشبەندى قاتارلىقلارنىڭ سوپىلىق ئېقىمى ۋە كۆزقاراشلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئۇنىڭدىن خىللا پەرقلىنىدىغان "قادىرىيە①" دەرۋىشلىك يولىغا ئاساس سالدى، شۇنداقلا ئۇ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئەدەبى ئېقىم ۋە ئۇسلۇپ يارىتىپ، شېئرىيەت ژانىرىغا سوپىلىقنى ئېلىپ كىردى. ئۇ "يەسىۋى" نامىدا ھىكمەتلەر، "قۇل خۇاجە ئەخمەت" نامىدا سوپىتىك دىنىي شېئر-

① قادىرىيە دەرۋىشلىك يولى- خۇاجە مۇھەممەت باھاۋىدىن نەخشبەندى ئاساس سالغان «خۇپىيە» (جىم ئولتۇرۇپ مەخپى ئىبادەت قىلىش) سۇلۇكىدىن، غەۋ سۇلئەزەم (ئابدۇقادىر جىلانى) ئاساس سالغان «جەھرىيە» (ئاۋازىنى ئاشكارە چىقىرىپ زىكرى قىلىش) سۇلۇكىدىن، ئەجەمدىن كۆپرا ئاساس سالغان «سۇھرا ۋەردىيە» ياكى «كوبراۋىيە» (قەۋرىستاندا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ تۈنەك قىلىش) سولوكىدىن پەرقلىنىدىغان، خۇداغا بولغان سېغىنىشىنى بېيىتقا ماسلاشتۇرۇپ زىكرى قىلىش يولى بىلەن يۇرتمۇ - يۇرت كېزىپ يۈرۈپ ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل سوپىلىق ئېقىمىدۇر.

لارنى يازدى. ئۇنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرى «دىۋان ھىكمەت» ناملىق توپلامغا يىغىنچاقلانغان بولۇپ، بۇ توپلامدا ئىز ئىسلام، كالام، سوپىلىق، دىنخانلار، تەرەققىيات، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت قاتارلىق ئون چوڭ مەسىلىنى دىنى ئىدىيالىستىك ئاساستا ھىكايە قىلغان. يەسەۋى سوپىلىقنىڭ بۇ پەلسەپەۋى تەلىماتىنى زالىم، پاراخور، ئەمەل تۇتقان سوپىلارغا قارشى ئىبارىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر قىسىم دىنخانلار، ھۆنەرۋەنلەر، كاسىپلار ئارىسىدا، فېئوداللار تەرىپىدىن زەربە يېگەن ئىسيانكارلار ۋە دىنى مىستىك ئىدىيىدىكى شائىرلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغاپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا سەۋەپ بولغان. يەسەۋى ئۇز شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر قارلۇق تىلىنىڭ خارەزىمشۇرىدە ناھايىتى راۋان، يېنىك، ئاددى، ساددە قىلىپ، خەلققە چۈشىنىشلىك ئاساستا. خەلق ئېغىز جانلىق تىلى بىلەن يازغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ قالماستىن، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە قازان ۋە تاشكەنتتە كوپ قېتىم مىخ مەتبەدە بېسىلغان. «دىۋان ھىكمەت» نىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، مەخمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار «دىۋان لۇغات تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ئارقىلىق قاراخانىلار خانلىغى دەۋرىدىكى قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل شەكلىنى زامانىمىزغىچە ساقلاپ، يەتكۈزۈپ كەلگەن بولسا، خۇاجە ئەخمەت يەسەۋى «دىۋان ھىكمەت» ئارقىلىق ئۇنىڭ خەلق ئاغزاكى جانلىق تىل شەكلىنى ساقلاپ كەلگەن. دىۋان تىلى ساپ ئۇيغۇر تىلى بولغانلىغى ئۈچۈن ئۇنى يالغۇز ئەدىپلەرلا ئەمەس، ھەتتا ئاددى پۇخرالارمۇ ھېچقانداق ئىزاھسىزلا دەرھال ئوقۇپ چۈشۈنەلەيدۇ. دىۋان تىلى 12- ئەسىردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنى ئۈگىنىش، تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماتىرىيال مەنبەئى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. «دىۋان ھىكمەت» ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە خاسلىغى، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ - خىل بولۇشتەك ئۆزگۈچىلىكى بىلەنمۇ بەلگۈلۈك ئەدەبى قىممەتكە ئىگە.

خۇاجە ئەخمەت يەسەۋىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسكە نىسبەتەن تەھلىلى تەنقىت ئارقىلىق ئەتراپلىق قاراشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەسەۋۋۇپلۇق پىكىر ئېقىمى، يەنى، پەقەت كەمبەغەللىك، تەقۋادارلىق، قايغۇ ئىچىدە ئوتكەن سوپىلار ھەقىقى سوپى بولالايدۇ، دىگەنگە ئوخشاش دۇنيادىن ۋاز كېچىش ئىدىيىسى بىلەن تەقدىر ئىلاھىيەتچىلىك كوز قارىشى ئالغا سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە دىنىنى دىنىي تەلىماتنى مال-دۇنيا تېپىپ، ياخشى مەئىشەت كوچۈرۈشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ھەممە خەلقنى ئالداش يولى بىلەن كۈن كوچۈرۈش يولىغا كىرىۋالغان كەسىپى روھانىلارغا، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھىساۋىغا مال توپلايدىغان دۇنياغا ھىرىسمەن ئادەملەرگە نىسبەتەن نەپرەتلىنىش، قارشى تۇرۇشتەك ئىلغار، تەرەققىپەرۋەرلىك ئىدىيىسالەرمۇ چاقناپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

دۇنيا مېنىڭ دىگەنلەر، جاھان مالىنى ئالغانلار،
كەركەس تۈزشىدەك بولۇبان ئۇل ھارامغا پاتمىشلەر.
مۇللا، مۇپتى بولغانلار، يالغان دە ئۇۋا قىلغانلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئۇل تاموغىغە كىرمىشلەر.

قازى، ئىمام بولغانلار، ناھەق دە ئۇۋا قىلغانلار،
ھىمار ياغلىغ بولۇبان يېزىك ئاستىداقالمىشلەر.
ھارام يېگەن ھاكىملار، رىشۋە ئالىپ يېگەنلەر،
ئوز بارماقىن تىشلە بان قورقۇپ كورۇپ قالمىشلەر.

تاتلىغ - تاتلىغ يېگەنلەر، تۈرلى، تۈرلى كىيگەنلەر،
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرگانلار تۇپراق ئارا ياتمىشلەر.
مومىن قۇللار، سادىقلار سىدقى بىرلە تۇرگانلار،
دۇنيالىغىن سەرپ ئېتىپ، ئۇجماق ھورىن قۇچمىشلەر.

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ، ئاددى خەلقنىڭ بارغا قانائەت قىلىپ ئوتكۈزۈۋاتقان تىنچ تۇرمۇشى بىلەن ھاكىم، موللا، مۇپتى، قازى، ئىمام دىگەنلەرنىڭ ئاقنى قارا، ھەقنى ناھەق قىلىپ، خەلقنى ئالداپ پارا ئېلىپ، ھارامدىن مال-دۇنيا توپلاپ، ئەيشى- ئىشرەت سۈرۈۋاتقان تۇرمۇشنى ئوز ئارا سېلىشتۇرۇپ، يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى ۋە دىن ئەھلىلىرىنىڭ يىر- كىنىشلىك ئەپتى-بەشىرىسىنى چوڭقۇر پاش قىلغان بولسا، توۋەندىكى مىسرالاردا غېرىپ بىچارىلار- نىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلىدۇ، مۇڭلۇنۇپ ئىچ ئاغرىتىدۇ.

غېرىپلەرنى قايدا كورسەڭ ئاغرىتمىغىل،
غېرىپلەرگە جەھەل بىرلە سوز قاتمىغىل.
زەئىپ كورۇپ غېرىپلەرغا تاش ئاتمىغىل،
بۇ دۇنيادا غېرىپلىقتەك بالا بولماس.

مانا بۇ قۇل خۋاجە ئەخمەت شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئەلۋەتتە قەدىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ.
قۇل خۋاجە ئەخمەت شېئىرلىرىدا يەنە ھايات گۈزەللىكىگە ئىنتىلىش، ئىنسانىي مۇھەببەتنى قەدىرلەشتەك دۇنياۋى تىمىلارمۇ كۆيلەنگەن بولۇپ، شائىر ئۇنى جام ۋە مەيگە بولغان ئىشتىياق، نىگار ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىشتەك ھىس-تۇيغۇلار بىلەن يارقىن ئىپادىلىگەن.

ۋەھدەت خۇمى ئاچىلدى، مەيخانەغە كىرسەممەن،
بىر جام ئىچىپ شۇل مەيدىن مەستۇ ھەيران بولسامەن.

ئوشۇل مەينىڭ مەزاسى ئىچ باغرىمنى قان قىلدى،
داغىر قانىم ئاققۇزۇپ جانان سەرى بارسامەن.

ساقى سۇندى ھەرنەپەس كەيپىيەتىنىڭ شارابىن،
ــ مەست ئولۇپ ئوشەلدەم نالە پەرياد ئۇرسامەن.

قۇل خۇاجە ئەخمەت شېئىرلىرى سادىقەتلىك، چىداملىق، سەممىيەتلىك، مېھنەت قاتارلىق ئىنسانى خىسلەتلەرنىڭ قىزغىن مەدھىيىسى بولۇپ، شائىر ئۇنى ۋاپاسىزلىق - نامەرتلىككە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرگە قارىمۇ - قارشى قويۇش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئاشىق بولۇپ تاپاي دىسەڭ ھەقنىڭ يولىن،
ئاسرىغىن سەن ئىشق باغىدا ئەسرار گۈلىن.
مېھنەت بىلەن سىنار ئەرمىش ياخشى قۇلىن،
چىن ئاشىقنىڭ ئاندىن كوڭلى قالغانى يوق.

راھەت تاشلاپ جان مېھنەتىن خوشلىغانلەر،
سەھەرلەردە جانىن قىيناپ ئىشلىگەنلەر.
ھايۇ-ھەۋەس، ماۋۇ مەننى تاشلىغانلەر،
چىن ئاشىقدۇر ھەرگىز ئۇنىڭ يالغانى يوق.

ئىشق دەردىنى بىدەرتلەرگە ئەيتىپ بولماس،
بۇ يوللارنىڭ ئوقۇبەسى كوپ ئوتۇپ بولماس.
ئىشق گوھەرىن ھەر نامەرتكە ساتىپ بولماس،
بىخەبەرلەر ئىشق قەدرىنى بىلگەنى يوق.

قۇل خۇاجە ئەخمەت شېئىرلىرىدا يەنە ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىكنى سوكۇپ، كەمتەرلىككە ئۈندەيدىغان، ئىنسانىي مۇئامىلىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ياخشى مەسلىھەت بېرىپ، توغرا يولغا باشلايدىغان دىداكتىك (پەندىنەسىھەت) مەزمۇنىدىكى مىسرالارمۇ خېلى كوپ ئۇچرايدۇ.

ئەسلى نەسلىڭ قەترەئى ئابى مەنى،
خەسنى كورسەڭ سەن ئۇزۇڭدىن كەم دىمە.
ئادەمدە زەررە مەنا بولماسا،
سەن ئۇنى ئادەم كورۇپ ئادەم دىمە.
تۇيمىسا سىر مەئنىدىن ئادەم ئەمەس،
سەن ئۇنى سۇرەت كورۇپ مەھرەم دىمە.

دىمەك، يەسىۋى شېئىرلىرى ئوز دەۋرىدىكى ئىجتىمائى رىياللىقنى بىر قەدەر توغرىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەنلىگى، كىشىلىك مۇھەببىتىنى قىزغىن كۈيلەپ، ھايات گۈزەللىگىگە بولغان ئىنتىلىش ئىستىگىنى ئىپادىلەپ، چىن ئىنسانى خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلىغانلىغى بىلەن بەلگۈلۈك ئىجتىمائى قىممەتكە ۋە چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا يەسىۋى ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ رىياللىقنى توغرىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن، ئىلغار كوز قاراشلارنى ئالغا سۇرگەن

# قۇل خۇاجە ئەخمەت ھېكمەتلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئومرى ئىچىدە دەرت چەكمىگەن بىدەرت كىشى،
دەرتلى دىلنىڭ ھاللىرىنى قاچان بىلىر.
كوڭلى ئىچرە مۇھەببەتسىز، ئىشق يوق كىشى،
ئاشىقلارنىڭ قەدرىلەرىن قاچان بىلىر.

دەرۋىش ھالىن دەرتلىك بىلىر بىدەرت بىلمەس،
پەرياد پىغان قىلساڭ مۇندا ئىشتىپ كەلمەس،
جان چىقاردا «نىچۈكسەن» دەپ ھالىڭ سورماس
تەن دوستلىرى دىل دوستىنى قاچان بىلۇر.

دۇنياسىغا مەغرۇر ئولۇپ ھەم يۈرگەنلەر،
تاڭ ئاتقىچە ئىشرەت ئېتىپ ھەم يۈرگەنلەر
كوكسى بەلەند ھەردەم قەھ - قەھ كۈلۈشكەنلەر
غەملىكلەرنىڭ ھاللەرىنى قاچان بىلىر.

دەرۋىشلەرنىڭ سوھبەتىغە بارمىغانلار،
ئول سوھبەتتىن پەيزى پۈتۈن ئالماغانلار.
مۇھەببەتسىز ھايۋان كەبى ھەم يۈرگەنلەر،
زاكىرلەرنىڭ قەدرلەرىن قاچان بىلىر.

نەپسلەردىن ھەريان - ھەريان يۈرۈتكەنلەر،
ھالال، ھارام بىرىپ نەپسىنى سەمرىتكەنلەر.
دۇنيا ئىزلەپ دىن يولىنى ئۇنۇتقانلار،
دەرۋىشلەرنىڭ ھاللەرىنى قاچان بىلىر.

"ئەل پەقرۇ كۈللۈپەخرۇن" دەپ ئەيدى رەسۇل(1)
قۇل خۇاجە ئەخمەت بۇ ھەدىسنى قىلغىل قوبۇل.
كوپ نادانلار ھاۋا قىلىپ بولدى مەلۇل،
ھاۋادانلار پەقىر ھالىن قاچان بىلىر.

× ×

ئەيا تالىپ جاپا چېكىپ يولغا كىرگىل
جاپا چەكمەي يولغا كىرسەڭ ۋاپا بولماس،
جاپا چەكمەي راھەت يوقتۇر ئاخىرەتتە
دەرت چەكمەيىن كوزۇڭ ياشى زىيا بولماس.

قېرىلنى كورسەڭ قۇلى بولۇپ خىزمەت قىلغىل
رەھىمىڭ كېلىپ غېرىپلارغا شەپقەت قىلغىل
ئالىم كەلسە ئەدەپ بىرلە خىزمەت قىلغىل
ناجىنسلاردا ھەرگىز زەررە ۋاپا بولماس.

غېرىپلارغا شەپقەت قىلماق رەسۇل ئىشى،
غېرىپلارنىڭ قايدا بارسا توككەن يېشى.
غېرىپلارنىڭ كويەر دائىم ئىچى - تېشى،
غېرىپلارنىڭ دۇئاسىدەك دۇئا بولماس.

.................................

(1) «پەقىرلىقىمغا ئوموممەن پەخىرلىنىمەن»، دىگەن مەنانى بىلدۇرىدۇ.

ئىجابىيلىقتا ئىگە ئاساسى تەرەپلىرىنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، تەركى دۇنياچىلىق ۋە ئىلاھەيەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، تەبىئەت ھەم ئىنسانىيەت ئالىمىدە يۈز بەرگەن پۈتۈن ئوزگىرىشلەرنى تەگرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە، تەگرىنىڭ خاھىشىغا باغلاپ قويىدىغان ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى قالدۇق قارشىلىقلارنى تەھلىلى تەنقىت ئارقىلىق رەت قىلىشىمىز، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇتقان ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىجادىيىتىدە بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان تىل ئىشلىتىش، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى ماھىرلىقتا ئوخشاش بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئوزلەشتۈرۈپ، ئۇنى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم

غېرىپلارنى قايدا كورسەڭ ئاغرىتمىغىل،
غېرىپلارغا جەھىل بىرلە سوز قاتمىغىل.
زەئىپ كورۇپ غېرىپلارغا تاش ئاتمىغىل،
بۇ دۇنيادا غېرىپلىقتەك بالا بولماس.

شامغا تۇشۇپ غېرىپ بولدى ھەكىم ئاتا①
يىغلاي-يىغلاي بولدى ئەنىڭ قەددى دۇتا
جۇملەمىزگە خۇدا قىلسا ئىمان ئاتا
چىن غېرىپنىڭ قەددى ھەرگىز دۇتا بولماس.

تۇركىستاندا غېرىپ بولدى قۇل خۋاجە ئەخمەت
ئەنىڭ ئۇچۇن ھەقرەسۇلغا بولدى ئۇممەت
يىمەك-ئىچمەك نېمەتلىرى قايغۇ مېھنەت
تەنپەرەستىن خۇدا ھەرگىز رازى بولماس.

× ×

ھەر كىشى كورسە جامالىڭ دۇنيا ئىشىن بەرباد ئېتەر،
كېچە - كۇندۇز تىنە بىلمەس، بىر خۇدانى ياد ئېتەر.

كىم ئۇنىڭ كويىندا بولسە ھەق ئۇنىڭ كوڭلىدە دۇر،
ھەرسارى بارسە ئوشەل يارى بىلەن پەرۋاز ئېتەر.

كاشكى مەن دائىم سېنىڭ يادىڭ بىلە بولغاي ئىدىم،
باقىشىڭ يۇزىڭ مېنىڭدەك بەندەنى ئازاد ئىتەر.

مەرىپەت مەيدانى ئىچرە بۇ كوڭۇلنى شاد ئېتىپ،
دۇنياسىن تەرك ئەيلىگەنلەر ھەق بىلەن سودا ئېتەر.

..............................................

خۇش ئاجايىپ ۋە غارايىپ بۇ خۇدانىڭ ئىشلىرى،
بىر سىنى گويا قىلىبان بىر دىنى گىڭ، كەر* ئېتەر.

كورگىل ئۇشبۇدۇنيا ئۇچۇن كوپ جاپالەر ئەيلىسەڭ،
ئاخىرى ھېچ ئۇشبۇدۇنيا يەر بىلەن يەكسان ئېتەر.

كېچە-كۇندۇز ئارزۇ قىلساڭ ئەنىڭ دىدارىنى،
ساپ قىلغىل بۇ كوڭۇلنى بىركۇنى دەربار ئېتەر.

ئەي قۇل ئەھمەد، سەن يۇرۇپ غەمكۇن كوڭۇلنى ئۇلاغىل
ئەھلى دىل بولغان كىشى غەمكىن كوڭۇلنى شاد ئېتەر.

× × ×

* گاس، گاچا

ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە ھەيران بولغان ئاشىقلار،
تاپماي مەشۇق چىراغىن سەرسان بولغان ئاشىقلار.

ھەر دەم بىشى ئۈرگۈلۈپ، كوزى خەلققە تەلمۈرۈپ
ھۆھۆ دىبان چورگۈلۈپ گىريان بولغان ئاشىقلار.

كويۈپ يىنىپ كۆل بولغان، ئىشقىدا بۈلبۈل بولغان
كىمنى كورسە قۇل بولغان مەردان بولغان ئاشىقلار.

يول ئۈستىدە خاك بولغان، سىنەلىرى چاك بولغان
زىكرىن ئەيتىپ پاك بولغان نالان بولغان، ئاشىقلار.

ھىممەت قۇرىن باغلىغان، يۈرەك باغرىن داغلىغان
پەرياد ئۇرۇپ يىغلىغان، گىريان بولغان ئاشىقلار.

گاھى يۈزى سارغايىپ، گاھى يولىدا غىرىپ
تەسبىلىرى يا ھەبىب، جەۋلان بولغان ئاشىقلار.

ئەھمەد سەن ھەم ئاشىق بول، سىدقىڭ بىلە سادىق بول
دەرگاھىغا لايىق بول، جانان بولغان ئاشىقلار.

× ×

ئاشىقلىقنىڭ دەئۋاسىنى قىلغان كىشى
مەشۇقىدىن زەررە غاپىل بولغانى يوق.
ئىشق گوھىرى تۈپسىز دەريا ئىچرە پىنھان،
جاندىن كەچمەي ئول گوھەردىن ئالغانى يوق.

گوھەر ئالۈر غەۋۋاس ئەگەر جاندىن كەچسە
شەيدا بولۈپ ئىشق شارابىن ھەركىم ئىچسە
ئىچە ئايلار، ئىچە كۈنلەر ئەگەر ئوتسە
ئىشقىنىڭ گۈلى ئاچىلىپ ھەرگىز سۈلغانى يوق.

ئاشىق بولۈپ تاپاي دىسەڭ ھەقنىڭ يولىن
ئاسرىغىن سەن ئىشىق باغىدا ئەسرار گۈلىن
مىھنەت بىلەن سىنار ئەرمىش ياخشى قۇلىن
چىن ئاشىقنىڭ ئاندىن كوڭلى قالغانى يوق.

مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدا مەۋج ئۇرغۇسى
ئىلمىن ئەمەل قىلىپ قاللەر شەۋق ئولغۇسى
بۇ دىڭىزغا كىم كىرىبان كىم چىققۇسى
ئاشىق قۇللار مەشۇقىدىن قالغانى يوق.

قۇل خۇاجە ئەھمەد قوبۇل قىلدى ئەيماقىلغىنى
قوبۇل قىلدى ئىشق ئوتىغا كويمەكلىكىنى
جانىن بىرىپ ساتقۇن ئالدى كويمەكلىكىنى
چىن سوزۇمدۇر ھەرگىز ئۇنىڭ يالغانى يوق.

× ×

ئىشق دەئۋاسىن ماڭا قىلما يالغان ئاشىق
ئاشىق بولساڭ باغرىڭ ئىچىرە كوز قانى يوق
مۇھەببەتنىڭ شەۋقى بىلەن جان بەرمىسە
زايىخ كېچەر ئومرى ئانىڭ، يالغانى يوق.

راھەت تاشلاپ جان مىھنەتىن خوشلىغانلار
سەھەرلەردە جانىن قىيناپ ئىشلەگەنلەر
ھايى ھەۋەس، ماۋۇ مەننى تاشلىغانلار
چىن ئاشىقدۇر ھەرگىز ئۇنىڭ يالغانى يوق.

ئىشق دەردىنى بى دەرتلەرگە ئەيتىپ بولماس
بۇ يوللارنىڭ ئۇقبەسى كوپ ئوتۇپ بولماس
ئىشق گوۋھەرىن ھەر نامەرتكە ساتىپ بولماس
بىخەبەرلەر ئىشق قەدرىنى بىلگەنى يوق.

ئىشققە چۈشتۈڭ ئوتقا چۈشتۈڭ، كويۈپ ئولدۇڭ
پەرۋانىدەك جاندىن كېچىپ ئەخكەر بولدۇڭ
دەرتكە تولدۇڭ، غەمگە سولدۇڭ تىلبە بولدۇڭ
ئىشق دەردىنى سورساڭ ھەرگىز دەرمانى يوق

ئاشىق ئەمەس جانانىگە جان بەرمىسە
دىخان ئەمەس كەتمەن چاپىپ نان بەرمىسە
مۇندا يىغلاپ ئاخىرەتتە جان بەرمىسە
يولدا قالغان بويى خۇدا ئالغانى يوق.

ئەي بىخەبەر، ئىشق ئەھلىدىن بايان سۇرمە
دەرد ئىستەگىل ئىشق دەردىغە دەرمان سۇرمە
ئاشىق بولساڭ زاھىدلاردىن نىشان سۈرمە
بۇ يوللاردا ئاشىق ئولسە تاۋانى يوق.

ئىشق سەۋداسى كىمگە چۈشسە رەسۋا قىلۇر
پەرتەۋ سالىپ ھەق ئوزىغە شەيدا قىلۇر
مەجنۇن سۈيەت ئەقلىن ئالىپ لەيلا قىلۇر
ئاللا ھەققى بۇ سوزلەرنىڭ يالغانى يوق.

قۇل خۇاجە ئەھمەد جاندىن كېچىپ يولغا كىرگىل
ئاندىن سوڭرە ئىرانلارنىڭ يولىن سورگىل
ئاللا دىبان ھەق يولىدا جانىڭ بەرگىل
بۇ يوللاردا جان بەرمىسەڭ ئىمكانى يوق.

× ×

ھاجەت ئەرمەس ئىشق دەردىغە دەۋا سورىماق
ۋەيران ئېتىپ كەتكەن ئەرمىش داۋاسى يوق.
جانىڭ قىناپ ياشىڭ ئاقىپ ھۈشىڭ كېتىپ
ئىشق دەردىدىن، دوستلار قاتتىق بالاسى يوق.

ھەر كىم كويەر جانىغا ئالار ئىشقنىڭ ئوتىن
جانى كويسە ئەزاسىدىن چىقار تۈتۈن
باغرى ئەنىڭ سەدپارەدۇر يوقتۈر پۈتۈن
خەلققە زاھىر كورۇنۈپ تۇرغان ياراسى يوق.

جاندىن كەچمەي تاپماس ھەر كىم جانانەنى
كورۇپ ھىممەت قىلماق كىرەك پەرۋانەنى
كورۇپ بىلسىپ ئوتقا ئۈردى ئوز جانىنى
سۇدۇزىيان بىرلە ھەرگىز پەرۋاسى يوق.

ئانچە يۈردۇڭ، ئانچە تۇردۇڭ ئەي بىخەۋەر،
نەپسى شەيتان ئىشلىرىدىن قىلغىل ھەزەر.
بىزدىن بۇرۇن مىڭلاپ كارۋان قىلغان سەپەر،
ئەينا كەتكەن : » بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق«.

ئېيتىپ ئوتكەن ئىرانلەردىن يولنى سورغىل،
سەھەرلەردە ئورە قوپۈپ چار زەرپ ئۇرغىل.
مۈسوھبەتىن قۈرغان يەرگە ئۈزۈڭ ئۇرغىل،
يولغا كىرگەن ئىرانلەرنىڭ ھاۋاسى يوق.

قۇل خۇاجە ئەھمەد ئەيدى دوستلار ئىشتىڭ مۇنى،
قاپ تاغىدەك تاشلار تەگسە چىقماس ئۈنى.
كىمگە ئېيتىپ كىمگە يىغلاي ئىشق دەردىنى،
ۋاللا-بىللا ئىشق دەردىنىڭ داۋاسى يوق.

× ×

دەمبۇ دەمدۇر ئۇزگە دەمنى دەم دىمە ،
دۇنيادىن بىغەم ئۆتەرسەن غەم دىمە.

كويمىسە جانىڭ دىلىڭ ھەم ئۇستىخان،
كوز ياشىڭ ئاققان بىلەن سەن نەمدىمە.

خاھى كۇلسە يىغلىسا ئاشىق ئېلى ،
چېھرەئى سۇرخىن كورۇپ بىغەم دىمە.

ئەسلى نەسلىڭ قەترەئى ئابى مەنى،
خەسنى كورسەڭ سەن ئۇزۇڭدىن كەمدىمە.

ئادەمدە زەررە مەنا بولماسا،
سەن ئۇنى ئادەم كورۇپ ئادەم دىمە.

تويمىسا سىر مەئنىدىن ئادەم ئەمەس،
سەن ئۇنى سۇرەت كورۇپ مەھرەم دىمە.

گەر يۇرەكدە بولمىسا يۇر داغى دەرت،
زىنھار قاچقىل ئۇنى ھەمدەم دىمە.

تەگسە بىلگەن ئابىدارى خەنجەرى،
جان بىرۇر جانانەغە مەر ھەم دىمە.

دوستلار دىۋانە ئەر مەس ھەر كىشى،
ئەززۇ جاھدىن كەچمىسە ئادەم دىمە.

مىسلى دەريا يۇزىدە يۇرگەن خەسى،
هايۇ ھۇ دىگەن بىلەن مەھكەم دىمە.

ئەھمەدا تۇتقىل غەنىمەت ھەر نەپەس،
يارسىز ئۆتكەن بۇ دەمنى دەم دىمە.

× × ×

ۋەھدەت خۇمى ئاچىلدى ، مەيخانەغە كىرسەممەن،
بىر جام ئىچىپ شۇل مەيدىن مەستۇ ھەيران بولسامەن.

ئۇ شۇل مەينىڭ مەزاسى ئىچ باغرىمنى قان قىلدى،
باغىر قانىم ئاققۇزۇپ جانان سەرى بارسامەن.

ساقى سۇندى ھەر نەپەس كەيپىيەتنىڭ شارابىن،
سەرمەست ئولۇپ ئوشەلدەم نالە پارياد ئۇرسامەن.

ئىنسانىيەت ياقاسىن شەۋق ئاتەشى كويدۇردى،
ۋەھدانىيەت دەرياسىن ئۇ شەلدەمدە شۇرسامەن.

ئۇل دەريانىڭ مەۋجىدىن قورقـقان غەۋۋاس دۇر ئالماس،
جاندىن كىچىپ دۇر ئۇچۇن بەھر قەرىگە چۇمسەممەن.

خۇاجە ئەھمەدنىڭ خۇمىدە مۇھەببەتنىڭ شارابى ،
ئاشىقلارغا شۇل مەيدىن مۇرادىچە بەرسەممەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىمەتىللا ئەبەيدۇللا

# تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن

## ئىككى شېئىر

مېڭ خاۋرەن

### دوستۇمنى يوقلاپ سەھراغا بارغاندا

چاللىدى سەھراغا دوستۇم ئۆيىگە،
راسلىغىنىپ توخۇ گۆشى، سوكتىن تائام.
مەي بىلەن چۈشتۈق پاراڭغا زوقلىنىپ،
خامىنى مول، باغ ئىكەن ھويلا ـ ئارام.

مەلىسىنىڭ چەتلىرى بوستان ئىكەن،
سىرتىنى ئوراپتۇ يېشىل تاغ تامام.
ئالدىمىزدا كەلسە چۈڭچياڭ بايرىمى،
كېلىمەن گۈل سەيلىسىگە مەن داۋام.

### باھار ئەتىگەنلىكى

ئۇيقۇلۇق، سەزمەپتىمەن ئېتىپتۇ تاڭ،
كەلتۈرۈپتۇ قۇشلىرى ئەتراپنى چاڭ.

تۈندە ئەززۇدەپ ئىدى يامغۇر ـ يېشىن،
قانچىلىك ياپراق ـ چېچەك چۈشكەنكى، تاڭ؟!

---

مېڭ خاۋرەن — مىلادى 689 -- 740 - يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆز تەۋەسىدە بىلىم ئېلىپ، 40 ياشلارغا كىرگەندە شۇ چاغدىكى پايتەخت چاڭئەنگە ساياھەتكە بارغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى يې- زىشقا ماھىرلىقى بىلەن خاراكتېرلىق.

# ئىككى شېئىر

ۋاڭ جۇ خۇەن

## لياڭجۇ نەزمىسى

كىرگەن بۇلۇتلار قەرىگە خۇاڭخې يىراقتىن تولغۇنۇپ،
تەنها شەھەرنى قورشىغان ئاسمان پەلەك تاغ جەم بولۇپ.

شۇ "تالى مەجنۇن" كۈينى ياڭراتمىغىن چىياڭنىيىدىن،
كەلمەيدۇ كوكلەم شامىلى تاش قاپقىغا ئەللىق ئۇرۇپ.

## لەگلەك راۋىغىغا چىققاندا

بولدى غايىپ، موكتى كۈن تاغ كەينىگە،
ئاقتى خۇاڭخېمۇ دېڭىزنىڭ قەرىگە.
يەنىمۇ يىراقنى تەلپۈنسەڭ ئەگەر،
ئورلىگىن ئاندىنمۇ يۇكسەك پەللىگە.

# دېخان بوۋاي

جاڭ بى

ئەجرى قىلدى يەرىگە يۇلتۇزنى كوكتە ياندۇرۇپ،
ئوخشىدى ئېتىزدا ئاش ياش - قېرىنى شاتلاندۇرۇپ.

ئوزگىلەر ئىلكىگە ئوتتى ئالغان ئاش خاماندىلا،
نەلمدە سەرسان ئوزى، بالا - چاقىسىنى قالدۇرۇپ؟

---

* ۋاڭ جۇخۇەن – مىلادى 688 – 744- يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ، گەرچە ئەينى دەۋردە داڭلىق، تالاي شېئىر يازغان شائىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلەردىن ساقلىنىپ قالغانلىرى ئاز.
* تالى مەجنۇن – قەدىمقى دەۋرلەردىكى بىر خىل ناخشا بولۇپ، كوپىنچە قايغۇ – مۇڭنى ئىپادىلەشتە ۋاستە قىلىندۇ. چىياڭ نېيى – قەدىمقى دەۋردىكى چىياڭزۇ مىللىتىنىڭ بىر خىل چالغۇ ئاسۋابى.
* تاش قاپقا – هازىرقى يۈيمىنگۇەننى دىمەكچى. تەنها شەھەر – لياڭجۇ شەھرىنى دىمەكچى
* لياڭجۇ نەزمىسى – قەدىمقى دەۋردىكى ناخشىنىڭ بىر تۈرى؛ لياڭجۇ – هازىرقى گەنسۇ ئولكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىدە
* جاڭ بى–785 - يىلىنىڭ ئالدى – كەينىدە بىر قانچە قېتىم ئىمتىھانغا قاتنىشىپمۇ ئوتەلمەي قالغان. لى بەيگە ھەممىدىن بەك ئىخلاسمەن بولۇپ، لى بەينىڭ ھەركىتىنى دوراپ يۈرگەن.

# ئىككى شېئىر

ۋاڭ ۋېي*

## شىكار سەيلىسى

كاماندىن ئوق ئۇچىدۇ شامال بىلەن شىددەتتە،
شىكار قىلار ۋېيچىڭدا* شىكار خۇمار سەركەردە.

تاغىر سايدا ، ئوتكۇردۇر ئالمان قۇشنىڭ كوزلىرى،
ئويناقلايدۇ ئاتلىرى قار ئېرىگەن يەرلەردە.

رەستىسىدىن شىنفىڭنىڭ* خۇشال يايراپ ئوتتى ئۇ،
قىرچىن تاللىق* قەلئەدە پەيدا بولدى بىردەمدە.

باقسام سەييات ئوق ئۇزۇپ شۇڭقار ئاتقان جايغا مەن،
كەچكى تۇمان ئېسىپتۇ سۇس، گىرەمسەن دەرپەردە.

## چېگرىغا هال سوراپ بېرىش

هارۋىدا جۇيەننى يول ئوتەڭ قىلىپ،
ئەلچى بوپ چىگراغا ماڭدىم هال سوراپ.

بارىمەن تۇرنا، بېسىلغاقتەك ئۇچۇپ،
خەن يېرىدىن خۇر دىيارىغا* ئۇزاپ.

كى ئۇزۇن دەرياغا دوگلەك كۇن پاتار،
چول ئارا گۇلخان يانار، ئىس پۇرقىراپ.

ئۇچرىشىپ شياۋگۇەندە* تۇتقا ۋول بىلەن،
ئاڭلىسام: يەنرەندىكەن دوتەي جاناپ.

* ۋاڭ ۋېي — مىلادى 701 — 761- يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ ، يېزا-قىشلاقلارنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرلىرى داڭلىق

* خۇر دىيارى—تۇركلەر جايلاشقان جايلار.

* ۋېيچىڭ—هازىرقى شىئەن شەهرىگە يېقىن جاي.

* شىنفىڭ— هازىرقى شەنشى ئولكىسىگە قاراشلىق لىنتۇڭ ناهىيىسىنىڭ شەرقىدىكى بىر جاي.

* قىر چىن تال— بوستانلىق— چاڭئەنگە يېقىن جاي.

* شياۋگۇن، يەنزەن-هازىرقى نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇل تەۋەلىكىدىكى جايلار.

# چۇجۇ دەرياسى بويىدا

ۋېي يىڭۋۇ

لىۋىدە ئايىنىغان چوپلەر مېنى خوپ مەھلىيا قىلدى،
باراخسان شاخ ئارا كاككۇك تىنىمسىز خۇش ناۋا قىلدى.
باھار دولقۇنلىرى لومشىپ قوشۇلغان يامغۇرى كەچتە،
كېچىك تاللاپ ئۆيان ئوتتۇم، بىر پەيت دىلنى رىزا قىلدى.

>>>>>>✲✲✲<<<<<<

# ئېيپەتلىك خېنىم ناخشىسى

جاڭ جى

سىزگە مەلۇمدۇر مېنىڭ ئېرىمىز بار،
قىلدىڭىزغۇ ئىككى ياقۇت يادىگار.

جان تەسەددۇق ئىشقىڭىزدىن ئايلىناي،
پىنچىگىمگە تىگىۋالسام نۇر چاچار.

× ×

باغۇ - بوستانلىق ئىچىدە جايۇ - ماكانىم مېنىڭ،
ئورددا نەيزە تۇتادۇر سۆيگۈ - جانانىم مېنىڭ.

قەلبىڭىزنىڭ كۆن بىلەن ئايدەكلىگى مەلۇم ماڭا،
بىللە شۇ يايرىم بىلەن ھاياتۇ - ئىقبالىم مېنىڭ.

رەنجىمەڭكى، قايتۇراي ياقۇتنى كوز ياشىم بىلەن،
نە سەۋەپ تونۇشمىغان بىز باشتا قىز چاغىم مېنىڭ.

---

* ۋېي يىڭۋۇ— مىلادى 737 - 790 يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ۋە تاغ - سۇلارنى تاسۋىرلەش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.
* چۇجۇ— ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى چۇشيەن ناھىيىسى.
* جاڭ جى— مىلادى 768 - 830-يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلىدىغان بىر مۇنچە شېئىر يازغان.

# ئىككى شېئىر

دۇشۇنخى

## تاغدىكى تۇل خوتۇن

ئۇرۇشتا ئۇلدى ھەمرايىم، قېلىپ گەمدە ھالىم يوق،
ئۇچامدا بوز كىيىم جۇلجۇل، چېچىم ئاق، يۈزدە قانىم يوق.

ئۈزۈمزار تەل نابوت بولدى، سېلىقنى سۆيلىشەر ھەدەپ،
زېمىننى ئاق قالدى يۇ، باج تولىمەسكە ئامالىم يوق.

ياقارمەن شاخنى كەسكەنچەچۆدىق پاپراغىمۇ بىللە،
ياۋا گىيا غىزا مەنچۈن، بىرەر يىلتىز قويارىم يوق.

مېكۇنسەممۇ پانا ئىزلەپ جىراتاغ غارغا - ئوڭكۈرگە،
سېلىق - ئالۋاڭ بالاسىدىن قېچىپ قۇتۇلارىم يوق.

## خۇچېڭ ناھىيەسىدىن قايتا ئوتكەندە

نىسىپ بولغان ماڭا بۈلتۈر بېسىپ ئوتمەك بۇ ماكاندىن،
ئاۋام پۈتكۈل تولا قاخشاپ تويىۋپ تۇرغان ئىكەن جانـدىن.
بۇگۈن كەلسەم قىزىل ئۈنۋان تاقاپتۇ ھاكىمى رەت - رەت،
قىياسىمدا بويالغان ئۇ ئاۋام زەر دابىدىن - قاندىن.

---

* دۇشۇنخې — مىلادى 846 — 907 - يىللار ياشىغان مەشھۇر رېئالىست شائىر بولۇپ، ھازىرقى گەنخۇي ئولكىسىگە تەۋە بولغان جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يوقسۇل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىجتىمائى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازغان.

* خۇچېڭ — ھازىرقى گەنخۇي ئولكىسىدىكى، خۇياڭ ناھىيەسىنىڭ غەربى شىمالىدىكى جاي

# سۇ لەيلىسى يېغىش

لى كاڭچىڭ

يېغىمىز سۇ لەيلىسى،
ئاي موكۇپ، چۈشكەندە دەرياغا شەپەقنىڭ شولىسى،
لەيلى، ئىلۇفەر، كىيىم ھىدى قوشۇلغان بىر بولۇپ.
سۇدا ئوينايدۇ بىسزەك، شەلپەر ئىگىنلەر جىلۋىسى،
كوكتە بۇلۇت، چىقتى بوران، قايتقىلى يوللار يىراق.

قايتقىلى يوللار يىراق،
بولمىدۇق بىللە ئۇزاق!
بۇرۇلۇپ ياندۇق يەنە،
ئوينىتىپ قولدا پالاق.

## يوقسۇل قىز

چىن تاۋيۇي

كۈنۈم ئوتتى ئىرىپلىقتا كورەلمەي خوش باھارىمنى،
ئاشۇردۇم ئەلچىلەر ئىزلەپ ئەجەپمۇ ئاھۇ - زارىمنى.

غۇبارسىز خىسلىتىمنى كىم قوبۇل ئەتكەي بىلىپ قەدرىن،
قىلار ھەم ئىختىيار چىندىن مىنىڭ سۇلغۇن چىرايىمنى.

ئىرىپلىقتا قولۇم ئەپچىل، خىلىلاردىن قېلىشماسمەن،
كوڭۇل تارتماس بېرىپ زىننەت ئەتەي ئەگلىك قىلارىمنى.

تاۋار - دۇردۇن تىكەرمەن ئوزگىلەرگە ھەر يىلى كۈن-تۈن،
ئىسىت، زەرىپ ئىشى ئالدى جىمى ۋاقتى - قارارىمنى!

* لى كاڭچىڭ — مىلادى 750 - يىللىرى ئالدى - كەينىدە ياشىغان شائىر بولۇپ، لى بەي ۋە دۇفۇلار بىلەن زاماندىش ئوتكەن.

* چىن تاۋيۇ — ھازىرقى شىئەن شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن بىر تالانتلىق شائىر بولۇپ، مىلادى 882 - يىلى تەشرىپدارلىقتا ئوتۇپ چوڭ بىر ئەمەل تۇتقان. ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە مەشھۇر سانالغان شائىرلارنىڭ بىرى.

# ئىككى شېئىر

لى خې

## لى پىڭنىڭ غوڭقا كۈيلىرى

كۆزنىڭ زۇمرەت ئاسمىنىدا غوڭقا ئۈنى سەييار ئەيلەر،
بۇلۇتلارمۇ تاغ بېشىدا توختاپ ئۇڭا خۇمار ئەيلەر.

شاھ سەنەمنىڭ كوزلىرىدىن ياشلار تامچىپ بامبۇ كىزارغا،
سۆزۈك خېنىم ئاڭلاپ غەمدىن سىنەلىرىن سەكپار ئەيلەر.

سېھرىلىك قۇدرەت بىلەن لى پىڭ شۇدەم نەغمە قىلىپ،
ئاستانىدا جىمى جاننى ساز مۇڭىغا خۇشتار ئەيلەر.

ساز زىلىلىغى كوئېنلۇننىڭ مەر - مەرلىرى سۇنغانچىدۇر،
ياڭراقلىغى سۇمرۇغلارنىڭ چاللىشىنى ئىنكار ئەيلەر.

گاھى موڭى ئوكسىتىدۇ لەيلىلەرنى ياش ئاققۇزۇپ،
گاھ شوخ كۈيى خوش قاتىنىمۇ جەۋلان بىلەن ئىپار ئەيلەر.

ئون ئىككى چوڭ دەرۋازىدا جۇتنى زەبون ئەتتى ئىللىق،
يىگىرمە ئۈچ مەشۇت تارغا ئاللا ئىگەم ئىختىيار ئەيلەر.

ئايال خۇدا ياماپتىكەن تاشتا ئاسمان يېرىغىنى،
غۇلىدى تاش ساز مۇڭىدىن، كوز يامغۇرى شار - شار ئەيلەر.

تىلسىماتقا كىرسەم، لى پىڭ دەرس بەرمەكتە مومايلارغا ،
لەھەڭ بېلىق پىلتىڭلىشىپ، ئەجدىھارمۇ ھەييار ئەيلەر.

زوقمەن بولۇپ سازغا توشقان، سەزمەي قىرو چۈشكىنىنى،
ئايدا ۋۇگاڭ دالچىن تاياپ، كوزى سەگەك بىدار ئەيلەر.

---

لى پىڭ — ئۇستا سازەندە

## ئاياغ مەھەللىدىكى باغچە

تۈشمۇ - تۈشتا گۈل ئېچىلغان شاخ بەرگىدە سانجاق بولۇپ،
ھور - سەنەمنىڭ مەڭزى ئوخشاش قىپ - قىزىل ھەم ئاپپاق بولۇپ.
كەچ باھاردا ھىد - ھۆسنىدىن يوقىتىپ ئەمدى بەلگۈ - نىشان،
راۋان بوپتۇ پەسلى باھار شامىلىغا ئامراق بولۇپ.

# تاش بېلىق كولى بويىدا كەيپ بولۇش

يۈەن جيې

تاش بېلىقكول ئەجەپمۇ ئوخشايدىكەن دۈڭتىڭغا،
جۈنشەن گۈزەل ياشىرىپ، لىقلىنىپتۇ كول سۈغا.

قەدەھ قىلىپ بۇ تاغنى، كول سۈيىنى مەي قىلدۇق،
كولدىكى چوڭ ئارالغا ئولپەت دوستلار يىغىلدۇق.

ئەزۋەلىدى جۈت - بوران قانچە كۈندىن كۈن - تۈنلەپ،
توختىتالماس قولۋاقنى مەي توشۈشتىن جىدەللەپ.

باچيۇ ئوزرە سورۇندا نوگاي تۇتۇپ ئولتۇردۇم،
غەمدىن خالاس بولۇشقا ئولپەتلەرگە مەي قۇيدۇم.

---

* لى خې—791 — 816 - يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سىرلىق، يوشۇرۇن، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي، رومانتىك تۈسى قويۇق، ئۇ، تاڭ دەۋرى شائىرلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىجات قىلغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ پەقەت 27 ياشلا ئۆمۈر كۆرگەن.
* يۈەن جيې - مىلادى 719 - 772 - يىللار ھازىرقى لوياڭ شەھرىدە ئۆتكەن شائىر بولۇپ، خەلقنىڭ دەرت-ئەلەملىرىگە ھەمداشلىق قىلىدىغان بەزى شېئىرلارنى يازغان.
* تاش بېلىق كول - ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ داۋشيەن ناھىيىسىدە.
* دۈڭتىڭ - دۈڭتىڭخۇ كولى.
* جۈنشەن - دۈڭتىڭخۇ كولىدىكى بىر تاغ.
* باچيۇ - دۈڭتىڭخۇ كولى بويىدىكى بىر تاغ.

# ئىككى شېئىر

لى شياڭيىن

## تېمىسىز

ۋىسال تاپماق بەسى مۈشكۈل، جۇدالىق دەردىمۇ ئاندىن،
خازان قىلماسقا گۈللەرنى شامال مەھرۇم ھەر ئىمكاندىن.

ھاياتلا پىللە توختاتماس ئىسىل مەشۇت چىقارماقنى،
كۆيۈپ پۈتمەي ئۆزى پۈتمەس ئاقار، ياش ھەردەمى شامدىن.

قىلار غەم زۈلفى قۇندۇزمۇ سەھەردە كورۇبان ئەينەك،
تۈنى زىكرى قىلىپ نەزمە، سوغاقلىق ئوتىدۇ جاندىن.

پەرى دەرگاھىغا يەتمەك ئەمەستۇر ئانچىمۇ مۈشكۈل،
جىننىم قۇشلار خەۋەر ئالغاچ كېلىڭلار يولدا جانانىدىن.

## يامغۇرلۇق تۈندە شىمالدىكى يارغا جاۋاپ

دىسىڭىز قايتار چېغىمنى، دىمىگىم تەستۇر بۈگۈن،
لىقلىدى باشىن* دە يامغۇر تۈنبويى كولنى پۈتۈن.
كېسىشىپ شام پىلىگىنى يولۇنۇپ دەرىزىگە،
سۆز ئېچىپ باشەن تېغىدىن جەم بولارمىز قايسى كۈن؟

---

* لى شاڭيىن — مىلادى 812 - 858 - يىللاردا ياشىغان شائىر بولۇپ، تاڭ سولالىسىنىڭ ھوكۈمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى كۆزىتىپ يازغان بىر مۇنچە شېئىرلىرىدا ئىچكى دۇنياسىدىكى بىئارامىلىق دارىتمىلاش يولى بىلەن ئىپادىلىگەن.

* باشىن — بىر تاغنىڭ ئىسمى.

# يازنى سېغىنىپ

گې يائىر

چېچىم چۇۋۇق، چازام ياغاچ، دۇنيادا ئازمەن،
كېيىنمەن تويلۇق ماتا، قىشلىقى - يازمەن.
كۇنجۇت ئىكىش*ئاسان ئىكەن، بىراق ئەكمىدىم،
قارارىمۇ بولدى يازنىڭ، كەلمىدى زارمەن!

# ئاستانىنىڭ نەنجۇاڭ كەنتىگە بېغىشلاپ

سۇي خۇ

بۇندا بۇلتۇر بۇ كۈنى بولغان ماڭا بولماق نىسىپ،
گۇلچىراي بىلەن توغاچ گۇلى تۇراركەن بەسلىشىپ.
جونگەنكىنى قايسى ياقلارغا بۇگۈن ئۇگۇلچىراي ،
بۇ باھار توغاچقىنا تۇرۇپتۇ تەنها ئېچىلىپ!

# ئېكىنچىگە بېغىشلاپ

نى يېجۇڭ

كەتتى فېۋرالدا يېپەكلەر قەرزىگە،
ماي ئېيى ئاشىمۇ قويۇلدى رەنگە.

كوزدىكى چاپاق ئېلىندى ۋە لېكىن
تىغ سېلىندى جان - يۇرەكنىڭ قەردىگە.

شام - چىراق بولسا مۇقەددەس شاھ دىلى،
بەرسە ئىنساپنى قوشۇپ ھەم كوڭلىگە.

يۇرۇغى چۇشمەي زىباپەتخانىگە،
چۇشسىكەن غۇربەتتە قالغان گەمىگە.

ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى

* گې يائىر بىر شائىر بولۇپ، تۇغۇلغان – ۋاپات بولغان ۋاقى ۋە ئىجادى پائالىيەتلىرى ھەققىدە ماتېرىيال يوق
* كۇنجۇت ئىكىش — قەدىمقى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كۇنجۇت ئىكىشتە ئەر-ئايال بىللە ئىكىش لازىم ئىكەن، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئوبدان ئايىنايدىكەن، شۇ سەۋەپتىن ئايال ئوزى كۇنجۇت ئىكەلمەي ئېرىنىڭ كېلىشىگە توت كوزى بىلەن تەشنا بولىدۇ.
* سۇي خۇ — مىلادىنىڭ 796 - يىلى تەشرىپدارلىقتا ئوتۇپ باسقاق بەگ دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان.
* نەنجۇاڭ — ئاستانە چاڭئەن شەھرىگە يېقىن جايدىكى بىر كەنت.
* نى يېجۇڭ — مىلادى 837 — 884 – يىللار ياشىغان شائىر بولۇپ، ھاياتى ئاددى – ساددا ئوتكەنچىكە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەرگوزەشتىسىنى بىر قەدەر چۇشەنگەن، شۇڭا شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ دەردى – ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

# ئەكرەم

(ھېكايە)

ئەركىن ئوبولخەيرى

زاۋۇدىمىزدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېك-
رېتارى مەن بىلەن سۆزلىشىپ ، سىېخ بويىچە
رەھبەرلىك "قالاق" دەپ قارايدىغان ئەكرەم
بىلەن "دوست" بولۇشۇمنى تاپشۇرغان ئىدى.
ئىسىت، بىر قانچە ھەپتە ئاۋارىچىلىق تارتقان
بولساممۇ، ئاخىرى ھېچقانداق نەتىجىگە ئې-
رىشەلمەي، لۆىمنى چىشلەپ قالدىغانلىقىمنى
ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. دەرۋەقە ياش
ئادەمدىن ھەممىلا ئىشتا چوقۇم تەرتىپلىك بو-
لۇشنى تەلەپ قىلىشمۇ قىيىن، لېكىن بىزنىڭ
ئەكرەم بەكلا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى!...

ئالدىمىزدا بىر قانچە قىزلار قول تۇتۇشۇپ
كېتىۋاتقان ئىكەن، ئىسقىرىت ئاۋازىنى ئاڭلاپ
چۆچۈپ، ئەكرەمنى "لۆكچەك" دەپ تىللىدى.
بۇنى ئاڭلىغان ئەكرەم دىمىغىنى قېقىپ يەرگە
بىرنى تۈكۈردى - دە، سەمىزرەك بىر قىزچاققا
كۆزىنى ئالايتىپ:

— ھەي، ساڭا كىم گەپ قىلىدى؟ يولۇڭنى
ماڭمامسەن! - دەپ قىزلارنىڭ ئالدىغا دىۋەي-
لەپ كەلدى. بۇنى كورگەن قىزلار قورققىنىدىن
قېچىشقا باشلىغىنىدا، ئەكرەم بېلىنى تۇتۇپ
قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئاچچىقىمدا:

— ئەكرەم نىمە قىلماقچىسەن؟ لۆكچەكلىك
قىلما! - دەپ تووۋلىدۇم. ئەكرەم دەرھال كۈ-
لۈشنى توختاتتى. ھېلىقى قىزلار خېلىدى ھىما-
يىچىگە ئىگە بولغاندەك بىردىنلا قاقاخلاپ كۈ-
لۈشۈپ كەتتى. شۇ پەيتتە مەن ئەكرەمنىڭ كوز
چاناقلىرىدا ياش ئەگىۋاتقانلىقىنى كوردۇم.
ئۇنىڭ كوزىدىن ئوغۇللار قىزلار ئالدىدا مەس-
خىرىگە قالغاندا بولىدىغان غەزەپ ئوتىنىڭ
ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غۇرۇرى
ھەقىقەتەن كۈچلۈك، لېكىن غورۇر دىگەن غو-
رۇر - دە، كىممۇ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى توغرا
دىيەلىسۇن!؟

مەن ئەكرەمنى تەربىيىلەيمەن دەپ شۇنچە كوپ
تىرىشچانلىق كورسەتكەن بولساممۇ لېكىن ئۇ-
نىڭ نەزىرىمدە بارغانسىرى قالاقلىشىپ كې-
تىۋاتقاندەك بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئالغا بېسىشىغا
بولغان ئىشەنچەممۇ يوققا چىقىشقا باشلىدى .

يەكشەنبە كۇنى تۇخۇم سېتىۋېلىش ئۇچۇن
بازارغا چىقتىم . توخۇ بازىرىدىكى ۋاراڭ-
چۇرۇڭلارغا قوشۇلۇپ ، كەپتەرۋازلارنىڭ ئالا-
چۇقانلىرى بازارنى قاپلىغان ئىكەن، ئۇمىنىڭ
دىققىتىمنى ئوزىگە جەلب قىلىۋالدى. چاچلىرى-
غا ئاق كىرگەن قېرىلاردىن تارتىپ ياشلارغى-
چە بىر توپ كىشىلەر ئوز كەپتەرلىرىنى ماخ-
تىشىپ ، خېرىدار ئىزلەۋاتقان بۇ قىزىق با-
زاردا تۇساتتىن ئەكرەمنى كورۇپ ھاڭ - تاڭ
قالدىم . ئەكرەم بىر قېرى كەپتەرۋاز بىلەن
ئىككى دانە كەپتەرنىڭ سودىسىنى قىلىشىۋاتات-
تى . ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ۋاقىت " دوست "
بولغان تۇرۇغلۇق ، كەپتەرۋاز ئىكەنلىكىنى زا-

دىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن . مېنىڭ ئۇنى
چۈشۈنۈشۈم نىمە دىگەن ئۇزە ـ ھە ؟ ... ئەگەر
ئۇنىڭ كەپتەرۋاز ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلـ
گەن بولسام ئۇنى تەربىيىلەيمەن دەپ ئاۋارە ـ
مۇ بولمىغان بولاتتىم . ئەتىسى ئەكرەم ئىشقا
كېچىكىپ كەلدى . بۇ مېنىڭ ئاچچىغىمنى بەكـ
مۇ كەلتۈردى .

— سەن ياپ ـ ياش تۇرۇپ ئۆگىنىشنى تېـ
خى خالىمىساڭ ، ئالغا باس دىسە كەينىگە چې
كىنسەڭ ، ئىشقا كېچىكىپ كەلسەڭ ، كەپتەرلا
باقساڭ بولامدۇ ؟ ئەمدى سېنى ئىشچى دىگەنـ
دىن كورە " كەپتەرۋاز " دىسەك بولغىدەك! ـ
دەپ باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا تەنقىت قىلدىم .
ئەكرەم مېنىڭ كوزۇمگە تىكىلدى . ئۇنىڭ ئىلـ
لىق كوز نۇرى بارغانسىرى سوغۇقلاشتى . ئا ـ
خىرى ئۇ لىۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ، ئاچچىغى
بىلەن :

— مەن سەندىن سوراپ باقاي ، ئايمۇ ـ ئاي
ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدۇم ، كېرەكسىز ما ـ
تىريال چىقارمىدىم ، بىخەتەر ئىشلىدىم . بىر
قېتىم كېچىككىنىم " گۇنا " بولسا ئىسقىرتسام
" لۇكچەك " بولسام ، كەپتەر بازىرىغا بار ـ
سام " قالاق " بولسام ، كىتاپلا ئوقۇپ سىلەر
ئويۇشتۇرغان مەدىنىيەت كېچىلىكىدە بەلنى تول
غاپ ئۇسۇل ئوينىسام ياخشى بولامتى ؟ بەزـ
لەر مېنى تېخى " ئوزگەرمەس قالاق " دەپتۇ ،
قېنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن زادى
كىم كوپرەك توھپە قوشۇدىكەن ، بۇنى ئەمەلـ
يەت باھالاپ باقسۇن ! .... دىدى . ئۇنىڭ
يۇزلىرى ئاقىرىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى .
راس ئەكرەم ۋەزىپىنى ئايمۇ ـ ئاي ئاشۇرۇپ
ئورۇنلىغان ئەمەسمۇ ، مەن گەپ قىلالماي تۇ ـ
رۇپلا قالدىم . ئەكرەم زادى قايسى ئېقىمغا
مەنسۇپ ؟ بۇنى كاللامدا زادىلا ئويلاپ يې ـ
تەلمىدىم .

ئاردىن خېلى كونلەر ئوتتى . بىر كۇنى
سېختا ئەكرەمنىڭ سۇلياۋ خالتىغا سېلىنغان
ئۇن ئالغۇنى سايمان ساندۇغىغا ئاۋايلاپ سې ـ
لىۋاتقانلىغىنى كوردۇم . بۇ ئىشنىڭ بىر قانـ
چە قېتىم تەكرارلىنىشى مېنى قىزىقتۇرماي قال ـ
مىدى . بۇ قۇتاشەكىللىك ئۇن ئالغۇ لېنتىسىدە
قانداق سىر باردۇ؟ بەكمۇ بىلگىم كەلدى. ئوتـ
كەن كۇنى ئۇ ئىشقا كېچىكىپ كەلگەن چاغدا
سوز تالىشىپ قالغانلىغىم ئۈچۈن سوراشنى خا ـ
لىمىدىم . بىر كۇنى چۈشتە تاماقنى يەپلا
سېخقا كەلسەم ، كىم بىلسۇن، ئەكرەم ئۇن ئال ـ
غۇدىن پايدىلىنىپ ئېنگلىزچە تىل ئوگۈنۈۋې ـ
تىپتۇ . ئەجەپ ئىش بولدىدە ، ئەكرەمنى ئۇگـ
نىشكە بۇنچە قىزىقتۇرغان سەۋەپ نىمىدۇ؟ بۇنىمۇ
كاللامدا زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم . ئۇنىڭ
ئوگىنىۋاتقىنى قايسى ساھەدىكى سوزلەردۇ ؟
ياكى بولمىسا بۇنىڭ ئاخىرىدا ئاجايىپ مۇزـ
كىلارمۇ بارمىدۇ ؟ ... بۇنىڭغا ئەجەپلەنگەنـ
سېرى بىلىشكە شۇنچە تەقەززا بولدۇم . ئەك ـ
رەم زادى قالاقمۇ؟ ھېلىمۇ بەزىلەر ئەكرەمنى
" گەپ ئاڭلىمايدىغان قالاق " ديىشىدۇ، ئۇ ـ
لارنىڭدۇ ئوز نىگە تۇشلۇق ئاساسى بار ـ دە...

شەنبە كۇنى كەچتە بىز بىر قانچە ئىتتى ـ
پاق ئەزاسى " ياخشى ئىش قىلىش " نىيىتىدە
سېخقا جەم بولدۇق . ئىتتىپاق ياچېيكىمىزنىڭ
پىلانى بويىچە بۈگۈن كەچتە قىلىدىغىنىمىز بۇ ـ
زۇلغان بىر ستانوكنى رېمونت قىلىش ئىدى.
شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ زادىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمە ـ
دۇق."گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ» دىگەنـ
دەك ئاخىرى زاۋۇدىمىزدىكى رېمونت ئوستىـ
سى ، پىشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى ئوسمان ئا ـ
كىنى چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق . ئوسـ
مان ئاكا زاۋۇت بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقار ـ
غۇچى بولۇپ، زاۋۇت ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئەڭ
ياخشى مەسلىھەتچىسى ئىدى . شۇڭا ھېچ ئىككە ـ

لەنمەيلا ئۇنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن باردىم•••

ئوسمان ئاكىنىڭ هويلىسىغا كىرىپ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ چىرىغىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىغىنى كوردۇم. مېھمان بارمىكىن دېسەم، جىمجىت ئىدى. سالام بېرىپ مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپلا هاڭ-تاڭ قالدىم! ئەكرەم، ئوسمان ئاكىدىن تېخىمكا ئۆگىنىۋېتىپتۇ. بۇنى كورۇپ بەكمۇ ئوڭايسىزلاندىم. چۈنكى ئەكرەمنى تەربىيەلەشنى دەل ئوسمان ئاكا تەكلىپ قىلغان ئىدى. كېيىن مەن بۇ ئىشتىن قول تارتقاندا، ئوسمان ئاكا ماڭا:

— ئۇكام بىز پولات-تومۇرگە گەپ ئاڭلىتالايمىزۇ، ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن ئەكرەمنى گەپ ئاڭلىمايدۇ دېسەك بولامدۇ؟ — دېگەن ئىدى. لېكىن مەن ئەكرەمنى تەربىيەلەپ ئىتتىپاق سېپىگە قوشۇش ئۈمىدىمنى ئۈزۈم رەت قىلغان ئىدىم. ئوسمان ئاكا شۇنچە ئالدىراش تۇرۇغلۇق ئۆزى قول ساپتۇ. بۇ مېنى ھەقىقەتەن خىجىل قىلدى.

— كەل ئەخمەت سېنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، قارىغىنا ئەكرەم نىمە دېگەن زىرەك-ھە؟ قىرىش ئىستانوكىنىڭ سىخىمىسىنى رېمونت قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان نوقتىلارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولۇپتۇ، بۈگۈن ئىمتىھان ئېلىپ باققان ئىدىم، — دېدى ئوسمان ئاكا.

مەن كىتاپ جازىسى يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، كىلىش سەۋەبىمنى ھودۇققان ھالدا بايان قىلدىم. ئوسمان ئاكا قولىدىكى كىتاپنى قويۇپ:

— بولىدۇ، بىز بارايلى، ئەكرەم ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسا قانداق، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كىنوغا كەتكەن ئىدى، ئاچقۇچنى ئېلىۋالماپتۇ دېدى-دە، دەرھال ئورنىدىن تۇردى. نىمە ئۈچۈندۇر مەن ئەكرەمنىڭ كوزىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم. ئەكرەم بىزنى كوچىغىچە ئۇزۇتۇپ قويدى.

زاۋۇتقا كېتىۋېتىپ، ئوسمان ئاكا خۇددى باياتىن مېنىڭ خىجىل بولغىنىمنى بىلىپ تەسەللى بەرگەندەك:

— سەن ئەكرەمنى تەربىيەلىيەمەن دەپ كوپ كۈچ چىقاردىڭ، لېكىن ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدىڭ. سەۋەپ ئۇنى چۈشۈنىشىڭ يېتەرلىك بولمىغان. مەنمۇ بۇرۇن بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئوتكەندە زاۋۇت بويىچە پىنسىيەگە چىققان ئىشچىلار بىلەن سوھبەت يىغىنى ئوتكۈزگەندە، پىشقەدەم ئىستانوكچى روزى ئۇستام ئەكرەمنى ماختاپلا كەتتى. ئەكرەمنىڭ ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىدىن كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى سورايدىغانلىغىنى، يەنە تېخى كەپتەرلىرىنى بېقىشىپ بېرىدىغانلىغىنى، بازار كۈنلىرى ياخشى كەپتەرلەرنى سېتىۋېلىپ ئەكىرىپ بېرىدىغانلىغىنى سوزلەپ بەردى. يەنە تېخى باشقا قېرى ئىشچىلارنىڭ كومۇر قويۇش، ئوتۇن يېرىش ••• قاتارلىق ئېغىر ئىشلىرىغىمۇ ياردەم قىلىپتۇ. ئەكرەم ھازىر ھەپتىدە ئىككى كۈن كەچتە ئىشتىن سىرتقى مەكتەپتە ئېنگلىزچە ئوگىنىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن تىرىشچان دېدى. زاۋۇتقا يېتىپ كېلىپ ئوسمان ئاكىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىستانوكنى تېزلا رېمونت قىلىپ بولدۇق. زاۋۇت ھويلىسىغا ئېلان چاپلاپ قىلغان «ياخشى ئىش» مىز تۇگىدى. ئوسمان ئاكا قايتىش ئالدىدا ياچېيكا سېكرېتارىغا بىر پارچە خەتنى بېرىپ، ئوقۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. خەتكە شۇنداق قاراپلا ۋوجۇدۇم ئاجايىپ بىر نومۇس كۈچىدىن تىترەپ كەتتى. بۇ مەلۇم ئىدارىدىكى بىر خەنزۇ كادىرنىڭ ئوتكەنكى بىر دۈشەنبە كۈنى سەھەردە ئەكرەمنىڭ ئۇنى يول ئۈستىدە كېسەلى

# ئومىچى قىز سالامەت

پەرھات مەھەممەت

كۆردۈم ئالتۇن ئېتىزدا، ئىش قاينىغان دېڭىزدا،
مەھرىم چۈشتى سول يارغان قارا قىزىمچاق بىر قىزغا.

كاراپ بولۇپ ئۆزۈۋېتتۇ، ئىشقا پىلان تۈزۈۋېتتۇ،
رەتلىك ئۈنچە تىزىۋېتىپ كۆيدۈم ھوسنى يۇلتۇزغا.

قول - قولىغا تەگمىگەن، جاپاغا بوي ئەگمىگەن،
ئىلغارلىقنى بەرمىگەن چېچى قارا قۇندۇزغا.

ئوتلۇق ناخشا ياگرىتىپ، مۇنچاق تەرنى يامرىتىپ،
زېھىن ئىشقا قارىتىپ تەر توكۇپتۇ ئىگىزغا.

تال چىۋىقتەك چاچلىرى، بەركى قىياق قاشلىرى،
ئون يەتتىدە ياشلىرى ئوخشار قەددى قىرمىزغا.

ئىشتا ئىلغار داۋامەت، ناخشىچىكەن كارامەت.
ئىسمى ئىكەن سالامەت كۆڭلۈم چۈشتى شۇ قىزغا.

---

قوزغۇلۇپ ئامالسىز قالغاندا ۋىلىسىپىتكە ئې-
لىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى سەۋد-
ۋىدىن يېزىلغان مىننەتدارلىق خېتى ئىكەن.
شۇنداق ئويلىسام بۇ دەل مەن ئىشقا كېچىك-
تىڭ دەپ تەنقىت قىلغان دۈشەنبە كۈنى ئە-
كەن. كالىلامدا نەچچە ۋاقىتتىن بىرى جاۋاپ
تاپالمىغان سوئاللار بىلەن ئەكرەم توغرىسى-
دىكى يېڭىۋاشتىن چۈشەنگەنلىرىم، كىنو لىنتى-
سىدەك ئەكس ئىتىشكە باشلىدى...
مەدەنىيەت بىلىمىنى ئۇستۇرۇش، تېخنىكا ئۆ-
گىنىش ، پىشقەدەم ئىشچىلار ئۇچۇن خىزمەت
قىلىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىش... مانا بۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى بىز "قالاق" دەۋاتقان ئەكرەم
قىلىپتۇ ، بىزچۇ؟... بىز زادى ياشلار ئۇچۇن
نىمە ئىشلارنى قىلىپ بەردۇق، جەمىيەتكە زا-
دى قانچىلىك توھپە يارىتىپ بەردۇق؟... ئوي-
لىغانسىرى ئوزۇمنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىم بار
ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ئەكرەمنى يېڭىۋاش-
تىن چۈشەنگەن چاغدا ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بول-
غان خىجىللىق مېنى ئازاپلىماقتا، قەلبىمنى
ئورتىمەكتە ئىدى. مېنى كەچۈرگىن ئەكرەم...

# ئوت ئىچىدە

( ھېكايە )

تۇرسۇن ئىبراھىم

سۈيۈملۈك كىچىك دوستلار، سىلەر قەھرىمانلارنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئاجايىپ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان ھېكايىلارنى ئاڭلاشنى خالايدىغانسىلەر؟ ئۇنداقتا مەن سىلەرگە چوڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەممىگە تونۇلغان بىرەر قەھرىماننىڭ ئەمەس، بەلكى تېخى ئوقۇش يېشىغىمۇ توشمىغان بىر سەبى قىز ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە بىلىدىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي:

«نۇرۋاغ» گوڭشېسىغا مۇخبىرلىق ئۈچۈن چىققىنىمنىڭ 4 - كۈنى مەن گوڭشې پارتكومىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن گوڭشې بويىچە ئىلغار ئورۇن "گۈلئېرىق" دادۈيىنى ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. ئىلىپتەك تۈز ئۆسكەن رەت - رەت سۆۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئازادە يولنىڭ ئەتراپىدىكى باغلاردىن تارقىغان خۇش پۇراقلار، شوخ يېزا قىزلىرىنىڭ جاراڭلىق ناخشىلىرى ۋە كاككۇكلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مەن خاسىيەتلىك يازنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولغانلىقىمدىن، «گۈلئېرىق» دادۈينىڭ 1 - ئەترىتىگە كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

ئانام ئايدەك،
ئاتام كۈندەك.
مېنى باقىدۇ،
قىزىل گۈلدەك.

كىچىك بالىلارغا خاس چۈچۈك تىل بىلەن يېقىملىق ئېيتىلغان بۇ تاڭسىقىنە بالىلار قوشىقى، مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. ۋەلىسىپىتىمنى ئاستىلىتىپ شۇياققا قارىدىم:

ئەترەت مال قوتىنىغا ياندىشىپ تۇرۇپ سېلىنغان بىر ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىدىكى لەمپە سايىسى ئاستىدا ئىككى بالا ئوينىشىپ ئولتۇراتتى. بالىلارنىڭ چوڭى قىز، كىچىكى ئوغۇل بولۇپ بىر - بىرىگە قېلىپتا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاشلىقىدىن، بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئاچا - ئۇكىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مېنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ بىر پەس قاراپ قېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ پاكلىق نۇرلىرى تېمىپ تۇرغان، ئېقى سۈتتەك، قارىسى قۇندۇزدەك سەبى كۆزلىرىگە؛ قويۇق ۋە ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە تېخى ئەندىلا تولۇقلىنىۋاتقان بالىلارغا خاس قارا قاشلىرىغا ۋە يۇمىلاقىنە ئېڭەكلىرىگە قاراپ " نېمە دېگەن ئوماق بالىلار - ھە ! " دەپ ئويلىدۇم ھەمدە ئەتە قايتار ۋاقتىمدا ئۇلارنى چەزمەن سۈرەتكە ئېلىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

ئەتىسى مەن «گۈلئېرىق» دادۇيىدىكى ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈپ، چۈشكە يېقىن يولغا چىقتىم. كۆڭلۈم تولىمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى تۈنۈگۈن سۈرەتكە ئېلىنىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ھېلىقى بالىلارنى ئەندى سۈرەتكە تارتىۋالىمەن-دە!

بىراق مېنىڭ خۇشاللىقىم ئانچە ئۇزۇن ئىداۋام قىلالمىدى. مەن بالىلارنىڭ مەھەللىسىگە يېقىنلىشىپ كەلگىنىمدە، يۈرەكنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان يىغا-زار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر توپ كىشىلەر باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشقان ھالدا مەيۈسانە قىياپەتتە ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈشەتتى. مەن كېلىپ ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم-دە، ئىشىك تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان كويۇپ چۈچۈلىگە ئايلانغان ياغاچ-تاشلارنى كۆرۈپ، ئوت ھادىسىسى يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ، دەل مەن سۈرەتكە تارتىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ھېلىقى ئىككى ئوماق بالىنىڭ ئۆيى ئىدى. شۇ چاغدا ئىختىيارسىز يۈرۈكۈم ئېغىپ، قەلبىمنى ئېغىر ۋەھىمە باستى. مەن ئالدىراپ كىشىلەردىن سورىۋىدىم، ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ۋاقە مۇنداق بولغان ئىكەن:

ئوت كەتكەن ئەشۇ ئۆي ئەتراپىدا ئەترەتنىڭ مال قوتىنىدىن باشقا يەنە ئىككى دىخاننىڭ ئۆيى بولۇپ، بۇ ئۈچ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ سەھەردىلا ئېتىزلىققا چىقىپ كېتىپ، مەھەللە بويىچە پەقەت ھېلىقى ئىككى بالا ۋە بىر نەچچە يىلدىن بىرى پالەچ كېسەللىكى سەۋەبى بىلەن يېتىپ قالغان بىرلا بوۋاي قالغان ئىكەن. تۇيۇقسىزلا، قاياقتىندۇر قىلىقسىز بەڭۋاش بالىلار قۇيرىغىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ماز ئېسىپ قويۇپ بەرگەن بىر قۇچقاچ ئۇچۇپ كەپتۇ-دە، ئۆدۈل ئەشۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە بېسىلغان ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاي گەرچە بۇنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولغاچقا ھېچ ئامال قىلالماپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئۆگزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقىشقا باشلاپتۇ ۋە بىردەمدىلا دەھشەتلىك يالقۇنغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بالىلار ئۆي ئىچىدە ئىكەن كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرىپ ئاڭلىتالمىغان بوۋاي، بالىلارنىڭ بىرىنىمۇ بولسا قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئاچىسى گۈلھەسەلنى چاقىرىۋاپتۇ. لېكىن تېخى ئەمدىلا 5 ياشقا قەدەم قويغان گۈلھەسەل ئىشىكتىن چىقىپلا "ئۇكام! ئۇكام!" دەپ تۋۋلىغىنىچە يەنە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئوت بارغانسىرى ئۇلغىيىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ چىدىغۇسىز يىغىسى بىلەن: "تاتلىق ئۇكام يىغلىماڭ! ئانام ھازىر كېلىدۇ، ئانام كەلسە بىزنى تالاغا ئەپچىقىدۇ. يىغلىماڭ! ....» دېگەن ھەسرەتلىك ئاۋازى ئۇززاقچە ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي قايتا-قايتا قانچە تۋۋلىسىمۇ كىچىككىنە گۈلھەسەل ئۇكىسىنى تاشلاپ تالاغا چىقماپتۇ. دەل شۇ چەمدى پەيتتە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى يولۇچى ئەھۋالنى كۆرۈپ بىرى ئادەم چاقىرىشقا، بىرى بالىلارنى قۇتقۇزۇشقا يۈگرەپتۇ. بىراق لەمپە بىسىپ چۈشۈپ ئىشىكنى توسۇپ قويغانلىقتىن ئۆيگە كىرىشكە زادىلا مۇمكىن بولماپتۇ. كىشىلەر كېلىپ تامنى تېشىپ ئۆيگە كىرگەندە، بالىلارنىڭ ئۆزىنى ئاللىقاچان ئوت يۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر گۈلھەسەلنى ئۇكىسىغا يۈزىنى يېقىپ تۇرغان پېتى بوشۇككە چاپلىشىپ كەتكەن ھالدا ئېلىپ چىقىپتۇ.

بۇ سۆزلەرگە مېنىڭ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى، كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدىم، گويا ماڭا گۈلھەسەل: "ئانام ئايدەك، ئاتام كۈندەك، مېنى باقىدۇ، قىزىل گۈلدەك» دېگەن ھېلىقى ناخشىسىنى ئوقۇغىنىچە بىر ياقتىن چىقىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق كۆز ئالدىمدىكى كويۇپ كۈلگە ئايلانغان ئۆي ۋە ھەسرەتلىك يىغا-زارلار ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى ئەشۇ ئاجايىپ يېقىملىق زىل ئاۋازىنى ھەمدە تەسۋىرلىگۈسىز ئوماق كەيپىياتىنى ئەندى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مەن تۈنۈگۈن ئۇنىڭ سۈرىتىنى تارتىۋالمىغىنىمغا ئىچ-ئىچىمدىن قاتتىق ئېچىندىم ....

# ساۋاق

(هىكايە)

پەرهات سىيىت

— ياۋاشلىق بىلەن سوزلە! ئاپتوموبىل كابىنگىسىنى قانداق ئېچىپ كىردىڭ؟ ئاچقۇچىنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ يانىدا سوردى سوت باشلىقى غەزەپ يېغىپ تۇرغان كوزلىرىنى چەكچەيتىپ. سوتقا قاتناشقان 150 دىن ئارتۇق كىشى قانداقتۇر بىر خىل ئەنسىزلىك ۋە تەقەززالىق بىلەن سوتچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

قادىر ئاكا ئوزىنىڭ بىردىن — بىر سۆيۈملۈك ئوغلى ئەزىمەتنىڭ سوراق ئۈستىدىكى خۇنۇك ئەپتىگە قاراپ خىيالغا كەتتى. "هەي، ئوزەمدىن ئوتكەن، 'بارى يوقى بىر بالام، باش كوزى تاز بالام، دىگەن شۇ — دە، مەن ئۇنى باشتىلا چەكلىيەلمىدىم. مانا ئەندى كېچىكتىم" دەيتتى. ئۇ، شۇ تاپ ئۇنىڭ كوز ئالدىدىكى ئوغلى ئەسقەرنىڭ ئەركە قىلىقسىزلىقلىرى بىر — بىردىن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى...

ئەزىمەت بىر بەختلىك ئائىلىدە تۇغۇلدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەكە چوڭ بولدى. 5 ياشقا كىرگەندىمۇ ئاپىسىنى ئىمەتتى. ئۇ تاماقنىڭ ئوبدانراقىنى ئىشتىها بىلەن يەپ، قاتتىق-تۇرۇقلىرىنى ئىتتىرىپ قوياتتى. ئاپىسى نۇر ئامىنە هەر قېتىم ئاش راسلىغاندا ئەزىمەتكە باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلەندۇرۇپ ئالاهىدىرەك راسلاپ بېرەتتى.

— بالام ئەزىمەتجان! بۇياققا كەلگىن، مونۇ ئېشىكنى ئاشۇرۇپ قويماي يە جومۇ، — دەيتتى ئانا هەر قېتىملىق تاماقتىن بۇرۇن، بىراق ئەزىمەت غىجىڭلىق قىلىپ بەزىدە: "ۋايەي، لازا ساپسەن! مەن لازا يىمەيتىم!" دىسە، بەزىدە "پىيازنىڭ پۇرىغى كېلىۋاتىدۇ" دەيتتى.

مۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن بىر قېتىم مۇنداق جىدەل بولۇپ ئوتتى.

ئەزىمەت ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدە، ئۇيقۇسىرىغان كوزلىرىنى ئۇۋگىلاپ تۇرۇپ:

— مەن بۇ ئاشنى يىمەيمەن، — دەپ قوشۇقىنى تۇرۇپ قاچىنى ئىتتىرۋەدى ئاش توكۇلۇپ كەتتى.

ئەزىمەتنىڭ دادىسى بۇنى كورۇپ: " بالام ئىتتىرمىسەڭ بولماسمىدى ؟ " دەپ قويۇپلا يېڭى گىلەمگە توكۇلگەن ئاشنى قاچىغا ئېلىشقا باشلىدى. ئاپىسىمۇ گەپ قىلمىدى. ئەگەر ئويدىكىلەرنىڭ بىرەرسى قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويسىلا ئۇ ئوزىنى يەرگە ئۇرۇپ تويپىدا دومىلىغىنىچە يىغلايتتى. دادىسى ئۇنىڭغا كوزىنى سەل ئالايتىپ قويۇپ:

— بالام، ئەزىمەتجان، سەن بۇ قىلىغىڭنى توگەت — دىيىشى بىلەن تەڭ ئەزىمەت پاگگىدە يىغلاپ كەتتى. ئانىسى:

— ئۇ ··· ئوي قويسىلا، 5 ياشلىق بالا نىمىنى بىلىدۇ دەپ تەككىنىچە ئەزىمەتنى يولەپ

تۇرغۇزۇپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئاران دېگەندە يىغىدىن پەس قىلدى. چوڭ ئاپىسى ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ ئەزىمەتنىڭ يۈزىنى سىلاپ:

— بىرلا ئوغۇل تۇرسا بىزۇ بالىغا نېمىشقا ئازا بەردىڭلا ؟ — دېدى — دە، ئەزىمەتنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

مانا مۇشۇنداق ئارىغا كىرىش بىلەن ئەزىمەت تېخىمۇ ئەركە بولۇپ كەتتى. بىر كۈنى دادىسى ئالدىراش شارپىسىنى بويىنىغا سېلىپ ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئەزىمەت:

— شارپىنى مەن تاقايمەن، دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ دادىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چىرمىشىپ تۇرغىدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ سەل ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ:

— قويۇپ بەر ! — دېدىدە ئۆيدىن تېزلا چىقىپ كەتتى. ئەزىمەت ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ توپىدا يومىلىدى. قولىغا تاشنى ئېلىپ " دېرىزەڭنى چاقىمەن ! " - دېگىنىچە چوڭ ئاپىسىغا تەھدىت سالدى. چوڭ ئاپىسى ئۇنى قانچە ئالداپ باقسىمۇ، يانىلا ئۆز قىلىغىنى قىلىپ، بىر دەم ئۇنى، بىر دەم بۇنى ئېلىپ چوڭ ئاپىسىنى زادى ئىش قىلدۇرمىدى. چوڭ ئاپىسى ئىچىدە ناھايىتى جىلى بولدىيۇ لېكىن ئەزىمەتكە قاتتىقراق گەپ قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئاپىسى ئەزىمەتنى كىچىككىنىلا رايىغا بېرىپ، ئەتىۋارلاپ باققان ئىدى. ئۇ بىر نوۋەت ئەزىمەتنى قۇچىقىغا ئېلىپ يالۋۇرۇپ باقتى، بىراق ئەزىمەت ئىسسەدەشتىن توختىمايتتى. چوڭ ئاپىسىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلاتتى. نائىلاج چوڭ ئاپىسى ئەزىمەتنىڭ دادىسى ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا بېرىپ شارپىسىنى ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئەزىمەتنىڭ جېدىلى توختاپ يۈزىدە كۈلكە جىلۋە قىلدى.

ئەزىمەت تاپانچا ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆيدە قايسى خىلدىكى تاپانچا بولمىسۇن ھەممە تۈرىدىن بار ئىدى. قوش نولۇق تاپانچا، تاق نولۇق تاپانچا، ئوت چاچىدىغان تاپانچا، ...... دېگەنلەر ئويىنىڭ جەمى يېرىگە تاشلانغان بولۇپ، كۆرگەزمە ئېچىشقا بولاتتى. بىر كۈنى دادىسى ئۇنىڭغا يەنە بىر يېڭى تىپتىكى ئېلېكترونلۇق تاپانچا ئېلىپ بېرىۋىدى، ئەزىمەت ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى ئاپتوماتىك تاپانچىنى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋېتىپ:

— ئالە كونا تاپانچاڭنى! دېدى - دە، ئۆي ئىچىدە بىر مەيدان " سوقۇش " باشلىۋەتتى. پاك، پاك، پاك ...

ئەزىمەت جوزىنىڭ ئارىلىقىدىن ئوتتۇپ" ھۇررا " دېگىنىچە ئۆيىاندىن - بويانغا چېپىپ، ئۇنى- بۇنى قارىغا ئالاتتى. ئۇ،شۇ تاپتا شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى پۇتىۇن ئەس - ھۇشىنى يوقىتىپ، ئۆي ئىچىدە پىقىرايتتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن خوشاللىق پىشكەللىككە ئايلاندى. ئەزىمەت " گۇمبەك " دەپ مىنانىڭ پارتلىشىنى دوراپ جوزىدىن يەرگە سەكرىۋىدى، پۇتى جوزىنىڭ بالدىقىغا كىرىپ قېلىپ دۈم يىقىلىپ، بۇرنى قاناپ، كالپۇكى توخۇمدەك ئىششىپ چىقتى. جوزا ئۆرۈلۈپ ساندۇق ئۈستىدىكى چايداننى چېقىۋەتتى. مەش - كاناي ئۆرۈلۈپ، ئۆي ئىچى ئىسقا لىق تولدى. بۇ نوۋەت دادىسىنىڭ ھەقىقەتەن-ۋاتتىق ئاچچىقى كەلدى بولغاي، كەلگىنىچە ئەزىمەتنى كاچات بىلەن بىرنى سالدى، ئەزىمەت يەنە ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى، ئانىسى ئەرمەتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ:

— ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك. بۇنىڭ بۇرنى قاناپ، دەردىنى تارتالماۋاتسا،

يەنە ئۇرغانلىرى نېمىسى ؟ مەن بالىنى ئاران
چوڭ قىلغان ! ـ دېگىنىچە ئەزىمەتنى قۇچىغىـ
غا ئېلىپ پەس قىلىشقا باشلىدى.

× × ×

ئەزىمەتنىڭ 6 ياشقا تولغـان كۈنـى قادىر
ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە بىـر كـۈن بـولدى .
ئانا ئوغلىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاۋۋال ئالاھىـ
دە غىزالارنى ئەتتى . تاماقتىن كېيىن ھەممە ـ
سى تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئولتۇرۇشتى. تېلېۋىزور-
دا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن « زىـسـەن سـىلاڭ »
ناملىق كوپ قىسـىملىق تېلـېۋىزور تىـياتـىرى
قويۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى ، تىياتىر باشـ
لاندى . پۈتۈن ئائىلە زوخ ـ شوخ بىلەن كو ـ
رۈۋاتاتتى . ئەزىمەتمۇ ناھايىتى خوشال بو ـ
لۇپ كىنودىكى بەزى چامباشلىق ھەركەتلەرنى
بىر مەھەل جىم ئولتۇرۇپ كوردى. كېيىن ئور-
نىدىن قوزغۇلۇپ تېلېۋىزوردىكى چامباشلىقنى
دورىغىلى تۇردى . تېلېۋىزوردا توساتـتىن بىر
كورۇنۇش كورۇندى : زىسەن سىلاڭنىڭ ئاچا ـ
يىپ چاققان ، چەبدەس ھەركەتـلەر ئارقىلـىق
رەقىبى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى ئەزىمەتنى ئو-
زىگە تارتتى ، ئەزىمەت دەرھال ئورنىدىن چۆ-
راپ قوپۇپ :

ــ قىلىچىم قېنى ـ دەپ توۋلىدى ، دادىسى
ئۇنىڭ چەمبەردىن ياسالغان قىلىچىنى ئېـچە ـ
قىپ بـەردى . ئەزىمـەت :

ــ بۇ پاقىرىمايدىكەن، ماڭا ئاۋۇ كىشىنىڭ
قىلىچىدەك قىلىچنى تېپىپ بەر ، ـ دەپ تېلې ـ
ۋىزور تىياتىرىدىكى قىلىچ تۇتقان كىشىنى كور-
سىتىپ جار سېلىشقا باشلىدى . ئانىسى چىقىپ
يەنە بىر قىلىچنى ئېچىقىپ بەردى ، ئەزىمـەت
بۇنى كورۇپ :

ــ ئېچىق ! ئېچىق ! دەپ توۋلىدى ـ ماڭ
بۇ بولمايدۇ ، تار ئۇزۇنچاق ، ئەگمە دەستىسى
بار قىلىچىمنى ئېلىپ چىق ! ئاپىسى يەنە كى ـ

رىپ دېگىنىنى ئېچىقىپ بەردى . ئەزىمەت قى-
لىچنى قولىغا ئېلىپ كىنودىكى ئارتىستلارنى دو-
راپ قىلىچنى ئويان ـ بۇيان شىلتىغىلى باش ـ
لىدى . ئەزىمـەت " ناھـايىتى چاقـقان " ۋە
چەبدەسلىك بىلەن چامباشچىلىقنى باشلىۋەت ـ
تى . ئويدىكىلەر ئويىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇل ـ
غان جوزا ـ بەندىڭلەرنى كىچىك ئويگە ئىش ـ
تىرىۋېتىپ ، ئەزىمەتكە سورۇن تەييارلاپ بەر-
دى . ئەزىمەت قىلىچنى شىلتاپ كىلىۋاتاتتى ،
چوڭ ئاپىسى كەينىگە داجىيمەن دەپ بوسۇ ـ
غىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى . بۇ نـوۋەت
ئەزىمەتنىڭ رايىغا بېرىش بىلەن بىر كوڭۇل ـ
سىزلىك يۈز بەردى . بۇ 60 ياشتىن ھالقىغان
ئايال يىقىلىپ چۈشكەندە قولى تېگىدە قېلىپ
بېغىشىدىن چىكىتىپ قالدى . موماي ياشنىپ
قالغاچقا 3 ئايغىچە قولىنى ئېسىپ يۈردى .

× × ×

قادىر ئاكا بالىسىنىڭ تۇرمۇشىنى خىيالى ـ
دىن ئوتكۈزۈپ ، بۇندىن ئانچە يىراق بولمە ـ
غان 10 يىلدىن كېيىنكى بىر ئىشنى ئېسىگە
ئالدى : بىر كۈنى ئەزىمەتنىڭ دادىسى ئىش ـ
تىن چۈشۈپ ھويلىغا كىرىشىگە گىتار ۋە ئاكار-
دىيون تەڭكەش قىلىنىپ ئوقۇلىۋاتقان ناخـشا
ئاۋازىنى ئاڭلىدى . بۇ ناخشا ئوچكەنىڭ مە ـ
رىشىگە ، بايتالنىڭ سوزۇپ كىشنىشىگە ئوخ ـ
شاش،مۈشۈك مىياڭلىغاندەك ئاۋازلار قوشۇلۇپ
پوسۇن چىقىرىپ " گـۈزەل " تۇسـقا كىـرگۈ ـ
زۈلـەتـتـى . بـۇ يـېـقـىـمـسـىـز ئـاۋازنى
ئـاڭلـىغان دادىـسـى قـولىدىكـى تـاماكـۇنـى
قاتتىق بىر ئىككى شوراپ قالـدۇغىنى سىلكـىپ
تاشلىدى ۋە ئىچكىركى ئويگە تىز ـ تىز كىـرىپ
كەتتى . ناخشا ئاۋازى بىردەم كوتورۇلۇپ بىر-
دەم پەسەيسە ، گاھ ئۇ تىـلدا ، گاھ بۇ تىـلدا
ئېيتىلاتتى. بىردەم بوم ئاۋازدا ئېيتىلسا،بىردەم
ئىنچىكە ئاۋازدا ئېيتىلاتتـى. ئارقىدىنلا كوپۇلـ

دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ " ياۋ بەي ۋۇ " غا دەسسەلدى . بۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ ئىشىغا بىر مۈنچە دەخلى يەتتى . ئۇ مۇنداق غەيرى سادا قۇلىقىغا كىرگەنسېرى چىشلىرى كاراسلاپ ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقناشقا باشلىدى - دە،چىداپ تۇرالماي ئەزىمەت بار ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۆي ئىچى دىماقنى يارغىدەك ئاچچىق پۇراق ۋە ئوتكۈر تاماكا ئىسى بىلەن تولغان بولۇپ ئۆيدىكىلەر غۇۋا كۆرۈنەتتى. بىر نەچچە قىزلار ۋە بىر نەچچە ئوغۇللار بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ ئۇيان - بۇيانغا ساغرىلىرىنى چىقىرىشىپ ئىگىز-پەس ئىرغاڭلاشاتتى . ئۇلار پەرۋاسىز ، ھەدەپ بەللىرىنى تولغىشاتتى . دادىسى شىرەگە قاتتىق بىرنى ئۇردى-دە،غەزەپتىن تىترەپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . ئەزىمەتنىڭ دوستلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قارىشىپ قالدى. ئەزىمەت دوستلىرى ئالدىدا ئۆزىنى بىر كۆرسەتمەكچى بولغاندەك دادىسىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى - دە :

— ھە نېمىگە كىردىڭ ؟ دەپ ھوپپىيدى .

ئۇنىڭغىچە ئاپىسى كېلىپ ئېرىنى بىر يەردىن قايتۇرۇپ چىقتى. تانسىچىلار قورقۇنچ ئىچىدە ئاكاردىيون ، گىتارلارنى بىر - بىرىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇشۇپ ئالدىرىغان پېتىچە مىڭىپ ئۆيدىن چىكەتتى .

— مەرھابا ! دەپ چاقىردى ئەزىمەت قىز دوستىنى شەرەتلەپ.

— ھە!

— ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت4 بىلەن بېيخۇادالىنىڭ ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلا ! باللارنىڭ ھەممىسى كېلىشىدۇ جۇمۇ! ئولتۇرۇشقا بارىمىز ! - دېدى ئەزىمەت ئوڭ قولىدىن قاس اچقىرىپ .

— بولىدۇ ! چاتاق يوق ! دېدى مەرھابا ئوغۇل بالا قىياپىتىدە . ئەزىمەت دوستلىرىنى ئۈزۈتۈپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى .

— تازىمۇ ئەدەپ ئەخلاق ئۇقمايدىكەنسەن! شۇنچىۋالا دوستلار ئالدىدا قىلغان ئىشلىرىڭنى قارىمامسەن ! دېدى ئەزىمەت ئىلگىرىدىكى چاپىنىنى ئېلىۋېتىپ - بوۋادى ، بۇ ئۆيدە ھېچ ئىشنى كۆڭۈللۈك قىلغىلى بولمايدىكەن . ئەزىمەت ئىشىكنى " جاڭ " قىلدە يېپىپ ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى .

دادىسى ھەسرەت بىلەن ئېغىر " ئۇھ " تارتتى - دە ئايالى نۇر ئامىنەمگە :

— ھەدىسلا ئاردىغا كىرىپ ، بالىنى مۇشۇ ھالغا ئېلىپ قويدىڭىز ، ئۇ بۈگۈن ماڭا ھو - پەيسە ئەتە نېمە ئىشلارنى قىلاركىن ، ئۇنداق قىلما دېسەم ئۇنىمايسىز،مانا بۈگۈن كۆردىڭىزغۇ ؟ ! - دېدى .

— نۇر ئامىنە : كىچىك ئەمەسمۇ ، ئوڭلىنىپ قالار - دەپ قويۇپ ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى

× × ×

تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچلىك تاماششەدە ھاراقنى ناھايىتى كۆپ ئىچىپ كەتكەن ئەزىمەت كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگىچە يوتقاندىن چىقماي ياتاتتى .

— ئەزىمەت قوپ ئورنۇڭدىن ! ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇ چاققىچە ياتامدىكەن ؟

ئەزىمەت ئوڭ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قويۇپ يەنە خورەك تارتىشقا باشلىدى . ئاپىسى ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئاستا لىڭشىتىۋىدى ئەزىمەت قولىنى قاتتىق بىر شىلتاش بىلەن ئاپىسىنىڭ يۈزىگە " پاس " قىلىپ تەگدى . ئاپىسى كۆزلىرىدىن ھەسرەتلىك ياشلىرىنى ئەگىتىپ دەردىنى ئىچىگە تارتىپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى . ئەزىمەت پەسەن قىلماستىن كېيىملىرىنى كىيىپ ئاتامىقىمۇ يېمەي چاپىنىنى دولىسىغا تاشلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ

كەتتى. ئۇ تاماكىنى توغرىسىغا چىشلەپ، ئىنىكى قولىنى شىم يانچۇغىغا يىردىم سېلىپ، سېمونت يولنى بويلاپ بەيخىۋادالىق ئالدىغا يېتىپ كەلدى-دە يولنىڭ چېتىغا بىكىتىلگەن ئالا كالـتەكتە ئولتۇرۇپ شىمىشكىنى بىر چى ئارىلىقـتىن ئاغزىغا تاشلاپ شاكىلىنى كالپۇكىغا يىغىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كىيىۋالغان گۈللۈك كوينىكى ۋە كاناي پۇشقاقلىق شىمـى، قويۇۋالـغان ئىنـچىكە بۇرۇتى ئۇنىڭ كېلىشكەن پىكۈرىسىغا خۇيـمۇ ياراشقان بولۇپ بىر خىل گۈزەللىك تـۈيـغۇسىنى بىرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئوسۇپ كەتكەن چېچىنى مايلاپ تارىۋالغانلىرى كىشلەرنىڭ‌غىـدىغىنى كەلتۈرەتتى.

ــ ئەزىمەت ـ دىدى مەرھابا كـوزلىرىـنى ئوينىتىپ.

ــ ھە كەلدىڭلارمۇ! بۇرادەرلىرىمىز قېنـى؟

ــ باغچىنىڭ ئالدىدا قالدى.

ــ تەييارلىق قانداق؟ گىتار بىلەن ئاكار-
دىيون چۇ!

ــ چاتاق يوق، ھەممىسى تـەخ. سىلـەرنى
دەپ بىر نەچچە "ئۈزۈن بويۇن" لەرنىمۇ تەيـ-
يارلاپ قويدۇق.

ــ ياخشى، يارايسەن يۈر ئەمسە!

ئۇلار پايپاسلاپ مېڭىشىپ باغچا ئالدىغا بې-
رىشتى. ئەزىمەتنىڭ بىر نەچچە ئوغۇل دوستلىـ-
رى ۋە ئۇنىڭ ھەمراللىرى ئادەتتىن تاشقـىرى
چىرايلىق ياسانغان ئىدى.

ــ قانداق قىلىمىز؟ . دىدى ئەزىمەتنـىڭ
بىر دوستى.

ــ ئالدىرىماڭلا، سەن بۇ ياققا كەل ئىككـ-
مىز بىر ئامال قىلايلى، قالغانلارمۇ شۇ يەردە-
تۇرۇپ تۇرۇڭلا!

ئەزىمەت بىلەن ئۇنىڭ بىر دوستى شەھەر-
لىك پارتكوم بىناسى تەرەپكە قـاراپ ماڭـدى.
ئەزىمەتنىڭ دوستى چۈشەنمىگەن ھالدا ئالدى-
راپ سورىدى:

ــ نەگە بارىمىز ئاداش.

ــ ئاۋۇپىكاپنى ھايداپ كېلىپ دوسـتلارنـى
سېلىپ ناچوق ئۇستەڭ بويىغا چىقىمىز.

ــ ئاداش ئۇنداق قىلساق بولـماسمىكـىن،
يا ئۇنى ھەيدىيەلمەسەك...

ــ خاتىرجەم بول. ئاكـاڭ سەيخـۇ جىگـەر
سوقتى ھەممىگە قادىر، ھېلى كورىسـەن دىدى ئە-
زىمەت كورەڭلىگەن قىياپەتتە.

ئەزىمەتنىڭ دوستى ئىلاجىسىزلىقتىن ماقۇل
بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كىچىك ماشىنىنىڭ ئالدى-
غا كەلدى. ئەزىمەت ئۇيان - بۇيان قاراپقو-
يۇپ يانچۇغىدىن بىر توپ ئاچقۇنى چىقىرىـپ
بىر - بىرلەپ سېلىۋىدى تەلىيىگە بىرسى چۈ-
شۈپ قالدى. ئۇلار ماشىنىنى زىـۋىد قىـلدۇ-
رۇپ باغچا ئالدىغا قاراپ ماڭدى. كىم بىلسۇن
500 مېتىر ماڭا - ماڭمايلا ئاچا يول ئۈستىدە
بىر قىيا - چىيا چىقىپ كەتتى. ئۇلار ماشىنىنى
4 يول دوقمۇشىغا ھەيدەپ كەلگەندە سول تە-
رەپتىكى يولدىن بىر يۈك ئاپتۇمـبىلى چىقىپ
قېلىپ ئەزىمەت جىددىيلىكتە نىمە قىلىشنى بىلـ-
مەي قارىسىغا خوتنى يوتكـەپ تاشلىدى - دە،
جىپ ماشىنا بىرىپ ئاپتومبىلغا سوقۇلۇپ كەت-
تى. ئەزىمەتنىڭ دوستىنىڭ بېشى قاتتىق زەخـ-
مىلىنىپ شۇ مەيداندىلا جان ئۈزدى. ئەزىمەتـ-
نىڭ چېكىسىمۇ يېرىلغان ئىدى. خەلق ساقچىـ-
لىرى ئۇنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا
ئېلىپ ماڭدى.

× ×

ــ جاۋاپكار ئەزىمەت قادىر، ئەر، ئۇيغۇر.
20 ياش... قادىر ئاكا سوتچىنىـڭ ئاخىرقـى
سوزىدىن چۈچۈپ، خىيالىدىن ئوزىنى يىغـدى.
ئوچۇق سوت زالىدا بىرخىل قورقۇنۇچ ھوكـۈم
سوردى، خەلق ساقچىلىرى ۋە ئەدلىيەخادىملى-
رى جاۋاپكارنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ تۈرمىغا

# دوستۇمغا

ئەركىن داۋۇت

مېۋە پىشتى جان دوستۇم باققا كىرىپ باقساڭچۇ،
لەززەتلىنىپ ئۈنىڭدىن مېغىزىنى چاقساڭچۇ.

رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل ئېچىلىپ باغ بولدى گۈل دېڭىزى،
چەمەنلەرنى قۇچاقلاپ كوكرىگىڭنى ياقساڭچۇ .

جانغا داۋا مېۋىلىك كوچەتلەرنى ئوستۇرگەن،
تالماس بىلەك باغۋەننى ناخشا ـ كۈيگە قاتساڭچۇ .

راھەتلىنىپ باغ ئىچرە سۈرۈپ كۈزنىڭ پەيزىنى،
پەرۋاز ئۇرۇپ كوك ئارا قانىتىڭنى قاقساڭچۇ .

كويۈپ باغۋەن ئوتىدا ، ئېقىپ ھەمدە سۈيىدە ،
ئۈزۈلمەسكە بىر ئومۇر دىل رىشتىڭنى چاتساڭچۇ .

سەنمۇ ئەركىن باغۋەندەك بىنا قىلىپ باغ ئارام،
ئەل ئالدىدا ھەقىقى ئىززەت ـ ئابرۇي تاپساڭچۇ.

ئېلىپ ماڭدى. ئۇچۇق سوت قاتناشچىلىرى بىر . بىرىدىن باشلىرىنى بۇراپ قادىر ئاكىنىڭ سىرتقى ئوزگىرىش ھالىتىگە قاراپ تىڭرۇشاتتى. ئۇ شۇتاپتا سوت خادىمىنىڭ ئىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرغىنىغا بىر نەچچە مىنونت بولۇپ قالغانلىغىنىمۇ تۇيماي قالدى.

ـــ ھەي، ھەقىقەتەن ئوزىمىزدىن ئوتكەن، بىز بالىنى ھەقىقى ئاتا ـ ئانىلارچە تەربىيىلىيەلمەپتۇق، مەجبۇرىيىتىمىزنى ئاداقىلالماپتۇق. پەقەت «ۋاي ئوماق بالام»، «ئاق بالام، كوك بالام» دەپ پەپىلەشىلا بىلىپ، ئۇنىڭ روھى دۇنياسىغا چوكۇپ بېقىشنى بىلمەپتىمىز، ئۇنى كەچىكىدىن تارتىپ كوزىگە قاراپ، ئازىلاپ بېقىپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ ئوزىگە مۇۋاپىق بولمىغان ئارزۇ . تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ بالىنى مۇشۇ يولغا سېلىپ قويدۇق، ئاخىرى بالىمىز جەمىيەت ئامانلىغىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، دولەتنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتتى، ئوزىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى يوقاتتى، بۇنىڭدىن پۇتۇن ئاتا-ئانىلار ساۋاق ئېلىش كېرەك ـــ دېدى قادىر ئاكا سوت خادىمىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ياش تامچىلىرى گويايىكى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئۈزۈلۈپلا چۈشتى.

ئەزىمەت سېلىنغان ساقچى ماشىنىسى چېلەكلەپ قىيىلىۋاتقان يامغۇر ئىچىدە سۈرلۈك ئاۋاز چىقىرىپ كەڭ ئاسفالىتلانغان يولدا ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

# مايمۇنلار ۋە ئېيىقلار

(چۆچەك)

سۇزۇك

1

بى پايان بىر جاڭگال بولغانكەن بۇرۇن ،
مايمۇنلەر بۇ يەرنى قىلغانكەن ئورۇن .
ھاۋاسى مۇسەپپا ، سۇلىرى راۋان ،
ياۋايى مىۋىلەر ئىكەن پاراۋان .
ئۈزۈق توغرىسىدىن ئۇلەردە نەغەم،
بادام ، پىستىلەرنى قىلاركەن تائام.
رەڭگا - رەڭ ئوسۇملۇك ئۈنۈپ مۇندا كوپ،
دىماغقە تۇراركەن پۇراقلەر توكۇپ.
مايمۇنلار سورەركەن زەۋق بىلەن ساپا،
يات ئىكەن ئۇلەرگە مۇشەققەت - جاپا .
خوشنىلەرگە تەھدىت - ئازارى يوق ،
ئىشى تىنجلىق ، غەيرى بىر كارى يوق .
پاراغەت ئىچىدە ئورۇقلەر سېمىز ،
چاقاركەن ھەمىشە بادام ھەم مېغىز .
ئوسۇپ نەسلى - ئەۋلادى غولداپتۇ سان،
ئەجەپ كەڭرى توقلۇق بولۇپ بۇ جاھان .
ۋەتەن ئۈستىدە يوق زۇلۇم بولۇتى،
ئاشىپ يىلدىن - يىلغا ئۇلار قۇۋۋىتى.
ۋەتەن مىسلى جەننەت كەبى باغ ئىكەن،
بۇ ھالدىن رەقىپلەر دىلى داغ ئىكەن.

2

بىر كۇنى بىر مۇنچە مايمۇن بولۇپ جەم،
بىر چەتتە ئىشرەت قىلاركەن خۇررەم .
داسقانغا ھول - قۇرۇق مىۋە تىزىلغان -
ئۇسۇل ھەم غەزەللەر ئىكەن قىزىغان .
شۇ ئاندا تاغ ئاتلاپ كەپتۇ بىر ئېيىق،
ئاچ كوزىن تاشلاپتۇ بۇ ئىچى قېيىق
دەپتۇ ئۇ ئوزىگە قويۇپ بۇ سوئال :
«بۇ قانداق مۇۋاپىق بولمىغان ئەھۋال ؟
راۋامۇ ئېيىقلار دەردۇ مىھنەتتە ،
ھەمىشە ئاچۇ - زار ئوتسەك كۇلپەتتە .
بىز يىسەك تاغلاردا گىيا يىلدىزى ،
كورمىسەك يىلبويى ھېچ راھەت يۈزى.
مايمۇنلار تۇرمۇشى كەتسە گۈللىنىپ،
ياشىسا بۇ زەۋقۇ - ساپاغا تولۇپ ؟»
ھەسەدى قوزغالغان ئېيىق ۋاژگۇن ، ※
مايمۇنلار ئۈستىگە باشلاپتۇ ھۇجۇم.
ئۇلارنىڭ بەزمىنى بوپتۇ بۇزماقچى ،
بۇ نازۇ - نىمەتكە چاڭگال سوزماقچى .
جەم بولۇپ بىر مىگدەك مايمۇن شۇل زامان،
ئېيىقنى تالاپتۇ قىپتۇ ناتىۋان .
باش-كوزى يېرىلغان بۇ مەجرۇھ - خەستە،
جان ئاسراپ تاغ ئىچرە قېچىپتۇ تەستە.

※ ۋازگۇن - تەتۈر.

## 3

بۇخەۋەر تارقىلىپ ئېيىقلار ئارا،
ئاڭلار بولۇپتۇ قانداق ماجرا.
ئېيىقلەر دېيىشىپتۇ ئۆز ئارا مۇنداق:
« مايمۇندىن يېڭىلمەك ئېيىقكە قانداق؟
ئەجداتلار كۆرمەپتۇ بۇنداق ئاھانەت،
بىز قانداق قىلىمىز بۇنىڭغا تاقەت؟
تارىختا ئەۋلاتقا قالدى بىر بەد نام،
بەد نامنى يوقاتماي ئالمايلى ئارام.
ئورايلى شىبى خون❋ نىسپى شەب ❋بىلە،
قىرايلى دۈشمەننى بىز غەزەپ بىلە.
قىلايلى مايمۇنلەر ھاياتىن خازان،
دۈشمەندىن پاكىزە بولسۇن بۇ جاھان. »
دېيىشىپ ئېيىقلەر قىپتۇ مەسلىھەت،
شىبى خون ئۇرۇشقا يەكدىل-يەكجەھەت.
كوھسار ئىچىگە تولۇپتۇ ئېيىق،
بۇلەرنىڭ سانىغى بىر تۈلۈم تېرىق.
كېچىسى ئېيىقلەر سەلدەك بېسىپتۇ،
ئولۇمنىڭ بازىرى بەكمۇ قىزىپتۇ.
مايمۇنلەرنى بىخەۋەر بولغاچ بۇ ئىشىدىن،
خالاسلىق تاپماپتۇ قىرىپ چېپىشىدىن.
قىسقىسى مايمۇنلەر بوپتۇ تار - مار،
غاپىللەر ھەر قاچان بولۇر خارو - زار.
ئېيىقلەر ئېلىكىگە ئۆتۈپتۇ بۇ جاي،
توپلىغان نەمەتلەر نەچچە يىل ۋە ئاي.
باشلاپتۇ ئېيىقلەر مۇندا ھوزۇرنى،
كۆرۈمىز كەلگۈسى قانداق بولۇرنى.

## 4

مايمۇنلەر شاھى بۇ جەڭدە يوق ئىكەن،
ئۇنىڭغا شىكاردا مەشغۇللۇق ئىكەن.
شىكاردىن قايتقاندا ئالدىغا نەچچە،
ئۇچراپتۇ ئۇرۇشتىن يىگەن شىكەستە.
داد ! - دەپتۇ - « ئى شاھى زامان سىزگە داد؛
ئېيىقلەر زۇلمىدىن يۇرت بولدى بەرباد!
قۇتقۇزۇڭ ئى شاھى جاھان ۋەتەننى،
شۇم ئاياق ئاستىدا قالغان چىمەننى».
شاھ ئاڭلاپ بۇ سوغۇق خەۋەرنى ئۇلدەم،
بېشىغا چۈشۈپتۇ تاغدىن ئېغىر غەم.
قولىنى چىشلەپتۇ، دەپتۇ « ۋادەرىخ!
ۋەتەننى ئىستىلا قىپتۇ شۇم ئېيىق.
ئېلىكىدىن كېتىپتۇ نازۇ-نىمەتلەر،
توپلىغان ئىدۇق بىز چېكىپ مېھنەتلەر ».
شۇ زامان تۇرۇپمۇ بىر مايمۇن نورە،
دەپتۇ « سەن كۆپ مالال بولمائى تورە!
ئالدىراڭغۇلۇق ئەمەس بىزگە توغرا يول،
دۈشمەننى شاد قىلۇر، دوستلەرنى مەلول.
سەبىر ھەم تەدبىردۇر بۇ دەرتكە داۋا،
بۇنىڭسىز ۋۇجۇتقا چىقماس مۇددىئا.
پىكرىم بار ھىلۋەتتە بايان قىلىمەن،
نىجاتلىق تەدبىرىن ئايان قىلىمەن ».
شاھ ئۇنى خىلۋەتتە ئەيلەپتۇ قەبول،
كوزىنى تىكىپتۇ ئولتۇرۇپ ئۇدۇل.
دەپتۇ شاھ « بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نىمە؟
بۇ ئۇلۇق ۋەتەننىڭ تەقدىرى نىمە ؟ »
ئۇلۇغۋار ئىرادە مايمۇن دىلىدىن،
يالقۇنجاپ چىقىپتۇ ئوتلۇق تىلىدىن.

---

❋ شىبى خون — كېچە باسقۇنى
❋ نىسپى شەب — تۈن يېرىمى .

## 5

" مەلىكى ئېيىقلەر بىزدىن تاۋانا. *

جەڭ قىلىشاق يېڭەلمەك بىز ھامانا.

قىلىچنى غىلاپقا سالماق ۋەقتىدۇر،

دۈشمەننى ئالدامغا ئالماق ۋەقتىدۇر.

كۈچ بىلەن بولمايدۇ مەقسىدىمىز ھەل،

ھىلىدىن ئۆزگە يوق چارە بۇ مەھەل.

ئويلىدۇم بىر نازۇك يىگىچكە چارە،

قىلۇرمىز دۈشمەننى ئالداپ ئاۋارە.

ئۆزۈمنى بۇ يولدا قىلىمەن قۇربان،

ئەيلەيمەن دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان.

كوپ ئۈچۈن بىر جاننى قىلىمەن پىدا،

ئۇنتۇلماس نام ئېلىش ماڭا مۇددىئا»

شاھ دەپتۇ " ئى قەدرى بىباھا دوستۇم!

ئوچۇقراق بايان قىل ئېچىلسۇن مەيھوم"

مايمۇن ئۆز سىرىدىن ئېچىپتۇ پەردە،

دەپتۇ : " بىر بايابان كوردۇم بىر يەردە.

بار قىزىق شامىلى مېڭە قاينىغاي،

كىم بولسا كىرىپتار ئۆلمەي قالمىغاي.

نە سايە ، نە سۇ بار ، نە غەيرى پاناھ،

دىگەيسەن جەھەننەم مىسلى ئوتخانا.

ئېيىقلەرنى ئازدۇرۇپ ئۇ يەرگە باشلاي،

جانلىرىن جەھەننەم قەھرىگە تاشلاي.

تۈيرىغىن، يۇلۇشسۇن قۇلاقلىرىنى،

ھەم ئۈرۈپ سۇندۇرسۇن سۆڭەكلىرىنى.

تاشلىسۇن ئېيىقلەر قېشىغا مېنى،

ھەم قويسۇن ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا مېنى.

ئىككى كۈن يوشۇرۇن تۇرۇڭلار چەتتە،

قىلۇرمەن كارىمنى بىلىپ ئەلۋەتتە.

كۈن بولسا 3 نچى باسىڭلار قەدەم،

ۋەتەن ھەم خالىدۇر دۈشمەندىن ئۇ دەم.

نە ياۋدىن نىشان بار نەمەندىن ئەسەر،

ئۇ شۇلكۈن بولغۇسى ئۇلۇغۋار زەپەر.

ئۆلگىنىمگە ئەپسۇس يەپ بولماڭلار ناشاد،

قىلىڭلار يىغىنلار ئىچرە مېنى ياد.

قىلىڭلار ۋەتەندە ئۆمۈر باد خەندە،

ئاسراڭلار جان تىكىپ ئۇنى ھەر دەمدە».

شاھ ئاڭلاپ پىداكار مەرتىنىڭ سوزىنى،

تەسىرگە چومۇپتۇ نەملەپ كوزىنى.

قۇچاغلاپ سۆيۈپتۇ باش ھەم كوزىگە،

ئىجازەت بېرىپتۇ ئۇنىڭ ئىشىگە.

دەپتۇ شاھ : تىلەيمەن ساڭا ئاق يولنى،

ئىشەندۇق ئەھدەڭگە بەردۇق كوڭۈلنى».

## 6

سۇبھى دەم ۋەقتىدە ئېيىق ئەمىرى،

ئاڭلاپتۇ يىراقتىن بىر مۇڭلۇق يىغى.

شۇ زامان ئولياققا ئەيلەپتۇ گوزەر،

بىر مايمۇن ياتارمىش ئەھۋالى بەتەر.

پەلەكنى تىترىتىپ يىغلارمىش ھامان،

غەرقى خۇن ئىچىدە روخسارى سامان.

باش،كوزى يېرىلغان زەخىمناك ئىمىش،

خاتىرى پەرىشان ئەلەمناك ئىمىش.

دەپتۇ "ئى ئا ۋارە كوڭلى پەرىشان؛

نە بولدۇڭ ھالىڭدىن ئەيلە بىر نىشان.

كىم بولدۇڭ ، كىملەردىن يەتتى بۇ زەرەر؟

يىغاڭنى توختۇتۇپ ، ماڭا قىل خەۋەر".

مايمۇن ئۆز باشىدا كورۇپ بىرەۋنى،

تونۇپتۇ پاراسەت بىلەن ئەمىرنى.

بىر سوغۇق ئاھ تارتىپ دەپتۇ : " شەھرىيار *

مايمۇنلار شاھىدىن يەتتى بۇ ئازار.

---

* شەھرىيار - ئى شاھ

* تاۋانا — كۈچلۈك -

مەن ئىدىم ئۇل شاھنىڭ يېقىن ئادىمى،
ۋەزىرلىك مەرتىۋە تاپقان خادىمى.
بىر كۈنى مەسلىھەت سورىدى مەندىن،
دىدىكى : " ئېيىقلارنى سۈرسەن ۋەتەندىن.
بۇ ھەقتە تەدبىرىڭ نىمىدۇر سوزلە،
نىمىدىن قول سېلىش كەرەكدۇر كوزلە ! ".
مەن دىدىم " ئېيىقلار بىزدىن كۈچلۈكتۇر،
سەلتەنەت ، شەۋكەتى بىزدىن ئۇلۇقدۇر.
ئۇلارغا ھېچقاچان كىلەلمەيمىز تەڭ،
ئىتائەت قىلغايمىز ، قىلمىغايمىز جەڭ".
بۇ سوزنى ئاڭلىغاچ ئۇل شاھى زالىم،
ياردى باش ـ كوزۈمنى ، بۇدۇر ئەھۋالىم.
ئازاپلار ئاستىدا ھۇشۇمدىن كەتتىم،
كوز ئېچىپ ئۇمىلەپ بۇ يەرگە يەتتىم.
پاناھىڭ ئاستىغا ئاتتىم ئۆزۈمنى،
تەرەھھوم ئەيلىگىن ئاڭلا سوزۈمنى".
دەپتۇدە ياش توكۈپ چون ئەبرو باھار،⁂
پەلەكنى تىترىتىپ قىپتۇ نالە ـ زار.
تاش يۈرەك ئېيىقنىڭ قوزغۇلۇپ رەھمى،
دەپتۇ " ئى مايمۇن سەن ، ھېچ قىلما ۋەھمى.
بىلسەڭ ئەگەر مايمۇنلار تۇرغان ماكانىنى،
پاش قىلساڭ بىزگە بۇ سىرى ناھانىنى.
بىز ساڭا باش پاناھ بولاتتۇق تولۇق،
ئىكاپات بىرەتتۇق قويماستىن قۇرۇق.
ـ قايتىپ كېلىگەن قۇلاق ، بۇرنۇڭنى،
قىلاتتۇق ھەممىدىن ئېگىز ئورنۇڭنى".

مايمۇن سوز قايتۇرۇپ ئەمىر سوزىگە،
ياش ئېلىپ ئەيىدلىق بىيە كوزىگە،
دەپتۇ " بۇ ئەسرارنى سىزگە ئېيتقايمەن،
سىز ئۇلۇغ شاھىمگە خىزمەت ئەتكەيمەن.
مايمۇنلار توپلاندى بايابان ئارا،
دىللىرى ئىنتىقام ئىشقىدا يارا.
ئۇ يەردە توپلۇنۇپ بولدى قوزغالماق،
مەقسىدى يۇرتىنى ياندۇرۇپ ئالماق.
يولدۇزلار سانىدىن سانى زىيادە،
يىغىلىپ جەم بولدى ئاتلىق ـ پىيادە.
بىلىمەن باياۋان يولىنى پەقىر،
قەيەردە چوڭ يول بار ، قەيەردە چىغىر.
ئەپسۇسكى يول باشلاپ بىرەلمىگەيمەن،
پۇت ـ قولۇم سۇنۇقتۇر يۈرەلمىگەيمەن.
" غەم يىمە " دەپتۇ ئۇل ئېيىق ئەمىرى،
" كوتەرسۇن سېنى بۇ ئېيىقتىن بىرى.
بىر نەئرە تارتقانكەن ئەمىر باھەشەم،⁂
ئېيىقلار ئەتراپدىن بولۇشۇپتۇ جەم.
تەييارلىق قىلىشقا بىرىپتۇ پەرمان،
شىبى خۇن ئۇرۇشقا تۈزۈپتۇ پىلان.
ئېيىقلار دەر مەھەل ئىشقا كىرىشىپ،
تەييارلىق ئىشىنى پۇختا قىلىشىپ.
مايمۇنلار ئۈستىگە بوپتۇ بارماقچى،
تىغ سېلىپ ئۇلارنىڭ كوكسىن يارماقچى.
نىمپى شەب ۋەقتىدە بولۇشۇپ قاتار،
بۇ قوشۇن يۈرۈشكە بولۇپتۇ تەييار.

7

قومانداىن بىرىپتۇ مىڭىشقا بۇيرۇق،
ئېيىقلار يۈرۈپتۇ سىلكىشىپ قۇيرۇق.
مايمۇن سەپ ئالدىدا بەلگىلەپ يولنى،
كورسىتىپ بىرەركەن ئوڭ بىلەن سولنى.

بىر ئېيىق ئۈستىگە بولۇپ سەۋۋارە ،*
دەيدىكەن تەشۋىقات قىلىپ ھەر بارە:
" ئۇلۇغدۇر ، شەرەپتۇر بىزنىڭ بۇ يۈرۈش،
كەرەكتۇر دۈشمەننى قويماي ئولتۈرۈش".

---

⁂ باھەشەم — ھەشەمەتلىك
* سەۋۋارە — مىنگەن.

دەيدىكەن: "تەدەمنى ئىز ـ ئىز ئىزرۇگىلار،
سائادەت يولىدۇر باسقان يولۇڭلار".
كۈن تۇغۇپ بولۇبدۇر ئالەم مۇنەۋۋەر،
ۋە لېكىن مەنزىلىدىن يوق ئىكەن خەۋەر.
باسقانچە كەڭرىشىپ بايابان ئىچى،
كورۈنمەس ئىمىش ئۇنىڭ باش ئۇچى.
قوزى چۈش مەھەلدە بولۇپتۇ جاھان،
هارارەت تابىدىن قىززىغان قازان.
هارارەتكە تاپماي ئېيىقلار پاناھ،
تىلى ساڭگىلاپ دەر ئىكەن ئاھ! ئاھ!
ئوتۇپ چۈشنىڭ ۋاقتى بولۇپتۇ پېشىن،
دە مادەم بايابان ئىچى ئاتەشىن.
سامادىن يېغىپ ئوت، زەمىن چوغ ئىكەن،
تەخمىچە نىشاندىن ئەسەر يوق ئىكەن.
تونۇر تەپتىدەك ئوت ئۈزرۈپتۇ هاۋا،
هاۋا دىمىگەيسەن دىگەيسەن بالا.
ئېيىقلار ئەمرى دەپتۇ: " ئى مايمۇن!
ئېيىقلار هاياتىغا قىلدىڭ ئويۇن.
بۇ قانداق باياۋان ئەجەپ دەھشەتى،
كوڭۈلنى قىلۇرسۇ ئۇنىڭ هەيبىتى.
نىمە ئۇ شۇئىلەدەك كېلۇر شۇنچە ئىز،
بىر ئوتتۇر گوياكى ئۇچقان تۇتۇنسىز.
جەگەرنى كويدۇرۇپ كاۋاپ ئەيلىگەن،
بۇ قانداق هارارەت خاراپ ئەيلىگەن؟".

جاۋابىغا مايمۇن ئىچىپتۇ ئېغىز،
ئەمىرنىڭ دىلىغا قاداپتۇ بىگىز:
"زاماندۇركى چاچتىڭ زۇلۇمدىن ئۇرۇق،
تېرىغاننى ئەمدى كېرەك ئورۇۋقلىق.
مەزلۇملار خۇنىغا تۇتۇلدۇڭ بۈگۈن،
ئۆلۈم دېڭىزىگە چۆمۈلدۈڭ بۈگۈن،
ئەجەلنىڭ بايابانىدۇر بىل بۇيەر،
كوزۈڭگە كورۈنگەن ئۆلۈمدىن خەبەر.
قۇتۇلماقنىڭ ئىمكانى يوقتۇر ساڭا،
ئۆلۈمنىڭ ئىشىگى ئوچۇقتۇر ساڭا.
كېلۇر ۋەقتى دور ئەمدى بادى سەموم،
كۈتەر هەممىڭىزنى بۇ يەردە ئۆلۈم.
سەموم تەپتى كەپتۇ ئوشولدەم ئۇچۇپ،
ئېيىقلەر يىتىپتۇ ئۆلۈپ يەر قۇچۇپ.
نە قالدۇن ئېيىقلەر نە مايمۇن تەخى،
قىرىپتۇ ئۇلارنى ئەجەلنىڭ تىغى.
ئېيىقلەر هاياتنىڭ شەمئى ئوچۇپ،
ئوز ۋەتەنگە مايمۇنلار كەپتۇ كوچۇپ.
قىلىپ تەنتەنە بىرلە بايرامنى زور،
هاياتنى باشلاپتۇ ئەيلەپ هوزور.
ئۇلۇغ قەھرىمانىنى ئەيلەپتۇ ياد،
نىچۇك ئۇنتۇلار بۇ كەبى ياخشى زات.
بوزەك قىلسا ئاجىزنى هەر زوراۋان،
هالاكەتكە مەھكەم بولۇر بىگۇمان.

# تامچە

كامىل رېھىم

تامچىنى كوزۈڭگە ئىلماي يۈرمىگىن،
تامچىمۇ تامچىلاپ تېشىدۇ تاشنى.
ئوزىنى كۈچلۈك هەم قاۋۇل دىگەنلەر،
تېشەلمەي شۇ تاشنى تۇتىدۇ باشنى .

كۈچ دىسە كۈچى بار، ئەقىل زېھنى بار.
پەقەتلا غەيرەت هەم چىدامى كامدۇر.
بولسىمۇ تامچىدىن نەچچە مىڭ هەسسە.
شۇ نەرسە كام بولغاچ تامچىدىن خامدۇر.

# بۇغداي بىلەن سوھبەت

ئابلىمىت نىياز

— كەلدىمەن ئالدىڭغا بىر ئىش توغرىلىق،
ئېيتقىنا شوھرىتىڭ نىمانچە ئۇلۇغ ؟
دۇنيادا يوق ئىكەن ھېچقانداق نىمە،
پەزىلەت خىسلىتى سېنىڭچە ئۇلۇغ.

— مەن چۈشتۈم ئۇنۇمدار مۇنبەت توپراققا،
موتىدىل ھاۋادا، مولچىلىق چاغدا.
بىخ سۈرۈپ، زىمىندىن كۆتەرگەندە باش،
باشلاندى جۇدۇن قىش پۈتۈن جاھاندا.

شۇ ئانا تۇپراقنى باغرىمغا بېسىپ،
يىلتىزلاپ قارىدىم ۋۇجۇدۇم بىلەن.
سوغاقنىڭ دەھشىتى ھەسسە ئاشقاندا،
ياشىدىم شۇندىمۇ غۇرۇرۇم بىلەن.

ھاياتلىق بەخش ئېتىپ كەلدى باھار-ياز،
كۆكەردىم، گۈللەندىم قۇدرەتكە تولۇپ.
دان تىزىپ ئالتۇن رەڭ ئالغان چېغىمدا،
قالمىدىم شۇم قىشنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ.

نۇر ئەمدىم قوياشتىن، كۈچ ئېلىپ يەردىن،
ئەشۇ تاغ سۈيىنى قانغىدەك ئىچتىم.
ئانا يەر سوزىنى قەلبىمگە پۈكۈپ،
سەرەتان تومۇزدا تاۋلىنىپ پىشتىم.

* * *

# تەسىرات تامغىسى

ئابلەت سەلەي

گېزىت ئوقۇپ، كۆردۈم قەيسەر ئوبرازىڭنى،
ئىلىم ئۈچۈن چەكتىڭ نۇرغۇن مۇشەققەتنى.
يۈرەك قېنىڭ سەرپ ئېتىپ بىلىم ئالدىڭ،
شىجائىتىڭ كۆرسەتتى چىن ھەقىقەتنى.

ئىش ئىزىڭنى ئوقۇغاندا گېزىتتىن مەن،
ئېرىپ كەتتى جىسمىم خۇددى سىماپ ئوخشاش.
خىياللىرىم بۈركۈت بولۇپ كەزدى كۆكنى،
كۆزلىرىمدىن ئېقىپ كەتتى تاراملاپ ياش.

ئەي چاڭ خەيدى - جۇڭگودىكى ياش قەھرىمان،
سالام ساڭا يۈرىكىمدىن ھۆرمەت بىلەن!
ساڭا ئوخشاش توھپە قوشاي ۋەتىنىمگە،
گۈل غۇنچىلار ئېچىلدۇرۇپ مېھنەت بىلەن.

باستىڭ يۇمران قەلبىمنىڭكى قات - قېتىغا،
ئىرادىلىك ياش بولۇشنىڭ تامغىسىنى.
سەن قوزغاتتىڭ بىلىمگە زور ئىشتىياقنى،
ئۇتكۈزىمەن مەنىلىك كۈن - كەلگۈسىنى.

# شېئىرلار

ياسىن ئىسمايىل

## تۈمەن دەرياسى

تەڭ قىلمايمەن ھەسەلگە ،
تۈمەن سېنىڭ سۈيىڭنى .
ئوخشىتىمەن غەزەلگە ،
شاۋقۇنىڭنى - ئۈنىڭنى .

سېنىڭ شۇنداق ئېقىشىڭ،
يۈرىكىمنى ئوينىتار .
گۈل - چېچەكلەر ئېچىشىڭ،
دىلدا سۈيگۈ قوزغىتار.

ئىچسەم ھەر چاغ سۈيىڭنى ،
لەززەت بېرەر يۈرەككە .
ئاڭلىغاندا كۈيىڭنى ،
ئىنتىلىمەن كۆرەشكە .

كامال تاپتى ياشلىغىم،
سەن ياشناتقان بوستاندا.
شۇڭا مېنىڭ شاتلىغىم،
ئوينار كوكتە - ئاسماندا.

ئوركەش ياساپ ئاقسەن ،
توختىماي سەن توسقانىغا.
يۈرىگىڭنى ياقسەن،
گۈل ۋادىغا - بوستانغا.

ئاققىن ، تومەن - شوخ تۈمەن،
مەڭگۈ ئوركەش ياساپ ئاق.
كۆلىزىن يەنە گۈل - چىمەن،
ئانا يەرگە باغرىڭ ياق.

## تاڭ لېرىكىسى

چىققىنىدا ھەر كۈنى سەھەر ،
تاڭ قۇياشى ئۇپۇقنى يېرىپ؛
جانلىنىدۇ ئەتراپ شۇ قەدەر،
ئۇندىن كۆمۈش نۇرلارنى ئېمىپ.

يورۇقلىقتىن بولۇر بەھرىمەن ،
بۈلۈك - پۈشقاق ، جىمىكى يەرلەر .
تەبىئەتتىن بولۇپ رازىمەن .
مىسكىنلەرنىڭ دىللىرى كۈلەر .

ھاياتلىقنىڭ كۈيلىرى بىلەن،
تەۋرىنىدۇ يۈرتۈمنىڭ قوينى.
ۋىسالىغا يېتىپ گۈل - چىمەن ،
بۇلبۇل بىلەن قىلار شات توينى.

شۇنىڭ ئۈچۈن جاندىن سۈيىمەن،
نۇرلۇق تاڭنى - سېخى قۇياشنى .
مىڭ ئومۇردىن ئارتۇق كورىمەن،
تاڭ ئىلكىدە بىر كۈن ياشاشنى .

## قەلەم - ئۆتكۈر كەتمىنىم

قەلەم مېنىڭ ئۆتكۈر كەتمىنىم ،
ئۇنىڭ بىلەن ياسايمەن گۈل باغ.
خۇشاللىقتىن سوقار - يۈرىكىم ،
قولغا ئالسام ئۇنى مەن ھەر چاغ.

باققا ئۈنسە ياۋا ئوت- چۆپلەر،
يىلتىز بىلەن كېسىپ تاشلايمەن .
چاڭقىسا گەر گۈللۈك - چىمەنلەر،
ئاڭا زەمزەم سۈيى باشلايمەن.

ئايرىلماستىن كۈندۈز ۋە تۈنلەر،
ئۇنىڭ بىلەن بولىمەن ئۈلپەت .
پىشانەمدىن تامچىغان تەرلەر،
گۈل بېغىمغا بېرىدۇ زىننەت .

گۈلدەستىلەر تۇتسام خەلقىمگە ،
كۆلەر مېنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىم.
شۇ مەقسىدىم ئاشسا ئەمەلگە ،
بولۇر شۇندا بەخت تاپقىنىم.

## دوستۇمغا

ئابدىغوپۇر ئابدىراخمان

ئادىتىمچە چاقىرغانىتىم ئىسمىڭنى،
ئەملىڭنى قوشماستىنلا ئالدىراش.
كۆتۈپ تۇردۇم، ئۈندىمىدىڭ، كوزۇڭدىن
كوردۇم شۇندا نارازىلىق ئاچچىغلاش.

ھەيران قالدىم، بولدۇڭ گويا شۇ تاپتا
كوكرىكىمگە قاتتىق پەشۋا ئۇرغاندەك.
سەزدىم ھەمدە، كوز ئالدىمدا سەن ئەمەس،
ناتونۇش بىر قوپال ئادەم تۇرغاندەك.

ھە، چۈشەندىم، ئەمدى ئورنۇڭ ئوزگىرىپ،
پەيدا بوپتۇ ئەمەلدارلىق كىبرىسى.
ھە دېگەندە يۈرىكىمگە موز بولۇپ،
تەگدى ئەشۇ ئەملىڭنىڭ ھەيۋىسى.

كوكرىكىڭنى كەرمىسەڭمۇ ئۇنچىلىك،
ئەملىڭنىڭ بارلىغىنى بىلەتتىم.
پەخىرلىنىپ ئوز ئىچىمدە دائىما،
سېنىڭ ئۈچۈن زەپەر ئۈتۈق تىلەيتتىم.

بىراق بۈگۈن سېنىڭ مۇشۇ ھالىڭدىن،
ئارىمىزدا كوردۇم بىر تام - توسالغۇ !
ئەپسۇس دەيمەن، كونا دوستلۇق رىشتىسى،
ئەمدى ئەشۇ تام ئاستىدا قالارمۇ ؟!

# شېئىرلار

نىياز ئىسمەن

## پەرۋانە

شام - چىراقنىڭ نۇرىغا دائىم،
مەپتۇن بولۇپ ياشار پەرۋانە.
ھاياتىنى ئويلىماي ھەرگىز،
ئوزىنى ئوتقا ئۇرار مەردانە.

سەنمۇ دوستۇم كەسپىڭ ئىشقىدا،
پەرۋانىدەك يالقۇنجاپ كويگىن،
ئىجادىڭدىن ئوتتۇق يارىتىپ،
شان زەپەرنىڭ قىزىنى سويگىن.

## ئىستولبا

ئىستولباقىش ھەمدە يازدىمۇ،
تۇرار سىمنى كوتۇرۇپ مەزمۇت.
ئىگەلمەيدۇ بەستىنى ئۇنىڭ،
يازدا بوران، قىشتا قار ھەم جۇت.

ئۇ يەتكۈزگەن توكنىڭ نۇرىدىن،
بەھرى ئالار تۇمەنىڭ ئىنسان.
قىلسام خىزمەت ئەلگە ئەشۇنداق،
قالماس ئىدى دىلىمدا ئارمان.

## ئارزۇ

سەھەر كىرسەم گۇلباغ ئىچىگە،
ياشناپ رەڭدار ئېچىلىپتۇ گۇل.
خەندان ئورۇپ گۇلنىڭ ئىشقىدا،
تىنىم تاپماي سايرايدۇ بۇلبۇل.

ئويلاپ قالدىم: " غۇنچە ئىجادىم،
ئەشۇ گۇلدەك كوركەم ئېچىلسا.
ئارزۇيۇمغا قاناتتىم مەنگۇ،
خۇشپۇراقى ئەلگە چېچىلسا» .

## كوكپېرىق ناخشىسى

باھار كېلىپ، يېزامدا ھايات
باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى.
نەۋ باھارنىڭ ئىپار ھىدلىرى،
كوكۇللەرنى شادىمان ئەتتى.

گۇل باھارنىڭ شەنىگە ئاتاپ،
كوكپېرىقمۇ باشلىدى ناخشا.
نىمە سىر بار بىلمىدىم ئۇندا،
بولغانمۇيا ناخشىغا ئاشنا.

زىلال سۇلار ئاقار كۆۋەجەپ،
گۇل يېزامنى قۇچاغلاپ سۇيۇپ.
ئوماق قىزلار قولىداگوستالىڭ،
ناخشا ئېيتار شاتلىققا چومۇپ.

ھە، چۇشەندىم، بۇ دىيارىمىز
ئەلمىساقتىن ناخشا ماكانى.
ناخشا ئېيتىپ بارچە مەۋجۇدات،
زىلزىلىگە سالغان سامانى.

# بىر ئۈمۈر قەلبىمدە سەن

غولام قادىرى

قاتمۇ ـ قات بۇلۇتتىن ئاشقان تاغلىرى،
قۇچىغى كەڭ مەۋزارلىق باغلىرى.

بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ ئېتىنى ئىلقا دەر،
ئۇزىگە ھەر كىمسەنى مەپتۇن ئېتەر.

باغرىدا مەخمەل گىلەم يايلاقلىرى،
ئوتلىشار قوي، كالا، ئات، تايلاق ... لىرى.

ئاقىدۇ قاينام ياساپ شوخ قاش سۈيى،
ئۇركىشىدىن كىلىدۇ لوتۇن كۈيى.

چاچرىتار ھەر مەۋجى مارجان ئۇنچەلەر،
ساھىلىدا رەڭمۇ-رەڭ گۈل غۇنچىلەر.

ئاڭلىنار بۇلبۇل ناۋاسى باغ ئارا،
ساپ ھاۋاسى ياقىدۇ تەنگە داۋا.

كەلدى كوز ئالدىمغا قاينام ئۇركىشى،
ئوت يىزرەك، ئەل ئوغلى ئەلنىڭ دىلكىشى.

ئۇ ۋەتەننى بىلدى ئەلا ئوز ئانا،
قىلدى ئەل بەختى ئۈچۈن جاننى پىدا.

خونرىزلەر پەنجىسىگە ئۇردى تىغ،
بەكمۇ قىسقا كەتتى ئومرى ۋادەرىخ!...

گەرچە جىسمى بولسىمۇ تۇپراق ئارا،
يادلىنار ئىسمى ئەبەت ئەل ئاغزىدا.

يېزىلىپ تارىخ بېتىگە زەر بىلەن،
بىلدى ئەۋلاتلار سۈيۈپ گوۋھەرگە تەڭ.

جەڭگىۋار روھى ئۇنىڭ دىلغا نەقىش،
ئەيلىدى پۈتمەس ماڭا ئىلھام بەخش.

ئەسلىدىم شائىر.سىنى ھورمەت بىلەن،
بىر ئۈمۈر نۇرلۇق چىراق قەلبىمدە سەن.

# چىرايلىق

كۈرەش ھوسەيىن

ئەچەپ سۈپ ـ سۈزۈك،
ھاۋا چىرايلىق .
ھەممە جور بولۇپ ،
ناۋا چىرايلىق .

باغىمىز گۈزەل ،
باغلار چىرايلىق .

باغدا ئۇينىغان ،
چاغلار چىرايلىق.

دەۋرىمىز گۈزەل ،
زامان چىرايلىق .
ياشنار بەختىمىز،
ھامان چىرايلىق.

# ئىككى شېئىر

مۇنەۋۋەر قۇربان

## شائىرغا

(ل. مۇتەللىپكە بېغىشلايمەن)

تىلغا ئالسام شائىر بۈگۈن سېنىڭ نامىڭنى،
ئوركەش ياساپ ئىلھاملىرىم قايناپ ئاقىدۇ.
كوز ئالدىمغا كېلىپ سېنىڭ جەسۇر ئىرادەڭ،
غەيرەت قوزغاپ ھاياجانلىق قەلبىمگە باقىدۇ.

ئوقۇپ گېزىت- ژورناللاردىن شېئىرلىرىڭنى،
مىسرالاردىن بال ھەسەللەر تامغان سوزۇڭنى!
ياد ئېتىمەن ھەر قەدەمدە سېنى ئەي شائىر،
ئۈممىت، ئىشەنچ، ئارزۇغا باي قىزىل قەلبىڭنى.

قەلبىڭ ئىكەن ئالتۇنغا باي، سوزلىرىڭ ئۈنچە،
ماڭا بولدى روھى ئوزۇق دوردانىلىرىڭ،
مەرىپەتنىڭ غەزىنىسىگە قوشۇپ سەن توھپە،
ئىلىم-پەننىڭ گۈلزارىغا ئۈچمەس ئىزسالدىڭ.

تۈننى تاڭغا، تاڭنى تۈنگە ئۇلاپ ھەركۈنى،
مەن ئوقۇيمەن شېئىرلىرىڭ، داستانلىرىڭنى.
ئوقۇيدۇ خەلق زوقى بىلەن، ئوقۇيدۇ ھەممە،
ۋەتەن خەلقىم ئۈچۈن يازغان غەزەللىرىڭنى

قەلبىمدە سەن ئەل قەلبىدە ئوچمەيسەن ئەبەت.
سەن ئۇستۇرگەن مېھرى گىيا ھەممە جايدا بار.
ۋەتىنىم شات خەلقىم سېنى كۈيلەپ يۈرەكتىن.
دەيدۇ ئۇتلۇق قەلبلەردىن سۆيگەن ئىزىز يار.

شېڭا يازدىم ساڭا ئاتاپ ئاددى بىر ناخشا،
ساڭا قايناق مۇھەببەتلەر ئاشقان يۈرەكتىن .
ئالدىم بۈگۈن قولغا قەلەم قەدىرلىك ئۇستاز،
مەنمۇ يازاي ئىز باسارىڭ بولۇپ بولەكتىن.

## ئۇستازىمغا

مېھرىبان ئۇستازىم، قەدىرلىك ئىنسان.
خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى قىلغانسەن نىشان.
دەيمىز شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا، يۈرەكتىن،
بولسۇن يار ساڭا ھەر دەمدە شەرەپ-شان. /

قارا كۆزۈم دەيتتىم دىلىمنى ئوتكەندە ،
ئەقىل ۋە ئىدرەكتىن قىلچە ئەسەر يوق.
قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ ئۈگەتتىڭ ئىلىم،
مەن سىنى چارچاتسام قىلماي يەنە دوق.

سىنىپتا ئولتۇرۇپ قانچە ساۋاقداش ،
تەلمۇرۇپ چىھرىڭگە باقاتتۇق ئوماق.
ئويلايتتىڭ ئىزلەرگە بىلىم بېرىشنى،
تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلاپ ھەممە ۋاق.

يادىمدا بىر كۈنى ئاغرىپ قېلىپ مەن،
مەكتەپكە بارالماي يېتىپ قالغىنىم.
شۇ كۈنى سەن ئەھۋال سوراپ كەلگەندە،
ھاياجان ئىلكىدە ساڭا باققىنىم.

شۇ كۈنى سەن ماڭا ئۆيدە دەرس ئۆتتۈڭ،
كويۇنۇپ مېھرىڭنى توكۇپ مەن ئۈچۈن.
شۇ كۈنكى مىنۇتلار نەقەدەر ئېسىل،
قانداقمۇ ئۇنۇتاي مېھرىڭنى قاچان.

سوزلەيتتىڭ بولبۇلدەك بىلىم كانىدىن،
قەلبىمگە مەرىپەت چىرىغى يېقىپ.
تويمايتتىم قورۇقلار باسقان يۈزۈڭگە،
تەسىرات قوينىدا مەن ئوتلۇق بېقىپ.

ئۆتتى ئاي ، ئۆتتى يىل مەنمۇ چوڭ بولدۇم،
مېھرىڭدە ئېقىلگە - پەنگە باي بولدۇم.

سەن باغۋەن پەرۋىش قىلىپ ئوستۇرگەچ مېنى،
غۇنچىدەك ئېچىلىپ يايرىدىم گۈلدىم.

ماڭغاندا مەن بۇ يىل داشۆي قوينىغا،
دىگەنتىڭ تىرىشىپ چىققىن چوققىغا.
ئۇنۇتما مەرىپەت كەۋسەرى بىلەن،
گول - گىيا تىرىشنى ۋەتەن قوينىغا.

خاتىرجەم بولغىن ئەي قەدىرلىك ئۇستاز،
دەپ شۇ چاغ مەن ساڭا ۋەدە بەردىمەن.
مېھرىڭدىن قەلبىمگە ياندى نۇر چىراق،
ئۇمىدلىك ئاقلايمەن چوقۇم! دىدىمەن.

شۇ ئارزۇ - ئۇمىتلەر تولغان يۈرەككە،
باشلىدىم سەن دىگەن چوققىغا سەپەر.
ھارماستىن مەرىپەت بىلىم ئىگەللەپ،
ئوستۇرەي ۋەتەندە خۇشپۇراق گۈللەر.

ساڭا زور ئېھتىرام مۇھەببەت بىلەن،
يازدىم مەن بۇ ئاددى سالام نامىنى.
كورسەتكەن يولۇڭدا ھارماي ماڭىمەن،
قېزىشنى توختاتماي بىلىم كانىنى.

>>>>>>❋❋❋<<<<<<

## مەكتىۋىم

گۈلزار ئالىم

سالام ساڭا مەكتىۋىم ،
ئۆتتەك قىزغىن دىلىمدىن .
مەدھىيىلەپ شەنىڭنى ،
ئۇنچە توكەي تىلىمدىن .

مېنى ساغلام ئوستۇردۇڭ ،
قۇچىغىڭدىن جاي بېرىپ .

چىقار شۇڭا قوينۇڭدىن
مىڭلاپ نوتا بىخ سۇرۇپ .

مەكتىۋىم ئېزىز ئانام ،
سېنى جاندىن سۆيىمەن .
ۋەتەن ئۈچۈن يارامىلىق ،
يېڭى ئەۋلات بولىمەن .

# دوستۇمغا جاۋاپ

— ئىدىيىۋى سوھبەت

رەھىم يۈسۈپ

«بىز تاماق يەيمىز، ئۇخلايمىز، تاماشا قىلىمىز،
مۇھەببەت باغلايمىز، يەنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ شېرىن
ئىشلار بىلەن ئۇچرىشىمىز، بىراق بىز بۇ ئىشلارغا
ھەرگىز تېز بېرىلمەسلىكىمىز لازىم»
—كيۇرى خانىم

دوستۇم × × ياخشىمۇ سەن؟

خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتىم. خېتىڭدە ئۆزەڭنىڭ تۇرمۇش يولدا دۇچ كەلگەن بىر قاتار مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاپ تاپالمىغانلىقىڭدىن زارلىنىپ، مېنىڭ سەممىي ياردەم بېرىشىمنى سوراپسەن. سەن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە سېنى قانائەتلەندۈرەلىگىدەك جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلساممۇ، لېكىن سېنىڭ ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنچ ۋە ئۈمىت باغلىغانلىقىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن!

خېتىڭنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن ئۇنى باش قاتۇرۇپ، ئەستايىدىل جاۋاپ بېرىشكە تىگىشلىك بىر پارچە ئىمتىھان قەغىزىكەن، دەپ قارىدىم. چۈنكى خېتىڭدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئاللىقاچان ئادەتتىكى سالام خەتلەر دائىرىسىدىن چىقىپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا قانداق قاراش، كىشىلىك تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئوخشاش چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقالغان.

خېتىڭدە مۇنداق دەپ يېزىپسەن: ”مەن ئۆزەمنىڭ مۇشۇنداق بىتەلەي، قولدىن ئىش كەلمەيدىغان دوت تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق پۇشايمان قىلماقتىمەن! سەن كەتكەندىن كېيىن، مەن ئاتا - ئانامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي، بىر كۈنى بۇ قىزنى ئالىمەن دېسەم، بىر كۈنى ئۇ قىزنى ئالىمەن، دەپ ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي، ”ياشلىقىم - پاشالىقىم“ دەپ، كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرۈپتىمەن، ئۇلارنىڭ ساختا كۈلكىسى، نازىن قىلىقلىرى بىلەن مەس بولۇپ خۇدۇمنى بىلمەپتىمەن، نەتىجىدە ئۇلارمۇ مەندىن شالىۋېلىشقا تىگىشلىك نەرسىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن شىلىپ، چونتىكىمگە سالغاندىن كېيىن مېنى داغدا قويۇپ قاچتى. ماڭا تازا پۇل لازىم بولىۋاتقاندا مۇئاش ئۈستۈرۈش بولدى. مەن ئىچىمدە مېنىڭ رىسقىمغا ھېچكىممۇ چاڭگال سالالمايدۇ، دەپ زور ئۈمىت بىلەن ئولتۇرغان ئىدىم، كىم بىلسۇن؟ ”خۇدايىم“ بېرىۋاتسا، بىزنىڭ ئورۇندىكى بەزى بىتىنخور ”خۇداۋە-

دىكام» لار تـوهپىسى كوزگە كورىنەرلىك ئەمەس، ئىش تاشلىغان ۋاقتى ئۈزۈن ...... دىگەنگە ئوخشاش يوقىلاڭ سەۋەپلەرنى كوتۈرۈپ چىققاچقا، مۇئاشىم ئوسمىدى. هازىر قىلىۋاتقان ئىشىمنىمۇ كوڭلىمدىكىدەك ئەمەس، باشقا بىر خىزمەتكە ئالمىشىۋالاي دىسەم، بۇمۇ هازىرچە مۇمكىن بولمىغىدەك. خېتىمنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، دىمىم سىقىلىپ، خۇددى يۈرىكىمگە يىڭنەسانجىلغاندەك ئازاپلانماقتىمەن! ئويلاپ كورگىن، مەن نىمە دىگەن بىچارە ـ هە! مەن دائىم مېنىڭ تۇرمۇش يولۇم نىمە ئۈچـۈن تۈز بولمايدىغاندۇ؟ تۇرمۇشتىكى مۇشۇ ئەگرى ـ توقاي، ئىگىز ـ پەسلىكتىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن، دەپ ئويلاپ كېتىمەن! بۇگۈنمۇ مۇشۇ چىگىش خىياللار ئىچىدە نىمە قىلارىمنىۋە قايسى يولغا ماڭارىمنى بىلەلمەي، ئاخىرى يىراقتىكى سەن دوستۇمنى ئەسكە ئالدىم ـ دە، بۇ خەتنى يېزىشقا كىرىشتىم. سېنىڭچە مەن يۇرت ـ ماكان، خىزمەت دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتقا بېرىپ، ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈپ، جېنىمنى جان ئەتكەن ياخشىمۇ ياكى تۇرمۇش يولۇمدىكى مەن بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتقان تىكەن ـ چاتقانلار بىلەن ئېلىشىپ كورگىنۇم ياخشىمۇ؟ بۇ ھەقتە سېنىڭ مەنىۋى ياردىمىڭگە مۇهتاجمەن ...... تېزراق جاۋاپ بەرگەيسەن......»

دەرۋەقە مەن سېنىڭ خېتىڭنى ئىمتىهان قەغىزى دىگەن ئىكەنمەن، ئۇ ئەلۋەتتە مەندىن يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە جاۋاپ قايتۇرۇشىمنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ ساڭا ياردەم ئورنىدا بەرگىدەك بۇغداي نېنىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئوزەمنىڭ بەزى يۈزەكى بۇغداي سوزۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي، بۇنىڭ ساڭا ئاز ـ تولا ياردىمى تىگىپ قالسا، ئاغىنىدارچىلىق بۇرچىمنى ئادا قىلغان بولارمەن!

مېنىڭچە، سىزغا چۈشۈپ كەتكەن مەلۇم بىر سىنىپى قېرىنداشىنىڭ «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ ۋاقىرىغـان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ياكى ئۇزىنى كورۇپ تۇرۇپ، ئاڭلىماسقا ياكى كورمەسكە سېلىش پوزىتسىيىسىنى تـۇتۇش ـ بۇ بىر خىل نامەرتلىك. ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادىمگەرچىلىك ئەمەس. كوپچىلىككە تونۇش بولغان هازىرقى سوز بىلەن ئېيتقاندا، قەلبى ۋە ھەركىتى گۇزەل ئەمەسلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. مۇئەييەن شارائىتتا مەلۇم بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردەمدىنمۇ سىياسىي جەھەتتىكى ياكى روھىي جەھەتتىكى ياردەم ئۈستۈن تۇرىدۇ. دىمەكچىمەنكى، سەن يارغا غۇلاپ كېتىش ئالدىدا مەندىن ياردەم سورىغانلىغىڭ ئەمەلىيەتتە «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دىگەنلىگىڭ بولىدۇ. مۇشۇمىنۇتلاردا ساڭا جىددى زورۇر بولغىنى ئىقتىسادىي ياردەم ئەمەس، بەلكى روھى (مەنىۋى) جەھەتتىكى ياردەم. شۇڭا ساڭا ئوخشاش هەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قانداق قىلىشىنى ۋە قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي، توت كوچىنىڭ ئاغزىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالغان سەپداشلىرىمغا ياردەم قولۇمنى سۇنۇشنى شەرەپ دەپ بىلىمەن!

ـ سەن خېتىڭنىڭ بېشىدا «ئوزەمنىڭ مۇشۇنداق بىتەلەي، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دوت تۇغۇلۇپ قالغانلىغىمدىن قاتتىق پۇشايمان قىلماقتىمەن» دەپسەن. مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ تەلەيلىك ياكى تەلەيسىز بولۇشى، قولىدىن ئىش كېلىش ياكى كەلمەسلىگى، دوت ياكى ئەقىللىقلىغى تۇغما بولمايدۇ، بەلكى ئۇ كېيىنكى ئىجتىمائى ئەمەلىيەتتە شەكىللىنىدۇ. سەن راستىنلا بىتەلەي، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دوتمۇ؟ بۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپنى قويۇپ، پەقەت ئىككىمىزنىڭ بىرگە ئوتكەن مەكتەپ هاياتىمىزنى ئازراق ئەسلەپ ئوتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ.

سەن ئۇ چاغلاردا سىنىپ ھەيئىتى ئىدىڭ، ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىجتىمائى پائالىيەتلەردە سىنى-
پىمىزدىكى بالىلارنىڭ ئالدى ئىدىڭ. بولۇپمۇ ئەدەبىيات دەرسىدە باشقىلىرىمىز ئىككى - ئۈچ كۇپ-
لېتشېئىر ياكى بىر - ئىككى بەت ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يادا ئېلىپ بولغىچە، سەن تۆت - بەش كۇپ-
لېت شېئىر ياكى ئۈچ - تۆت بەت تېكىستىنى سۆدەك يادا ئېلىپ بولاتتىڭ. ئەدەبىيات كېچىلىكى ۋە
باشقا مەدەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش نۆۋىتى ساڭا كەلگەندە، تاماق يېيىشۋە
ئۇخلاشنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا ناھايىتى جانلىق ۋە مەزمۇنلۇق قىلىپ تەشكىللەيتتىڭ. بەزى لىرىكىلىق
شېئىرلارنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلاتتىڭ. ئۇ چاغلاردا، مەكتەپ ھاياتىدىكى روھىھا-
لىتىمىز بەكلا كۆتىرەڭگۈ، ئالغا ئىنتىلىش ئىرادىمىز، بىلىم ئېلىش تەشنالىقىمىز ئالاھىدە كۈچلۈك
ئىدى...... كۈندۈزلىرى ئۆگەنگەنلىرىمىزگە قانائەت قىلماي، ئاخشاملىرى ئۇخلاش بەلگۈسى بېرى-
لىپ، چىراق ئۆچكەندە، ئىككىمىزنىڭ كىتاپلىرىمىزنى يېپىپ قويۇشقا كۆزىمىز قىيماي، بىر - بىرى-
مىزگە: چىراق ئۆچمەيدىغان ياكى كېچە بولمايدىغان يۇرت - ماكانمۇ بارمىدۇ؟ دېيىشكەنلىرىمىز،
ئاخىرى ئىككىمىز يوتقانلىرىمىزنى پەم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يوتقان ئىچىدە كىچىك يايىمچىلارنىڭ
دۇكىنىدىن سېتىۋالغان ھېلىقى باتىرىيىسى (مېيى) تۈگەي دەپ قالغان كونا قول چىرىغىنىڭ ئاجىز
نۇرىدا خۇشاللىق بىلەن كۆزسۈزلدۈشۈپ كىتاپ كۆرگەنلىرىمىز، ئايدىڭ كېچىلەردە ئاي - يۇلتۇزلار-
نى ئۆچمەس چىراق بىلىپ، كەلگۈسىدىكى جەڭگىۋار ھاياتىمىز ئۈستىدە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈش-
كەنلىرىمىز...... بەلكىم ئېسىڭدە باردۇر. ئۇ چاغدا گەرچە ئىككىمىزنىڭ يېشى ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ،
لېكىن سەن ماڭا نىسبەتەن ئۈمىتۋار، تەلەپچان ئىدىڭ. يىراقنى كۆرەتتىڭ، مەسىلىلەرگە بىرقەدەر
ئەتراپلىق قارايتتىڭ، يولداشلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق بىلەتتىڭ ......

مەلۇم بىر يىلى ئائىلىمىزنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولغان دادام بىلەن ئاكام كېسەل بولۇپ،
ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوقۇشۇمغا كېلىدىغان بىۋاستە ياردەم
يولى ۋاقىتىنچە توسۇلۇپ، قىيىنچىلىق ئۈستىگە قىيىنچىلىق كېلىشكە باشلىدى. ئۇ چاغدا ئۇكىلىرىم
كىچىك، ئانام ئاغرىقچان ئائىلە ئايلى بولغاچقا، ئۆز ئېغىرىمنى يەڭگىلا ئۇلارغا سېلىپ، داۋاملىق
ئوقۇۋېرىشىمغا ۋىژدانىم چىدىمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئائىلەمدىكى-
لەر نېمە كۆرسە، مەنمۇ شۇنى كۆرەي، دېگەن نىيەتكە كېلىپ، ساڭا مەسلىھەت سالغىنىمدا سەن بۇ
خىل قارىشىمغا كەسكىن قارشى تۇرۇپ، ئوقۇپ قېلىش تەرەپدارىم بولدۇڭ ھەمدە سەن ماڭا: " ئو-
قۇش ھاياتىمىز- كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى، ئۇ ھەر خىل زىددىيەت ۋە كۈرەش بى-
لەن تولغان. قىيىنچىلىق ۋاقىتلىق نەرسە. ئوقۇشۇڭنى قەتئى داۋاملاشتۇرغىن، كەلگۈسى ھايات بىز-
گە ئۇللىق قوينىنى كەڭرى ئاچىدۇ. قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بىلىم ئېلىۋالساق، نىشانىمىز پۈتۈن، كېلى-
چىگىمىز تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. گۈزەل تۇرمۇش خۇددى باغۋەننىڭ ھالال ئەمگەك - ئەجرى بىلەن
شاختا مەي باغلاپ پىشقان شېرىن مېۋىگە ئوخشايدۇ. قىيىنچىلىق بولسا سېنىڭ شۇ مېۋىلەرنى ئۈ-
زۈشۈڭگە ياردەم بېرىدىغان شوتا. " ئەگەر سەن قىيىنچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شوتادىن ۋاز كېچىپ،
ئۇنىڭدىن ئۈزەڭنى دالدىغا ئالساڭ، ئۇ چاغدا سەن تەنگە راھەت، جانغا ئوزۇق بېرىدىغان مېۋى-
لەرنى ئاغزىڭغا سالىمەن دېگۈچى بولما...... دېگەن ئىدىڭ. سەن يەنە ماڭا ئۇختۇرماي، مەكتەپ
رەھبەرلىكىگە مېنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىمنى ئىنكاس قىلىپ، خاتىرجەم ئوقۇپ قېلىشىم ئۈچۈن كۆپ
يول ئىگىپسەن. مەن بۇنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپتىن بىرىلگەن بىر قۇر تۇرمۇش ياردەم كېيىمى

ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ كۆكشى ئارقىلىق ئائىلىمىزگە ھەل قىلىپ بەرگەن 100 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئارقىلىق بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە تۇسۇلۇپ قالغان ئوقۇش يولۇم يەنە ئېچىلىپ، ئوقۇشىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن پارتىيە تەشكىلى ۋە ساڭا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن! دوستۇم × × ئېيتقىنا، بۇلارنىڭ قايسى بىرى سېنىڭ بىتەلەي، قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان دوت ئىكەنلىكىڭگە پاكىت بولالايدۇ؟

خوش، ئەمدى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلسەك، بىز ساڭا تازا ئىشەنچە باغلاۋاتقان، تەشكىلمۇ سەندىن زور ئۈمىت كۈتىۋاتقان، ئون يىلدىن بېرى تېرىپ ئۆستۈرگەن زەل - زىرائەتلىرىمىزنىڭ ھوسۇلىنى يىغىپ بىر جىڭلاپ باقىدىغان ھالقىلىق پەيتتە، سەندە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىش دەل بىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، دولەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىشىمىزغا يەنە يېرىم يىل قالغاندا بولدى. چىراي - تۇرقى ھەر ھالدا يامان ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن قوسىقىدا ئىلمىنىڭ سۇنىقىمۇ يوق، تاپسا ئۈپا بىلەن، بولمىسا ئاشنىڭ قۇغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈز - كوزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپلا يۈرۈيدىغان بىر شەيتان قىز داداڭنىڭ شۇ چاغدىكى ھوقۇقىنى كوردىمۇ ياكى سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ ئىشقىلىپ ئۇ ساڭا بىر يېپىشقاقلا كاللاڭنى قايمۇقتۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىزلۇغ - ۋار ئارزۇ - ئىستەك ۋە يۈكسەك غايىگە مەركەزلىشىپ كېتىۋاتقان دىققەت ئېتىۋارىڭ چېچىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ چاغدا مەن سېنى ھاۋايى - ھەۋەس كوچىلىرىدىكى ساختا مۇھەببەتنىڭ قان چىقارماي جان ئالىدىغان خەنجىرى ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش، دولەتلىك ئىمتىھاندىن ياخشى ئوتۇپ، ئالى مەكتەپلەرگە بىرگە بېرىش ئويىدا ساڭا كوپلىگەن پايدىلىق مەسلىھەت پىكىرىمنى بېرىپ، سېنى بارسا - كەلمەس يولدىن توسقان بولسامۇ، لېكىن سەن بىر قولتىغىڭغا ئىككى تاۋۇزنى قىستۇرۇپ ماڭغان يولۇڭدىن يانمىدىڭ. ئاخىرى ئاشۇ قىزنىڭ «قوماندا تايىقى» ئاستىدا چوگىلەپ، ئۇنىڭ قاش، كوزلىرىگە تويماي كەتتىڭ. بىز كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھەتتا يەكشەنبە ۋە ھېيت - ئايەم كۈنلىرىنىمۇ بىكار ئوتكۈزمەي دەرس تەكرارلىساق، سەن ھېلىقى تېپىلماسنىڭ خومىسى بىلەن كوچا قاغداپ، باغچا ئارىلاپ، يىگەننىڭ ئاغزىغا، ماڭغاننىڭ پۇتىغا قاراپ، قىممەتلىك ئۆگىنىش ۋاقتىڭنى ئېرىقتىكى لاي سۇدەك مەنىسىزلا بىكارغا ئوتكۈزۈۋەتتىڭ. نەتىجىدە دولەتلىك ئىمتىھاندا قاتاردىن چۈشۈپ قالدىڭ. بىز چاقىرغان يۈرەكلەرنى ئىلىم - مەرىپەت بۇلاقلىرىدا سۇغۇرۇش ئۈچۈن، ئالى بىلىم يۇرتلىرىغا يول ئالدۇق. سەن 10 يىللىق جاپالىق ئەجرىڭنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇرغان ئامراق ئاشىقىڭ بىلەن يۇرتتا قالدىڭ. دېمەك، سەن مەكتەپ ھاياتىڭدىكى نۇرغۇن ئىمتىھانلاردىن ياخشى ئوتكەن بولساڭمۇ، لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھەببەت ئىمتىھانىدىن ئوتەلمىدىڭ.

كېيىنكى كۈنلەردە، خېتىڭ ئارقىلىق سېنىڭ خىزمەتكە قاتناشقانلىقىڭنى، سېنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى ئازدۇرغان قىزنىڭ داداڭنى مەسلىسى بار، دەپ گۇمان بىلەن ۋاقىتلىق توختىتىپ قويغاندا، سەندىن يۈز ئورۇپ، باشقا بىر مەخلۇقنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

باشقىلاردىن خەۋەر تېپىشىمچە، مەن ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، سەن مۇھەببەتتە ئۆز تەلەيىڭنى بىر سىناپ كورۇش ئۈچۈن، «سېلىشتۇرمىغىچە بىلگىلى بولمايدۇ» دەپ بىر نەچچە قېتىم

قىز يەڭگۈشلەش سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىپسەن. تولا يەڭگۈشلەشنىڭ نەتىجىسى سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ
بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ. هازىرمۇ يەنە خالتا كوچىلارغا قاتراپ، بۇلتۇرقى يۈرگىنىڭنىڭ ئورنىغا باشقا
بىرسىنى يەڭگۈشلەش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئوخشايسەن. ئويلاپ كورگىن ، مۇهەببەت دىگەن كۈندە
يەڭگۈشلەپ، ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان دوختۇرخانىلارنىڭ مۇددەتلىك دورىسى ياكى سۇ-
يىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا ئولۇپ قالىدىغان ئەينەك شىشىدىكى بېلىق ئەمەس. سەن ئائىلە تۇرمۇ-
شى ياكى مۇهەببەتكە نىسبەتەن سېتىقچى سودىگەر ياكى بىدىكلەردەك ئىشۇ-زلىنى قولىلانىسەك، ئور-
تاق غايە ۋە ئىرادە بىرلىگى ئاساسىدىكى چىن مۇهەببەتنى ئاق نىيەتلىك بىلەن ئىزدىمىسەڭ، سى-
ياسى - ئەدىبىي ۋە مىجەز - خۇلۇق جەهەتتىكى زورۇر بولغان ئىلمى سىناقلارنى ئوز بېشىڭدىن كو-
چۇرمىسەڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ مۇهەببەتتىن قانداقمۇ " تەلىيىڭ " چىقسۇن؟

مۇئاشىم ئوسمىدى، دەپ ئۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرۈشىڭنىڭمۇ هېچقانداق ئاسا-
سى يوق. سەن ئاز ئىشلىگەندىكىن ئاز ئېلىشىڭ ئەلبەتتە ئېقىلغا مۇۋاپىق. چۈنكى ئەمگەككە قاراپ
تەقسىم قىلىش، كوپ ئىشلىگەن كوپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەن ئاز ئېلىش، ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەس-
لىك ...... بۇ - بىزنىڭ تەقسىمات پىرىنسىپىمىز. سەن ئۆزۈن ۋاقىتتىن بۇيان، ياخشى ئىشلىگەن
بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئوخشاش، ئاز ئىشلىگەن بىلەن كوپ ئىشلىگەن ئوخشاش بولۇشتەك
ناچار سىياسى هاۋادىن نەپەس ئېلىپ، داشقازاننىڭ ئېشىنى يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، مۇئاش
ئوستۈرۈشتە تەھپىسىنىڭ ئاز - كوپلىگى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىغىنىڭ يۇقىرى . تو-
ۋەنلىگىگە قاراش ...... دىگەن بۇ توغرا ئولچەم - پىرىنسىپ ساڭا خۇددى ئەندىلا چەتئەل تىلى-
دىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئاتالغۇدەك بولۇپ تۇيۇلغان. شۇڭا سەن بۇ مەسىلىدە تەشكىلدىن ۋە
يولداشلاردىن ئاغرىنماستىن ، ئەڭ ياخشىسى ئوزەڭدىن ئاغرىنغىنىڭ تۈزۈك.

خېتىڭنىڭ ئاخىرىدا، تۇرمۇش يولۇڭنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىلمىپتەك تۈز بولمايۋاتقانلىغى،نېمە ئۈ-
چۈن تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقايلىغىدىن قۇتۇلالماي كېتىۋاتقانلىغىڭ هەققىدە بەكلا باش قاتۇرۇپ
كېتىپسەن. دىمىسەكمۇ بۇ يالغۇز سەنلا ئەمەس، بەلكى هەممە كىشى هەل قىلىشقا تىگىشلىك مۇ-
هىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ هەقتە مېنىڭ قارىشىم مۇنداق:

— تۇرمۇش خۇددى توت پەسىلگە ئوخشايدۇ. تۇرمۇشنىڭ يالغۇز ئىللىق باهار كۈنلىرى، پىژ-
پىژ ئاپتاپلىرى، سىم - سىم يامغۇر، غۇر - غۇر شاماللىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ يەنە
قەهرىتان جۇت سوغۇقلىرى، قار- شۇۋرغانلىرىمۇ بار. شۇنىڭغا ئوخشاش ئالغا ئىلگىرىلەش سەپىرى-
مىزدە، پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان داغدام يول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەتەرلىك خادا - تاشلار،
ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي يوللار، چوڭقۇر هاڭ - ئويمانلارمۇ بار. دۇنيادىكى ئىشلار بىزنىڭ
سوبيېكتىپ ئىرادە - ئارزۇيىمىزغا باغلىق بولمىغاچقا، كىشىلىك تۇرمۇشتا خۇددى سەن دۇچ كەلگەن-
دەك ئەھۋاللاردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بۇلا كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇر-
مۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى سىنايدۇ. ئەگەر سەن تۇرمۇشتىكى هەر خىل ئو-
ڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا هەشقىپچەكتەك سولۇشۇپ، بوران - چاپقۇنلارنىڭ هەر خىل سىناقلىرىغا بەر-
داشلىق بېرەلمىسەڭ، تۇرمۇش يولۇڭنى ئوزەڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاچمىساڭ، ئۇ چاغ-
دا تۇرمۇش يولى سەن ئۈچۈن مەڭگۈ سىرلىق بىر نەرسە بولۇپ قىلىۋېرىدۇ.

— تۇرمۇش ئىنسانلاردىن ھەر خىل ئىززەككەپ چىگىش مەسىلىلەر ئۈستىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاددى - يىزەكى مەسىلىلەردىمۇ ھەر كۈنى، ھەر سائەت دېگىدەك ئىمتىھان ئېلىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ بۇنداق سىناق ئىمتىھانلىرىدىن مەيلى خان - پادىشا - لەشكەر بېشى، ۋەزىر - ئۆلىمالار بولسۇن، مەيلى ئاددى پۇقرالار بولسۇن ھېچكىممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيگەن، ئۇنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرنى تۇرمۇشمۇ ئەلبەتتە قىزغىن سۆيىدۇ. كىمەركى ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقنى كۆرۈپ، تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىدىكەن، تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭدىن ئىككىلەنمەيلا ۋاز كېچىدۇ. شۇ نەرسە زەنىڭدە بولسۇنكى، تۇرمۇش خۇددى چىرايلىق نەپىس ئېچىلغان قىزىل گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تىكەن - چاتقاللىرىدىن قورقماي ئۈزۈشكە جۈرئەت قىلغان كىشى ئۇنى چېكىسىگە قىسالايدۇ.

— تۇرمۇش خۇددى باشقىلارنىڭ چىقىپ ھەيدىشىنى كۈتۈپ تۇرغان خالىس كېمىگە ئوخشايدۇ، پەقەت ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، توغرا يونىلىشنى كوزلەپ، ئۇنى توختاۋسىز ھەيدىگەن كىشىلا، ئۇز غايىسىنىڭ قىرغىغا يېتىپ بارالايدۇ.

مەيلى تۇرمۇش يولى ياكى ئىنقىلاپ يولى بولسۇن، ئۇ ھەرگىزمۇ چاقچى ئايالنىڭ يىڭىدەك تۈپ - تۈز بولمايدۇ. شۇڭا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە روھى جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن سەن ئەلبەتتە توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشۇڭ، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىڭ، دەۋر روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭىچە تۇرمۇش يولىنى تاللىشىڭ لازىم. مانا بۇ سېنىڭ ھازىرقى چىقىش يولۇڭدۇر.

كىشىلىك تۇرمۇش - ئۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا ئوخشاش بولغاچقا، ئۇنىڭ جىددى ئېقىنلىرى ۋە دەھشەتلىك قايناملىرى بولىدۇ. قورقۇنچاق ئاجىز كىشىلەر تۇرمۇش دەرياسىنىڭ جىددى ئېقىنلىرىدا چوقۇم چوكۈپ، غەرق بولىدۇ، شۇڭا ئەگەر سەن، غەيرەت-شىجائەتلىك بولۇپ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ دەھشەتلىك قايناملىرى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدىغانلا بولساڭ، ئۇچاغدا سەن ئۆز غەلىبەڭنىڭ تاڭ نۇرىنى جەزمەن كۈتۈۋالالايسەن، ئۈمىت چىرىغىڭ جەزمەن قايتىدىن يورىيدۇ. ئىشەنمىسەڭ سىناپ باققايسەن!

سىڭا يېڭىچە نۇتۇق تىلەپ

ھورمەت بىلەن

دوستۇڭ × × دىن



(جىلى سۇلۇس نۇسخىسى)

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى، مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسىرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق، بەستە تاشدىكەن غادايغانسىرى.

(نەسخ نۇسخىسى)

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ۋە ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ۋارىس

بىز گېزىت سەھىپىلىرىدە، ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىدا پات - پات مەسەللەرنى ئۇچرى-تىپ تۇرىمىز. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەسەلچىلىك ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشى تېخىمۇ تېز بولدى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خوشال قىلارلىق ياخشى باشلىنىش. بۇ باشلىنىشنى يەنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەسەللەر توغرىسىدىكى ئومۇمى تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش تېخىمۇ زۆرۈر.

مەسەل كۆپىنچە چۆچەك، رىۋايەتلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن، تەلىم - تەربىيە شەكلىنى ئالغان، ساتىرىك، كىنايە ( ئالگورىك ) خاراكتېر ھەم ھەجۋى كۈچكە ئىگە بولغان كىچىكرەك ئەسەر ۋە ئالاھىدە بىر تۈر. ئۇنىڭ تىلى جانلىق، ئوبرازلىق بولۇپ، نەزىم ھەم نەسرى ئاساستا تۈزۈلىدۇ.

مەسەلنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن ماقال - تەمسىللەر، بېيىت، قوشاقلار، چۆچەك، رىۋايەتلەرگە ئوخشاش ئۇ-زۇن يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، يازما ئەدەبىياتتىن ئىلگىرى ئۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلىپ ھەم تارقىلىپ، تولۇقلىنىپ، پىششىقلىنىپ، ئاتىدىن - بالىغا، بالىدىن - بالىغا مىراس تەرىقىسىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە دانا مەسلىھەت، ھېكمەتلىك نەسىھەت-لەرنى بېرىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا، ياۋۇز ھىيلىگەرلەردىن دائىم ھوشيار بولۇشقا ئۈندەپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ، تىل ۋە ئوخشىتىشقا ئەڭ باي تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ جانلىق تىلىمىزدا كىشىلەر ئۇنى تەمسىل دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىدىن قارىغاندا، ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققان. شۇڭا مەسەلدە ۋەقەگە ئىشتىراك قىلىنغۇچىلار كۆپىنچە ھايۋا-ناتلار، ئۇچار قۇشلار، قۇرۇت - قوڭغۇزلار، زەل - زىرائەت، دەل - دەرەخلەر ۋە نەرسىلەر بولۇپ، كىشىلەر ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويالمىغان پىكىر - تەلەپ، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار تىلى بىلەن بايان قىلىدۇ. ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار تىلىغا كىرىپ، ئادەملەرگە ئوخ-شاش سۆزلەيدۇ، ئويلايدۇ، خوشال ۋە خاپا بولىدۇ، ئادەملەرگە ئوخشاش ھەركەت، پائالىيەت، كۆ-رەشلەر قىلىدۇ. خەلق ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۆزى بىۋاستە قىلالمىغان ئىشلارنى، دېيەلمىگەن سۆز-لىرىنى شۇلار ئارقىلىق قىلدۇرىدۇ ھەم دېگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، قارىماققا، ھايۋان، قۇش، ئۆسۈملۈك، ھاشارەتتەك كۆرۈنسىمۇ ھەم ئىپادىلىنىۋاتقان تۇر-مۇش شۇلارنىڭ تۇرمۇشى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش مۇناسىۋىتى تەس-ۋىرلىنىدۇ. ئالگورىك جانلاندۇرۇشلار ئارقىلىق يوشۇرۇن پىكىرلەر ئاشكارىلىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇش چىنلىقى ئېچىپ بېرىلىدۇ. مەسەللەردە ھايۋان، قۇش، ھاشارەتلار ئارقىلىق بەزىدە پۈتۈن بىر

ئىجتىمائى گورۇھ، بەزىدە شۇ ئىجتىمائى گۇرۇھ ئەزالىرى تەسۋىرلىنىدۇ. بەزى مەسەللەردە جان-
سىز نەرسىلەر ئوبرازى ئاساس قىلىنىپ تەسۋىرلەنسە،بەزى مەسەللەردە ئادەم ھەم تەسۋىرلىنىدۇ.

مەسەل ژانىرى مۇددىئا - قاراشلارنىڭ بوشۇرۇن ئىپادىلىنىشى سەۋەپلىك شەكىللەنگەن بىر
تۇر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كونا چېرىك تۈزۈمگە، زالىم بەگ، پارىخور ئەمەلدارلارغا ئاشكارا قارشى
تۇرۇش، ئۇنى يۇزمۇ - يۈز پاش قىلىش قىيىن ئىدى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ پىكىر - قاراشلىرىنى ئو-
چۇقتىن - ئوچۇق بايان قىلالمايتتى.ئارزۇ - ئارمانلىرىنى توغرىدىن-توغرا ئېيتالمايتتى، شۇڭا ئۇز-
لىرىنىڭ چەۋەنداز ناتىقلىرى، قىزىقچىلىرى، ئەدىبىياتچىلىرى ئارقىلىق چوچەك ۋە رىۋايەتلەردىن
مەسەللەر تۈزۈپ، ئۆز پىكىر - قاراشلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرگە كىنايە قىلىش ئارقىلىق با-
يان قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە باي-بەگلەرگە يولۋاسنى، قارا نىيەت، ياۋۇز - زالىملارغا بۆرىنى،
ساختىپەز، قۇۋ - ھىلىگەرلەرگە تۈلكىنى، ئەسكى، ناباپ ئىشلارنى قىلغۇچى بىشەم - زوراۋانلارغا
ساچقان، قاغا - قۇزغۇنلارنى، شۇملۇقنى تىلىگۈچىلەرگە ھۇقۇشنى سىمۋول قىلىپ،كەپتەر، چومۇلە،كاك-
كۇك،قالغاچ،پاقا،توشقان،قوي،ئۆچكە قاتارلىق قۇش،ھايۋانلارنى ئەقىللىق،زېرەك،باتۇر،سەمىمى، يۇۋاش
ۋاپادار كىشىلەرنىڭ ۋە مېھنەتكەش خەلقنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئالىدۇ. ئۇلار زالىم بەگ - بايلار-
نىڭ، ئاچكۆز قارا نىيەتلەرنىڭ سىمۋولى بولغان يولۋاس، بۆرە، تۈلكىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ،
ئۇلارنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۇلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، قات-
تىق كۈلكە، مەسخىرە قىلىپ رەسۋا قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئەمگەكچى
خەلقنى ياۋۇزلۇققا، زالىملىققا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ
ئەكسىيەتچى، چېرىك كۈچلارنىڭ تۈرلۈك ھىلە-نەيرەڭلىرىگە ئالدانماي، قارا كۈچلەرنى يەر بىلەن
يەكسان قىلىشقا، بەخت - سائادەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.بەزى مەسەللەردە تۈل-
كە ئەقىللىق، تەدبىرلىك كىشىلەرنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ، شىر، يولۋاس، بۆرىلەرنىڭ ياۋۇز نىيەت-
تىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويمايدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى
مات قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدە تۈلكە بەزىدە
سەلبىي، بەزىدە ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. ئۇندىن
باشقا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى يەنە، سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈر بولمىغان دەۋرلەردە،ئادالەتلىك بى-
لەن ئادالەتسىزلىك، ئىناقلىق بىلەن ئىناقسىزلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىلغارلىق بىلەن
قالاقلىق، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى ياخ-
شى ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك،ئىرادىلىك، قەيسەر- باتۇرلاردىن بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا تارىختىن
بۇيان مەسەللەر "ئەخلاق ئۈگەتكۈچى ئەسەر" دەپ قارىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. مەسىلەن. «ئال-
دامچى ئىشەك» دىگەن خەلق مەسەلىدە، ھېرىپ قېلىپ سودىگەر تەرىپىدىن يولغا تاشلىۋېتىلگەن ئىشەك ئو-
لەر ھالەتكە يەتكەندە، توگە كېلىپ قېلىپ، ئۇنى مىڭ بىر بالادا ھاپاش قىلىپ، جاپالىق ھالدا
ئۇزۇن يول يۈرۈپ، گۈزەل بىر يايلاققا ئېلىپ كېلىپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى، ئوتنىڭ ئۈچىنى يىدۈرۈپ،
كېسىلىنى ساقايتىپ، سەمرىتىپ قويسا، ئىشەك ھاكاۋۇرلۇشۇپ، توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىپ، ئاخىرى
يەنە ئۆزى بىلەن توگىنىڭ كارۋانلار قولىغا چۈشۈپ قىلىشىغا سەۋەپچى بولغانلىقى، ئىشەك كارۋان-
لار ئالدىدا ژۇك بىلەن كېتىۋېتىپ، ھىلىگەرلىك قىلىپ،يولدا ھېرىپ قالغان بولىۋېلىپ يېتىۋېلىپ، ئۆزىگە
ئارتىلغان يۈكنى، كېيىن يەنە ئۆزىنىمۇ توگىگە ئارتقۇزۇپ ماڭغانلىقى، توگىنى ئاخماق ۋە مەسخىرە
قىلغانلىقى، توگىنىڭ "ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا" دەپ ئەلەم تارتقانلىقىنى بايان
قىلىدۇ. بۇ گەرچە ئېشەك بىلەن توگە ئارىسىدا بولغان ئىشتەك تويۇلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە كىشى

لەر ئارىسىدىكى ئىشنى بايان قىلغان. كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق "ۋاپا قىلغانغا جاپا" قىلىدىغان، "ياخشىلىققا يامانلىق" قىلىدىغان كىشىلەر ئوبرازى سىمۋۇلىستىك ئاساستا سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ھوشيار بولۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ.

«سۆلەيسۇننىڭ پادىشا بولۇشى» دېگەن خەلق مەسەلىدە، بوياقچىنىڭ ھويلىسىدىكى ھەر خىل رەڭ چېلانغان تۆڭلەرگە چۈشۈپ كېتىپ قاچقان سۆلەيسۇننىڭ جاڭگاللىققا بارغىچە تۈكلىرى قۇرۇپ، ياقىراپ، باشقىچە چىرايلىق تۈسكە كىرىپ قالغانلىقى، ئوزگىچە چىرايلىق تۈس ئالغان سۆلەيسۇن جاڭگالدا ھايۋانلارنىڭ پادىشاسى بولىۋالغانلىقى، ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، بىر قانچە كېچە-كۈندۈز ئۇدا ياققان يامغۇر بىلەن سۆلەيسۇننىڭ رەڭدە بويالغان تۈكلىرىنىڭ يۇيۇلۇپ، ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ قالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن سۆلەيسۇن باشقا ھايۋانلارنىڭ ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشاشتىن مەھرۇم بولۇپ، قۇيرىقىنى قىسىپ تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھابىگەر، ئاچكوز، تەييار تاپ، «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال»، تېشى بوياق، ئىچى قۇرۇق كىشىلەرنىڭ قىياپىتى ۋە ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بەرگەن.

«كەپتەر بىلەن چۈمۈلە» دېگەن خەلق مەسەلىدە، كەپتەر بىلەن چۈمۈلىنىڭ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، بىر - بىرىنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت سەممىي ياردەم، ئىناق دوستلۇقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ھېچقاچان يەردە قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى: بىر كۈنى كەپتەر ئوۋچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئوۋچىنىڭ كەپتەرنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ تۇرغىنىنى كورگەن چۈمۈلە دەرھال ئوۋچىنىڭ دومبىسىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۇنى قاتتىق چاقىدۇ، ئوۋچى چىدالماي تورنى تاشلىۋېتىشىگىلا، كەپتەر توردىن چىقىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر كۈنى سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېرىقنىڭ لېۋىگە بارغان چۈمۈلە سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنى كورگەن كەپتەر دەرھال بىر تال چوپنى ئەپكېلىپ ئېرىققا تاشلايدۇ. چۈمۈلە چوپكە يامىشىپ سۇدىن چىقىۋالىدۇ. بۇ گەرچە 2 جانۋارنىڭ ئۆز ئارا پىدارىكانە ياردىمىدەك كورۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەنە شۇنداق سەممىي دوستلۇق ياردىمىنى چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز ئارا بىر - بىرىگە كويۈنۈشكە، ياردەم بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى ئەنە شۇنداق چوچەكلەرگە ئوخشاش ئىپادىلەنگەچكە ( باشقا شەكىللەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ ) ، كوپ ھاللاردا خەلق چوچەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ . لېكىن شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ، ۋەقەلىكى ، ئىشتىراكچىلىرى ، بايان قىلىنىش ئۇسۇللىرى ، كىتابخانلارغا ئۇقتۇرماقچى بولغان مەقسىدى ۋە يەكۈنى قاتارلىقلاردىن مەسەلنىڭ ئادەتتىكى خەلق چوچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ . ئادەتتە ، مەسەللەرنىڭ ھەجمى كىچىك ، تىلى ئوتكۈر ، ھەجۋى ۋە يۇمۇرلۇق ، قىزىق ، كۈلكىلىك بولغاچقا ، كىشىلەر ئۇنى ئاسان ئېسىدە ساقلاپ، بىر - بىرىگە ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل ، پەم ، غەيرەت ، جاسارەت ئالىدۇ . مانا بۇ ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىنىڭ كوپ ھاللاردا چوچەك شەكلىدە تارقىلىپ ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈپ ، ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى .

خەلق مەسەللىرى يازما ئەدەبىياتىمىزغا كىرىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ ، قېلىپلىشىپ ، تېخىمۇ بەدىئى تۈس ئېلىپ ، كىشىلەرگە تەسىر - تەربىيە ، ئەقىل - ئىلھام ، ئۈمىت -

غەيرەت بىر نىشتە مۇھىم رول ئوينابلا قالماي ، بەلكى ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرىك ژانىرنى يېتىلدۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇشتا زور رول ئوينىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى يان مەسەلچىلىكىمىز يەنىمۇ راۋاجلىنىپ، خەلق مەسەللىرى ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى مەسەللەر رەتلىنىپ، توپلىنىپ، تۈزۈلۈپ ھەم يېزىلىپ، ئەدەبىياتىمىزدا مەسەللەرنىڭ كام بولۇشىدەك بوشلۇقتىمىزدىن تولدۇرۇلدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە جەمئىيەتتە پەيدا بولۇۋاتقان تۈرلۈك ساغلام بولمىغان كونا ئادەت،بولمىغۇر بەتقىلىقلەر مەسىلەن: شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆز - نەپسانىيەتچىلىك،قۇۋلۇق، شۇملۇق، ھىلىگەرلىك، تەخسىكەش، يالاقچىلىق،خىيانەتچىلىك، پارىخور- ئالدامچىلىق، بيۇروكراتلىق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىق... قاتارلىق بىر مۇنچە يامان ئىللەتلەر ۋە ئۇنىڭ قەبىھ ئاقىۋەتلىرى قاتتىق، دەل، توغرا قامچىلىنىپ، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلەر دەۋەت قىلىنىپ، كىشىلەرنى كوممۇنىستىك ئىدىيە - ئىستىل بىلەن تەربىيىلەش ھەم ئۇلاردا ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىلدۇرۇشكە ئىلھاملاندۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتسىزكى، يېقىنقى يىللاردىكى مەسەلچىلىك ئىجادىيىتىمىزدە بىر مۇنچە سالام بولمىغان ھالەتلەرمۇ داۋام قىلماقتا. بۇنىڭ گەۋدىلىك گىرەكى شۇكى، مەسەل ئىجات قىلغۇچىلار ياكى رەتلىگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى خەلق چۆچەكلىرىنى بۇزۇپ پايدىلىنىپ ئىجات قىلدى. بەزىلىرى ئىلگىرى باشقا ئاپتورلار نەسرى ئۇسلۇبتا تۈزگەن مەسەللىرىنى نەزمى ئۇسلۇبقا كەلتۈرۈپ، نەزمى شەكلىدە يازغان بولسا، نەسرى ھالەتكە كەلتۈرۈپ،ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرسا، بەزىلىرى خەلق ئىجات قىلغان تەييار مەسەللەرنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى ، بەزىلەر ھەتتا، باشقا مىللەت ، باشقا تىللاردىكى مەسەللەرنى تەرجىمە قىلىپ ياكى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ قايتا تۈزۈپ ، ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقتا ، بەزىلەرنىڭ ئىجات قىلغان ، رەتلىگەن مەسەللىرى ناھايىتى ئاددى، مەسەل خاراكتىرىنى ئالمىغان بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن مەسەل ژانىرىنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويماقتا. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش تولىمۇ نادانلىق بولىدۇ. بىز بۇ ساھەدىكى ناتوغرا كەيپىيات ۋە ئىللەتلەرنى ئەدەبىياتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، مەسەلچىلىكنى تېخىمۇ ساغلام راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم : بولۇپمۇ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك ئافاڭجېن بولۇپ يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، ئەجداتلىرىمىز بىزگە تەۋەرۈك قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېتىلدۈرگەن ئالىيجاناپ ئەخلاق،- پەزىلەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەت ، يامان ئەخلاق ، ئىستىللارنى تۈگىتىش جەھەتتە مەسەللەرنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز ، ئۇنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ توغرا چۈشۈنىشىمىز لازىم . جۈملىدىن ئىجتىمائى ھاياتتىكى ناتوغرا كەيپىيات ، ناچار ئەخلاق ، يامان ئىستىللارنى پاش قىلىدىغان، ياخشى خۇلق ، پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەيدىغان ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېقىل - پاراسىتىنى ، جۇشقۇن روھى - كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ، كىشىلەرنى سەممى ، توغرا ، ئادىل ، پىداكار ۋە باتۇر بولۇشقا ئۈندەيدىغان، مەزمۇنى چوڭقۇر ، تۇرمۇش چىنلىقى قويۇق بولغان ھەر خىل تىمىلاردىكى مەسەللەرنى كۆپلەپ ئىجات قىلىپ ھەم رەتلەپ ، تۈزۈپ ، ئۇنىڭ تەربىيەۋى رولىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز ، شۇ ئارقىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم .

# تۇمار

( ھېكايە )

ئەختەم ئۆمەر

ئەنۋەر بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىغىدا ئوقۇيدۇ. ئۇ 11 ياشقا كىرگەن بالا بولۇپ ، ئاق پىشماق، قارا كوز، يۇمۇلاق يۇزلۇك چىچەن بالا ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۇپ كوزى، چاقناپ تۇرغان سوزى ئادەمنىڭ مەسىلىگەنى كەلتۇرەتتى. ئىشقىلىپ، كەلگۇسىدە ئىبسىل يىگىت بولۇشىغا كوز يېتەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. بىراق، بىرلا قورقىتىدىغان يېرى بىرلا ئوغۇل بولۇپ قالغىنى. شۇڭا، ئانىسى ئىلىمسىدىكىلەر ئۇنى ئاسراپ باقاتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا ئاۋات بازىرىدىكى داڭلىق موللا كامىل قارىمغا 5 يۈەنلىك بىر ھېكمەتلىك تۇمار پۇتكۇزۇپ ئەكىلىپ بويىنىغا ئېسىپ قويىدى، تۇمار 3 بۇرجەك قىزىل دۇخاۋا قاپلىق بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق كورۇنەتتى. ئەنۋەر بۇنىڭدىن بەك مەمنۇن بولدى. چۇنكى، ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، « بۇ تۇمارنى بويىنىغا ئاسقان كىشىگە يامان كوز تەگمەيمىش، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىسسىق كوزىگە كورۇنۇپ ، كۇندىن - كۇنگە ئابرۇيى - ئىناۋىتى ئېشىپ ، تەلەيلىك بولۇپ كېتەرمىش ، باشقىلار «قەست» قىلسا ئوتمەسمىش، كوڭلىدە نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولارمىش» ئەنۋەر بۇلارنى ئويلىغىنىدا ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولدى. ئۇنىڭ ھېچ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۇيان ئورۇلۇپ - بۇيان ئورۇلۇپ تۇمارنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ باقتى، ئاخىرى يەنە ئويلاشقا باشلىدى:

«ئەتە سەھەر تۇرۇپ يۇزۇمنى يۇيايى - دە ، تامىقىمنى يەپلا، ياق ئەڭ ياخشىسى نانني ئالاي - دە ، سومكامنى ئېسىپ مەكتەپكە چاپاي...»

ئۇ، ئالدى بىلەن بويىنىدىكى سىرلىق نەرسىنى ساۋاقداشلىرىغا كورسىتىدۇ، ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سىرلىرىنى سوزلەپ بېرىدۇ. ساۋاقداشلىرى ئاغزىنى كاماردەك ئېچىشىپ قىزىقىپ ئۇنىڭغا قارىشىدۇ. بەلكىم، ھەسەتمۇ قىلىشار. «ھىم، ئۇنى ئايرىم ئېيتىش كېرەك، ئالدى بىلەن تاھىرغا، ياق، ئۇ مېنى ياراتمايدۇ . راستىن دولقۇنغا، ھىم، ئۇ جىدەلخور تارتىۋېلىشتىن يانمايدۇ. كورەشكە ئېيتايمۇ، ياق، ئۇ لەقۋا گېپىمنى چۇشەنمەيدۇ...»

ھە،راست - راست، توختا ، ئۇنتۇلۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. تاھىرغا كورسىتەي. ئۇ بۇ قېتىم چوقۇم ھەيران قالىدۇ. ئەگەر ياراتماي دىسە تۇمارىم بار ئەمەسمۇ؟ راست، دولقۇنمۇ

كورسۇن، ئەگەر بوزەك ئېتەي دىسە ... مانا مۇش ...

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، يۆتىنى يوتقانىغا ئۇزۇن سۇندى - دە، خىيال ئارىلاش ئۇيقىغا كەتتى.

× × ×

ئەنۋەر بۇگۈن سەھەر تۇردى - دە، يۈزىنى چالا - پۇلا يۇدى. ئۇنىڭ سەل - پەل بېلى ئاغرىپ تۇرسىمۇ، ئانچە پەرۋا قىلمايتتى. ئاخشامقى قارار تېخى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. شۇڭا ئۇ، تاماقنىمۇ يىمەستىن ياغلىق توقاچتىن بىرنى ئالدى - دە، ئۆيدىن پەم بىلەن چىقىپ، مەكتەپكە قاراپ چاپتى. يولدىكى ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىۋاتقاندەك ئىدى. "ھە، يۈگۈرمەسلىگىم كېرەك، ئەمدى تۇمارىم بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك خۇشپېئىل، مۇلايىم بولۇپ كەتمىسەمۇ بولىدۇ. ساۋاقداشلىرىم ئالدىمغا كەلسە كورۇشەي، بولمىسا بۇرۇنقىدەك قىزغىن بولۇپ كەتمىسەمۇ بولىدۇ. ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرگە قاتناشمىسامۇ ساۋاقداشلىرىم ۋەمۇئەللىمىنىڭ كوزىگە ئىسسىق كورۇنۇۋىرىمەن، شەرەپ تاختىسىغا چىقىۋىرىمەن." ئۇ شۇلارنى كوڭلىگە پۈكتى - دە، "بىلمىۋاتامەن" دىگەندەك قىلىپ، دىگىز ئارمىيىسىنىڭكىدەك ئالا مايكىسى ئۈستىدىن سىلاپ قويدى. ئالقىنىدىكى كىر ئارىلاش تەر كوينىگىگە يۇقۇپ كېتىۋىدى، خېلىلا خاپا بولدى. شۇ تەرىقىدە ئۇ سىنىپ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ، غالىپلارچە كېرىلگەن پېتى سىنىپقا كىردى.

—ئەنۋەر، ياخشىمۇ سەن؟ تاۋۇك يوقمۇنمە؟

— ئوي ئىچى، ئاتا - ئاناڭ ياخشى تۇرىدىمۇ؟

ئۆگىنىش قىلىۋاتقان 5 - 6 ساۋاقدىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىنلىق بىلەن كورۇشتى، ئۇ مەنسىتمەسلىك بىلەن سوغاقلا جاۋاپ بېرىپ، پارتىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەنۋەرنىڭ چىرايىنىڭ غەلىتىلىگىنى كورگەن ساۋاقداشلىرى بىر-بىرىگە ئەجەپلىنىپ قارىشىپ قويۇپ، جايلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى. "ھىم، دەسلەپكى سىناق ئوكۇشلۇق، قارا تېخى، ھەممىسى ئەيمىنىپ قارىشىۋاتىدۇ."

ئەنۋەرنىڭ تۇمار تۇغرۇلۇق سوزلىگەن "ھىكمەتلىك" ھىكايىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئىنژىنېر بولىدىغانلىغى ساۋاقداشلىرىنى خېلىلا زىلزىلىگە سالدى. ئۇلار، ئالدىدا كورەڭلەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سوزلەۋاتقان ساۋاقدىشىنىڭ كەلگۈسىدە ئىنژىنېر بولىدىغانلىغىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. دولقۇن بىلەن تاھىرمۇ خېلىلا تەپ تارتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر تېخىمۇ گىدىيىپ كەتتى. لېكىن، 5 — 6 كۈن ئوتە - ئوتمەيلا بۇ مۇئەللىمگە ئاڭلىنىپ قالدى. مۇئەللىم سىنىپ يىغىنىدا ئوقۇغۇچىلارغا، بولۇپمۇ ئەنۋەرگە تۇمار توغرىسىدىكى ئەپسانىغا ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا بىر مۇنچە ئەمەلى مىساللار كەلتۇرۇپ سوزلىدى. كەچتە مۇئەللىم ئەنۋەرنىڭ ئويىدە بولدى. ئۇ ئەنۋەرنىڭ تۇمار ئاسقاندىن كىيىنكى چېكىنىش ئەھۋالىنى ئاتا - ئانىسىغا دوكلات قىلىپ، ئۇلارغا تۇمار ۋە تۇمارنىڭ زىيىنى توغرىسىدا سوزلىدى. بىراق، ئەنۋەرنىڭ ئانىسى يەنىلا تۇماردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى.

ئاردىن 4 — 5 كۈن ئوتۇپ كەتتى - دە، ئەنۋەرنىڭ تۇماردىن رايى يېنىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ كوزىگە ئىسسىق كورۇنۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، چەتكە قېقىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. بالىلار قىزىق ئويۇنلارغا ئۇنى قوشمايتتى. ئۇ قوشۇلسا

(ئاخىرى 25 - بەتتە)

# شېئىرلار

تاھىر تالىپ

## يېشىل

يېشىلدۇر — مەن كۆلۈپ كوز ئاچقان ماكان،
يېشىلدۇر - ياشلىقنىڭ سىما - مودىلى.
يېشىلدۇر - گۈل بەرگى، يېشىلدۇر - ياپراق،
يېشىلدۇر - نىگارنىڭ كوينەك، رومىلى.

يېشىلغا كويىمەن يارغا كويگەندەك،
گۈللەرنى سۆيىمەن يارنى سۆيگەندەك.
ئۈنگەندە گەر يېشىل زېمىن ئۈستىدە
تىرەمگە پاتمايمەن نىگار كۈلگەندەك.

## رىشتە

ئاپىرىن، تەبىئەت! يارىمغا چاچنى
بويىدىن بىر گەزچە ئارتۇق بېرىپسەن.
ئاشۇ چاچ ئارقىلىق قەلب تورىغا
ئالەمچە مۇھەببەت - ئىشق تېرىپسەن.

بېلىقتەك ئويناپ چاچ يەرنى سىيپايدۇ،
ياق! يارنىڭ لىۋى بوپ يەرنى سۆيىدۇ.

ھەر تېلى گويا بىر كۆڭۈل رىشتىسى،
شۇڭا، يار قەلبىدە بىر ئوت كويىدۇ.

مەنمۇ شۇ سۈمبۈلنى كوزۈمگە سۈرسەم،
كوزۈملا ئەمەس ھەم يورۇيدۇ دىلىم.
قۇيۇلغاچ ئانا يەر مېھرى شۇ چاچتىن،
ۋاپانىڭ بابىدىندۇر توكەر تىلىم.

## خال ۋە ھال

خالىڭ - كوزدۇر ئالتۇن ئۈزۈككە،
ۋە يا ئايدۇر گۈزەل ئاخشامغا.
مېھرىڭ گۈلخان، لېكىن ئۆزەڭنى
ئوخشىتىسەن كىچىك بىر شامغا.

تىڭشىمەيمەن سېنى مەن شۇڭا،
ئالتۇن تاجلىق مىڭ خان قىزىغا
(تاج ئاستىدا خانتەڭرىدەك ھال)،
زەر ئۈزۈكمۇ ماڭغان ئىزىغا.

دېيمەنكى، خال - زىننەت، لېكىن، ھال -
گۈزەللىكنى قىلغۇسى پايمال.
شۇڭا، دائىم ھالى يوغاننى،
ئاشۇ ھالى قىلىدۇ مالال.

## ئاي ۋە ...

قارىدىم، سەن ماڭا نازلىق باققاندا،
قارىدىم، سەن ماڭا «ئوت»نى ياققاندا.
قارىدىم مەن يەنە ساڭا يېپىنشلاپ،
ئىككىمىز جۈپ بولۇپ چوڭ گۈل تاققاندا.

قارىدىم توك چىراق ئاستىدا ساڭا،
قارىدىم ئايدىڭدا سەيلە قىلغاندا.
قارىدىم مەن يەنە قارىلىق تۇتۇپ-
مەھمۇتنىڭ قەۋرىگە سەجدە قىلغاندا.

قارىدىم دالىدا ، ئۆيدە بازاردا ،
قارىدىم يالغۇز ھەم ئۇپچە قاتاردا.
سەن ھامان ھەممىدىن گۈزەل تۇراتتىڭ،
مەيلى قىش، مەيلى كۈز، مەيلى باھاردا.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

مانا مەن مەكتەپنىڭ ئالدىدا بۈگۈن ،
رىشاتكا ئارىلاپ قارىدىم ساڭا .
بىر توپ ياش بوغۇنلار ئارىسىدا سەن،
تېخىمۇ بەك گۈزەل كۆرۈندۈڭ ماڭا .

مەھبۇبەم، سەن گويا داغسىز تولۇن ئاي،
يۇلتۇزدۇر - چورەڭدە تۇرغان باللار .

تەلپۈنەر يۇلتۇزلار چىمىرلاپ ئايغا،
كوزلەرنى چاقىدۇ نۇرلار - شوللار .

ئەي گۈزەل مەھبۇبەم - ئاي مۇئەللىمە ؛
بىر ئوت بوپ كورۈندۈڭ كوزۈمگە يەنە.
"قىز ئوتى" قايتىدىن قاپسىدى مېنى ،
ئېتەلسام، "ساراڭ بوپ قالدىڭمۇ؟" دىمە.

× ×

باغۇنىم ، سېنىڭدىن تاپقاچقا پەرۋىش،
قىرىماس مۇھەببەت ، قىرىماس ئالەم .
سەن-ئوت - نۇر،سەن - شەبنەم، سەن- با-
ھار ، سەن - ياز ،
سەن بىلەن كۈچلىنەر ، نۇرلىنار ئادەم.

## ئورلە شەھىرىم!

شەھرىمىزدە ھەيۋەت بىنالار ،
بوي سوزماقتا كۆنسىرى كوككە .
كوڭلىمىزمۇ ئوسمەكتە شۇنداق ،
بەخت قۇشى قونماقتا بوككە .

كوزنەكلەردىن قارىساق ، ئويگە -
كوچىلاردىن بۇلۇتلار يېقىن.

خوشنا بولغاچ رەڭدار بۇلۇتلار،
تۇترۇق بولدى مەشلەرگە چېقىن.

هوسنى ئىقلىم شاھى - ئاي بىلەن .
ئولتۇرىمىز مانا يانمۇ - يان .
نۇر چەشمىسى كوپەيگەچ كوكتە ،
قات - قات ئۇرغا چومدى يۇرت -ماكان.

## ئەينەك

گاھى بۈنى ، گاھ ئۇنى كىيىپ ،
ئاۋارىسەن ئەينەك ئالدىدا.
چاچلىرىڭنىڭ تەنتەكلىگىدىن،
جىلى بولدۇڭ خېلى بىر ھازا.

كوپ ئالماشتى بوياقلار ، مايلار ،
ھېچ بىرخېلى دىلىڭغا ياقماي.
سەن ھومايدىك ئەينەككە ھەتتا ،
غەزەپىڭدىن قىنىڭغا پاتماي.

جىلى بولما ، ئالدايدۇ سېنى.
ئالدىڭدىكى ئاشۇ تاش ئەينەك .
راست گۈزەلمۇ ۋە ياسەتمۇ سەن،
مۇمكىن ئەمەس ئۇنىڭدىن كورمەك.

"ئەل نەزىرى - خىزىر نەزىرى" -
دىگەن گەپ بار تارىخىمىزدا .
ئاشۇ نەزەر ئەڭ ياخشى ئەينەك ،
ئۇندا زاھىر ھەممىسى لىللا.

# ئىككى غەزەل

ئەمەتجان قەييۇم

## ئېيتەمىز

سەن بولۇپ ئەمگەكچى ئەھلى بەختىگە بەركەت ئېيتىمىز.
قەدرىنى تاپتى سىنىگدە ئۇشبۇ كۈن مىھنەت، ئېيتىمىز.

مەھلىيا قىلدى كوڭۇلنى سەندىكى دەملەر ـ ۋاقىت،
كويگۈچى دىللارغا سەن بولدۇڭ بۇلاق ـ شەرۋەت، ئېيتىمىز.

يىلمۇ ـ يىل بولدىڭ ھوسۇلدار ىىغمىغاي تەرىپ ساڭا.
كوكرۇگۇڭ مەسئۇلىيەتتىن قۇچتى گۈل ـ زىننەت، ئېيتىمىز.

ياڭرىدى زۇمرەت كوكۇڭدە مەئىشەتىڭنىڭ ناخشىسى،
سەن بىلەن ئەلگە توكۇلدى بىھىساپ نىمەت، ئېيتىمىز.

شۇ گۈزەل گۈلشەن ئارا ئىشلەڭ راسا دىخانلىرىم،
پارتىيە كورسەتمىسى گۈللىنىش يولى ـ نۇسرەت، ئېيتىمىز.

## ئاق توقاچ

تۇرسەن گۈلدەك كۈلۈپ كەڭ داستىخاندا ئاق توقاچ،
باقىمەن ھەر چاغ ساڭا بىر ئىشتىياقتا ئاق توقاچ.

مەن ئەمەس، بارلىق كوڭۇل مۇلكىدە قەدرىڭ بىباھا،
بىباھادۇر ھورمىتى دىخان ئاتامغا، ئاق توقاچ.

ياندىشىپ كەلدى قاتارى توقچۇلۇق بەركەت يىلى،
شاھىدى شول دەستە ـ دەستە ھەرماكاندا ئاق توقاچ

ئورگۈلەي، مىڭ ئورگۈلەي ئەمگەكچى ئەلنىڭ بەختىدىن،
ھەممە ئەيتۇر رەخمەتىن بۇ/ھور زامانغا، ئاق توقاچ.

# خەلق سەنئەتكارى روزەك باشىنى ئەسلىگەندە

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىدا پارلاق، ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بەلگىلىك توھپىلەرنى قوشقان.

بۇ مەدەنىي مىراسلار ھازىرقى كۈنگىچە قەدەر تۈگىمەس خەزىنە بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. جۈملىدىن 12 مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسى بولۇپ ئۇ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان جانلىق مۇزىكا بايلىقى.

12 مۇقام، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇزىكا شەكلىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ ئەمەلىي ھاياتتا كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان سان - ساناقسىز داستانلار ۋە خەلق ناخشىلىرى، مۇقام مۇزىكىلىرىغا سىڭىپ چېلىنىپ كېلىۋاتماقتا.

قەشقەر ھېيتكا جامە پەشتىقىدا ھەر يىلى بىر قانچە قېتىملاپ چېلىنىۋاتقان ناغرا بىلەن سۇناي مۇزىكىچىلىقىمۇ ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىچىلىقى ئەنئەنىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر، ئۇنى باشقا مۇزىكا ئەسۋاپلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇقاملارنىڭ ساقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ناغرا بىلەن سۇناي، قالغان چالغۇ قوراللىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

قەشقەردە ئۆتكەن ناغرا چېلىش ئۇستىسى روزەك باشى بىلەن ئەمەت ئاكام سۇنايچى ئەنە شۇ رولچىلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چالغان پەدىلىرىمۇ 12 مۇقام تېكىستلىرى ئاساسىدا رەتلەنگەن بولۇپ بۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك، ناغرا بىلەن سۇنايدا چېلىنغان پەدىلەر 12 مۇقام ئاھاڭلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ - دە، خۇشاللىق، تەنتەنە، ئۈمىت - ئارزۇ، دەرت - ھەسرەتلەر پۈتۈن كۆيىدە نامايىش قىلدۇرۇلىدۇ.

نۆۋەتتە بىز كۈيچىلەردىن ناغرا ئۇستىسى روزەك باشىنى تونۇشتۇرىمىز:

1

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ ۋارىسى ۋە ئۇيغۇر مىللىي سەنئەتكارلىرىدىن بىرى بولغان روزىكام 1872 - يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن دادىسى ئۇنى قەشقەر شەھەرىگە ئەكېلىش بىلەن بۇ يەردە يەرلىشىپ قالغان ئىدى.

روزىكام گەرچە ساۋاتسىز ئائىلىدە ئۆسكەن ۋە ساۋاتسىز ھالدا چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى زېرەكلىك ۋە تالانتلىق قابىلىيەت ئۇنى ساۋاتسىز ھالدا قالاق قويمىدى، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زاتىدىكى چىچەنلىك، پىشىقلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئادىتى، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاقىي خۇسۇسىيىتى ئۇنى ئۆستۈرگەنلىكتىن ئىدى، ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇيغۇ

بىلەن چوڭ بولدى - دە، ياشىغان مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى ئۇنى ئىنسانپەرۋەر قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئادىمىگەرچىلىك ئەخلاقى ، يېتىم - غېرىپلارغا قىلىپ كەلگەن خەيرى - ساخاۋىتى ، زوراۋانلاردىن قورقماس يۈرىكى ، ۋەتىنىنى سۆيۈش روھى ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە چوڭقۇر جەلپ قىلىدىغان ناخشا ۋە مۇزىكىلىرى ...... ئەنە ئۇنىڭدىكى يۈكسەك پەزىلەتلەرنىڭ نەمۇنىلىرىدىندۇر .

جاراڭلايدۇ جۇپ ناغرا، روزىكامنىڭ قولىدا،
چىن دىل بىلەن ئىشلىگەچ ئۇ، ۋەتەننىڭ يولىدا.

ناغرا چالسا ، ئاسماندا گۈمبۈرلەيدۇ ئاۋازى ،
تەڭكەش بولۇپ ئۇرلەيدۇ - ساماچىلار پەرۋازى .

روزىكام ئۆزى ئۇستا ، بوم راۋابى سايرايدۇ
ئوقۇغاندا ناخشىنى ھەممە زوقتا ئاڭلايدۇ

بۇ مىسرالار روزىكامنىڭ ھەققىدە ئەينى چاغدا ئېيتىلغان قوشاقلار بولۇپ ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىزدىنىپ ، جاپا چېكىپ ، ساپ قان تەرلىرىنى سەرپ ئېتىپ بۇ ساھەدە پايدىلىق روللارنى ئوينىغانلىقىنىڭ ئېنىق گۇۋاھچىسىدۇر .

2

ئۇنىڭ دادىسى زاھىت ئاكا ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى قىسمى ھېيتكا مەيدانىنىڭ شىمالى بېقىنىغا جايلاشقان ( سابىق ) ئوتەك بازىرىنىڭ جىسەكچىلىك خىزمىتىنى بېجىرىدىغان ئادەم بولۇپ قوشۇمچە سەۋزە - چامغۇر ساتىدىغان تىجارىتىمۇ بار ئىدى .

ئۇ ، خىزمەت داۋامىدا ھەر بىر كېچىنى سەگەك ھالدا ئۆتكۈزۈپ مەسئۇلىيىتىدىكى رەستىنىڭ ئامانلىغى ۋە خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئويغاق ئولتۇراتتى - دە ، كىچىك ئوغلى روزى ئاخۇننى ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋالاتتى. روزى ئاخۇنمۇ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ، ئەچ پۇشقىنى يوقۇ - تۇش ئۈچۈن راۋاپ چېلىشقا ئادەتلەندى - دە، بۇ شۇنىڭغا قاتتىق بېرىلدى.

كېچىنىڭ تىپ - تىچ شارائىتى ، ھەر خىل توسقۇنلۇقلارنىڭ ھالاقەتسىزلىكى ئۇنىڭ راۋاپ چېلىش سەنئىتىنى ئىگەللىشىگە ئىمكان بەرگەچ ، ئۇستا راۋاپچى بولۇپ يېتىشتى. بولۇپمۇ كە - چىكىدىنلا مۇقام ئۇقۇتقا ئىشتىياقمەن بولۇشى ئۇنىڭ 12 مۇقامنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، جامائەتچىلىككە تونۇلدى ، بەيۋەچچىلەرنىڭ سورۇنلىرىدىن ھەم ئورۇن ئالدى. بايۋەچچىلەر ئۇنىڭ « ۋاڭ بەگنىڭ قىزى » « كېلىنىڭ مەشۇقۇم دەيدۇ » ... دېگەن غەزەللىرىنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى ، سولۇپمۇ « قۇمرى » دېگەن غەزەلنى كىشىلەرگە ھاياجان سالاتتى .

بىر كېچە ئويغاق ئىدىم،ۋاقتى سەھەر
كەلدى سايراپ قاشمە بىر جانىۋار
كىم؟ دېسەم،قۇمرى!-دېدى مەن بى خەۋەر

قۇمرى سايراپ ئەيتىدۇ يا دوستى ھو! يا دوستى ھو !!

دوستلىرىم! قۇمرى ئەجەپ ئاگاھدۇر!
قۇمرىنىڭ ئېيتقان سوزى ئاللاھدۇر!
بارچە قۇشلار بەندىدۇر ، ئۇل شاھدۇر!

قۇمرى يايراپ ئەيتىدۇ يا دوستى ھو! يا دوستى ھو!!!

دوستلىرىم قۇمرىگە مەن ئاشىق ئوزۇم
شۇ سەۋەپتىن يىغلىغان قارا كوزۇم
بارچىگە پەندى- نەسىھەتتۇر سوزۇم!

قۇمرى يىغلاپ ئەيتىدۇ يا دوستى ھو! يا دوستى ھو !!!
..................................................

قۇمرى ئەرەپچىدە پاختەك دېگەن قۇشنىڭ نامى بولۇپ قەشقەردە " قەشقەر پاختىكى » دەپ ئاتايدۇ .

شائىرلارنىڭ "قۇمرى قىلىپ گۇ - گۇ ...... » دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى ئەنە شۇ قەشقەر پاختىكىگە قارىتىلغان.راستىنلا ئۇنىڭ سېمىز ۋە يوغان كەلگەن گەۋدىسى، كۆلرەڭ كەلگەن سىياقى، ساددا كەلگەن خۇلىق ۋە مىجەزى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بوينىدىكى ئۈيۈل مارجان تىزىقلىرى ئىسىلغاندەك سىزىق تارتىلغان تەبىئى ئۈزۈنچاق قارا خالى ...... ئۇنىڭغا بىر تۈرلۈك ھوسنى بەرگەن بولۇپ ئارىلاپ - ئارىلاپ گۇ -گۇ - گۇك دەپ سوزاپ ئۇنلۇك سايراشلىرى ئۇنى جەنۇپنىڭ بېغىنىڭ بۇلبۇلى دېگۈزگەن ئىدى. ئەپسۇسكى"توت زىيانداشنى يوقىتىش جېڭى"شۇنىڭدەك مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ بورانلىرى ئۇنىڭ نەسلىنى قەشقەر شەھرىدىن قۇرۇتىۋەتتى.

× × ×

روزىكام ، پاكىزە تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ،دائىم پاكىزە يۇرۇشنى خالىغاچقا، ئاق چوتا

(سىلىقلانغان ماتا) ياكى ئاق خاسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن ۋە ئالدى ئوچۇق كوينەكنىڭ ياقىسىنىمۇ كىر قىلماي، قىزىل چەكمەندىن تىكىلگەن ئۇزۇن تونلىرىغا چەل تەككۈزمەي، چىلگىدەك سەللىنى بېشىغا يوگەپ چىرايلىق مەيسە كىيىنىپ، كوركەم ياسىنىپ يۈرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ، گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ، ئوزىدىن چوڭ ۋە ئوزىدىن كەچىك بولغان كىشىلەرنى غوجام ۋە ئوزلىرى ...... دەپ ئاتاپ كىشىلىكنىڭ ھورمىتىنى ئوبدان قىلاتتى. لېكىن بايۋەچچە ۋە بەگزادە ئاتالغان گىدەيگۈلەرگە بوزەك بولمايتتى، - دە، پەيتى كەلگەندە ئۇلارنى غوجام ھەزىلەك جاناپلىرى ! ...... دەپ ئاتاپ كەپتە ھەرگىزمۇ ئوتتۇرمايتتى ۋە ئۇلارنى خۇشخۇيلۇق ئىستىھزا بىلەن ئەدەپلەيتتى. شۇنىڭدەك كەم سوزلۇك تەبىئىتىگە زىت ھالدا تويلاردا، كاتتىلار ئولتۇرۇشلىرىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ راۋاپ چېلىپ بېرىپ، " يەك نەپەس ھوزوردىل، دولىتى سۇلەيمانى ئەھلى بەزمىنىڭ ئومرى ھەر نەپەستە يۈزمىڭ يىل!»نى ئالغا سۈرگەن ھالدا بەزمە ئەھلىنىڭ كوڭلىنى خوشاللىقا چۈمدۈرەتتى.

3

روزىكام چوڭ بولغان كۈنلەردە ئېلىخان دوقا دىگەن بىر ئۇستا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ مەشھۇر ناغرا چېلىش ئۇستىسى ئىدى. ئۇ ناغرا سەنئىتىدە ماھىر بولۇپ 12 مۇقامنى ياخشى بىلەتتىۋە ناغرىنى شۇ ئاساستا چالاتتى، بۇ ئۇستا، روزىكامنى شاگىرتلىققا ئېلىپ ھۈنىرىنى ئۈگەتتى، روزى ئاخۇنمۇ بىر مەزگىل ياردەمچى ناغرا بولغان دۇم ( بوم ئاۋازلىق ) ناغرىچىلىق خىزمىتىنى ئوتىدى ( دۇم ناغرا چېلىش سەنئىتىمۇ ئالاھىدە ئۇستىلىقنى تەلەپ قىلاتتى ) ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىگىدە بارلىق ئۇسلۇپلارنى ياخشى ئۈگەندى ۋە بارلىق قائىدىلىرىنى ئىگەللىدى.

ئاز ئوتمەي ئېلىخان ۋاپات بولدى - دە، ئۇنىڭ ناغرا چېلىش ئىشى روزاخۇنغا قالدى. ئۇ، قەشقەر بويىچە ئۇستا سۇنايچى ئەمەت ئاكام بىلەن جۈر بولدى، بۇ ئىككى ماھىر سەنئەتكار پەرلەشكەن ئىدى.

ئەمەت ئاكام سۇنايچى بورىختاي ( ھازىرقى بۇلاقسۇ) لىق بولۇپ بۇ ھۈنەرنى ئۇ، خوتەندە تۇرغان بىر ئۇستىدىن ئۈگەنگەن، بارلىق قائىدىلىرىنى دىگىدەك ئىگەللىگەن داڭلىق بىر سۇنايچى بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ چالغان سۇنىيى راستىنلا مۇڭلۇق ئىدى - دە، ھەر يىلدا كىلىدىغان 30 كۈنلۈك رامىزاننىڭ ھەممە كېچىسى سەرھورلىق ( سەھەرلىك يىمەك ) كە كىشىلەرنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن سۇناينى ئاغزىغا سالغان ھامان، پەشتاقنىڭ ئالدىنىشەب (كېچىلىك) بازارچىلارنىڭ توپى ئوراپ ئالاتتى - دە، ئوي - ئويلەردىن كىشىلەرمۇ شىرىن ئۇيقىلىرىنى تاشلاپ ھېيتگا مەيدانىغا يىغىلاتتى.

---

( بېيىتنىڭ مەزمۇنى : ھوزورىدىل - ئازادىلىك بىلەن بىر تىنىقنى تىنماق، سۇلايمان پادىشاھنىڭ كوركەن دولىتى بىلەن باراۋەردۇر ئەھلى بەزمىنىڭ ئومرىدىكى ھەر بىر تىنىقى، يۈزمىڭ يىل بىلەن باراۋەردۇر)

روزىكامىمۇ، ئەمەت ئاكامىنىڭ چالغان يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق سادالىرى بىلەن مەست بولغان ھالدا پەشتاقنىڭ ئۇڭ چېكىسىگە جايلاشقان ئورنىدا چىرايلىق يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاجايىپ سىپايىلىق بىلەن ناغرا چوكىسىنى ھەركەتكە سېلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى جەۋلانغا كەلتۈرەتتى. ھاياجانلانغان كىشىلەرنى ئىختىيارىدىن كەتكۈزەتتى - دە، ئوتتۇرىغا چۈشۈرۈپ ساما مەيدانىدا رەقس قىلدۇراتتى. كىچىك - كىچىك پانۇسلارنىڭ پىلىدۇرلىغۇچ يورۇغى گازىۋاي لامپىلارنىڭمەشئەلىنىڭ نۇرى بىلەن يورىغان مەيدان، تاماشاچىلار بىلەن زىننەتلەنگەن بولاتتى.

× × ×

ھېيتكا جامە خەلقنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەددىمقى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ مەدەنىيەت گۇۋاچىسى سۈپىتىدە قەد كۆتىرىپ كېلىۋاتقاچقا، روزىكامىمۇ ھەر يىلدىكى روزى ھېيتنىڭ 3 كۈنلۈكى، قۇربان ھېيتنىڭ 3 كۈنلۈك مەزگىللىرىدىمۇ، بۇ جامەنىڭ ئالدىدىكى بوي سوزۇپ تۇرغان ئېگىز پەشتاقنىڭ تۆرىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ياردەمچىسى جامال بىلەن بىرلىكتە ناغرىنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك چالاتتى - دە، قەشقەر شەھرىنى ھاياجانغا كەلتۈرەتتى. ئەمەت ئاكام سۇنايچى ھەم ئاخىرقى ھاياتىدا كوز نۇرىنى يوقىتىپ ئەما بولغان كۈنلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ يېتەكلەپ مېڭىشى بىلەن ھەتتا رامىزاننىڭ كېچىلىرىدىمۇ 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەشتاقنىڭ يىلان باغرى ئەگرى يوللىرىدىن تىمىسقىلاپ مېڭىپ چىقىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىپ باراتتى - دە، روزىكام بىلەن بىرلىكتە 2 ھېيت كۈنلىرىدىمۇ ھېيتگاھ سەھنىسىگە يىغىلغان نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر، ئەتراپ سارايلاردىكى چايخانىلارغا تولاشقان شۇنىڭدەك پەشتاق ۋە مۇنارلارغا قارا قاغىدەك قونۇۋېلىپ ئولتۇرىدىغان ياش - ئۆسمۈر تاماشاچىلەرنى چالغان پەيزىلىك سۇناي - ناغرىلار بىلەن مەستى - مۇستەغرەق قىلغان ھالدا، ھېيتلەرنى كۆڭۈللۈك ئوتكۈزۈشكە تۈرتكە بولاتتى. تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ ئاسارەت ۋە ئوقۇبەتلىك ھالدا ياشىشىپ كەلگەنلىكى بىلەن باراۋار ئۇنىڭ ئۇچراتقان خارلىنىش، ھاقارەتلىنىش قاتارلىق ئەپۇسلۇقلارغا قارشى خوشاللىق يارىتىپ بېرىدىغان بۇ ھېيت تەنتەنىسىنىڭ شادىيانىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بۇ خەلق سەنئەتكارلىرىگە زوق بىلەن قارىماي قالمايتتى.

4

روزىكام يالغۇز ساز سەنئەتكارى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى خەلقنى سۆيىدىغان، يۇرتىنى سۆيىدىغان بىر خەلقچىل كىشى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىن تارتىپ يېتىم - يوقسۇللارنى ئۆز قانىتىغا ئېلىشى، توپىلاڭ كۈنلەردە كىشىلەرگە پانالىق بولۇشى، زوراۋانلىقلارغا قارشى كۆرەش قىلىشى ... ئەنە شۇ خىسلەتلەرنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولۇپ ئۇ، بۇ يولدا جاپالارنىمۇ تارتماي قالمىغان ئىدى. روزىكام ئۆزى توۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولغانلىقتىن ئۆزىگە

ئوخشىغان يوقسۇللارنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ھاياتى، يۇرتىمىزدا ئەۋج ئالغان گۇلەخ ـ گۇلخى غېرىپ كېپەن ئاتالغان كەمبەغەللەرنىڭ ھاياتى بىلەن ھەمنەپەس ئۆتكەنلىكتىن بولۇپمۇ "يېتىمەك" ئاتالغان ئۆز تەڭداشلىرىغا تولىمۇ كويۇمچان ئىدى.

دادىسىنىڭ خىزمىتى ۋە ياشاش دائىرىسى شەھەر ئىچىدىكى 2 ھاممامنىڭ بىرى بولغان كىچىك ھاممامنىڭ ئالدىغا جايلاشقانلىقتىن ئۇنىڭ دىققەت ـ نەزىرى ئەنە شۇ ھاممامنىڭ ئوت قالايدىغان ئورنى بولغان گۇلەختە، قىش كۈنلىرى جان ساقلايدىغان يېتىمەك گۇلەخلەر بىلەن بەنت ئىدى، ئۇلار قىشنىڭ ئۇزۇن ۋە دەھشەتلىك تۈنلىرىدە مۇزلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈلگە بۇلغىنىپ يېتىپ، كويۇپ قالماي ساق چىققانلىرى ئالەمگە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا مۇبارىزىسى ھايات ( ھايات ئۈچۈن كۈرەش ) ئۈچۈن ئۈست باشلىرىدىكى كۈلنىڭ يېپىشقاق توزۇندىلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ـ قېقىشتۇرمايلا گۇلەختىن تاشقىرى چىقاتتى ـ دە، يۈز ـ كۆز، باش ـ بويۇن، قول ـ پۇتلىرىنىڭ قاپقارا ۋە كۆپكۆك رەڭدىكى كۈلنىڭ بويىشى بىلەن " ئىسسىق ماكان " ئاتالغان گۇلەختىن چىقىشىغا تەككەن ئەتىگەننىڭ سوغاق شامىلى ئۇنى تۈگدۈرۈپ، كىيىنگەن يىلىڭ كىيىملىرى، ئۇنىڭ يوكۈلگەن چاكلىرى، يىرتىلغان يىرتىقلىرىدىن غۇرۇلداپ كىرگەن سوغاق بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لاغىلداشقا باشلايتتى، يۈز ـ قول ـ پۇتلار كۆپ ـ كۆككە ئايلانغانلىقتىن سىياقى باشقىچە تۈسگە كىرەتتى.

مۇنداغ چاغلاردا روزىكام ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، كۈندۈزلىرى تېرىپ قويغان چاۋالىرى، پارچە ـ پۇرات ئوتۇنلىرى بىلەن ئوت يېقىپ غولا سېلىپ بېرەتتى، بۇنىڭ بىلەن يېتىمچىلەر چورىدەپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنىپ ئالاتتى ـ دە، " قومغان " ئاتالغان قوم چوگۈنىدىن قايناتقان قايناقسۇ بىلەن ئىسسىغلىق ئىچىۋالاتتى، بۇنىڭ بىلەن بىر ئاز ماغدۇرغا كىرگەن يېتىمچىلەر ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىگىدە، قوللىرى ياتلارنىڭ ئېتىگىدە " خەير " تىلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

يېتىمەلەرگە تاملىنغان بۇ غەمخورلۇقتىن غېرىپ ـ يوقسۇللار خوشاللىق ۋە مەمنۇنىيەتلىرىنى سولغان چىرايلىرىدىكى يېقىملىق تەبەسسۇملىرى بىلەن بىلدۈرۈشكەن بولسا، روزىكاممۇ، ئۇلارغا تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئازغىنا ئاسايىشلىقىدىن خوشال بولاتتى.

لېكىن گۇلەختە ئىسسىنىش جەريانلىرىدا ئۆزلىرىنى كويدۇرۇپ ئالغانلارنى كۆرگەندە تولىمۇ ئېچىنىپ، ئۇنىڭ ئىگىسىزلىكى، داۋالاشتىكى قىيىنچىلىقى ئۈچۈن قاراپ تۇرالمايتتى ـ دە، تونۇش ـ بىلىش ۋە ئەتراپىدىكى كاسىپ، تىجارەتچى رەھىم ئىگىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئۇلاردىن شەپقەت پۇلى ئېلىپ بېرەتتى.

روزىكامنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى 1934 ـ يىلى 6 ـ فېۋرالدىكى " قەشقەر قەتلى ئام پاجىئەسى " كۈنلىرىدە يەنە بىر قېتىم نامايان بولغان ئىدىكى، ئۇ باندىتلار قولىدىن بىر قانچە ھاياتنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. ماجوڭيىڭنىڭ كاللا كەسەرلىرىدىن بولغان قانخور مافۇيوەن ۋە ماجەنساڭلارنىڭ ۋەھشىلىرى قەشقەر شەھىرىنى قىرغىن قىلغان كۈنى بىر قانچىلىغان كىشىلەر ھېيتگاھ جامەسى ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالغان ئىدى. بۇلارنى روزىكام ئۆز ھاياتىنىڭ تەھلىكىسىگە قارىماي، ئۆزى يېتىپ ـ قوپىدىغان ھوجرىغا، شۇنىڭدەك يوشۇرۇشقا ئىمكان بولغان يوچۇقلارغا

يوشۇرۇپ ئۇلارنى قاراقچىلار قولىدا ئولتۇرۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى .

روزىكام يالغۇز بۇلارنى ئاسراپ قالدىلا ئەمەس ، بەلكى مەسچىتنىڭ ئىپتىخارىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ كۈرەشكەن ئىدى . 1934 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كوپلەپ قېچىپ كېلىشكە باشلىغان ماجۇڭيىڭنىڭ قاچقۇنلىرىنى ھېيتكا ئەتراپلىرىغىمۇ ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن ئۇلار ئاتلىرىنى جامە ئىچىگە سولاشقان ئىدى . ئاتلار دەرەخلەرگە باغلانغانلىقتىن غاجىلاپ ۋەيران قىلدى ، سىيىپ ، تىزەكلەپ پاسكىنا قىلىۋەتتى ، ئەسكەرلەر ئېرىقلىرىدا كىر يۇيدى ......

روزىكام بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدى ، ئۇلارغا نارازىلىق بايان قىلدى :

— سىلەر تۇڭگان - مۇسۇلمان ! مەسچىت جامە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ئورنى ۋە مۇقەددەس جايى! مۇنداغ ئۇلۇغ جاينى مۇسۇلمان نامىنى ئالغان كىشىلەرنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىشى ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق...دېدى. لېكىن ئۇلار ھامان ۋەھشىلىكىنى قىلدى-دە، روزىكامنى تۇتۇپ باغلىدى، بىزلەرگە قارشى چىققۇچى-"زىۋازا"دېگەن قالپاقنى كەيدۈرۈپ تاياققا باستى،2 كۈنگىچە دەرەخكە باغلاپ ئاچقويدى .بۇ ۋەھشىيانە ئازاپ ئۇنىڭ روھىنى سۇندۇرالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ يەتكۈزگەن ئەلىمى ئۇنى كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى -دە ، قانچە داۋالانغان بولسىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى .

ئەنە شۇ كېسەللىك بىر نەچچە يىللاپ داۋام ئېتىش بىلەن يۈرەككە تەسىر كۆرسىتىپ، 1942 - يىلى يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ ۋاپات بولۇپ كەتتى .

× × ×

روزىكام ئوزىنىڭ سەنئەت ئۇستىلىقى بىلەن قەشقەردە ئۇستا تېخنىكا ئىگىسى دېگەن مەنادىكى " باشى " دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئوزىنىڭ 30— 40 يىللىق ئومرىنى ئەنە شۇ يولدا سەرپ قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ بۇ ناغرا چېلىشنى خەلقىنىڭ خىزمىتى دەپ تونۇغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئونىڭ بۇ يولدا چەككەن رىيازىتىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەپ خەلقنى خوش قىلادى. ھاياتىدىن كېيىنكى كۈنلەرنىمۇ ئويلىغان ھالدا شاگىرتى مودىنخاننى شۇنىڭدەك ئوزىنىڭ ئاكىسى توختاخۇننىڭ ئوغلى ياقۇپ ئاخۇن قاتارلىق ئىز باسارلارنى تەربىيىلىدى .

روزىكام گەرچە مۇندىن 40 يىللار ئىلگىرى ئالەمدىن ئوتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى ئۇنىڭ ئولمەس روھىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى .

ئۇلار ھەر بىر ھېيت كۈنلىرى - مۇسۇلمانلارنىڭ خوشاللىق كۈنى بولغان بۇ كۈنلەردە ناغرا چالدۇ، ئالەمنى خوشاللىق تەنتەنىلىرىگە چۈمدۈردۇ. ...بۇلارنىڭ چالغان ناغرىسىنى ئاڭلاپ كىشىلەر روزىكامنى ئەسلەيدۇ ، دۇئالىرىدا يات ئېتىدۇ ......

بىر زامانلار مەشئۇم " توت كىشىلىك گۇرۇھ " ۋە ئۇنىڭ گىزەندىلىرى ئەسىرلەردىن بىرى داۋام ئېتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بۇ خوشاللىق كۈنلىرىمىزنى"كونىلىق"، "فېئودالىزىمنىڭ قالدۇقلىرى"، "سېرىق ھەركەت " ... ... قاتارلىق بەدناملار بىلەن قاغىدى ۋە بىر مەزگىل بۇ ئىشلارغا يول بەرمىدى .

خۇددى شۇ كۈنلەردە جاھاننى مۇسىبەت قاپلىغان ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى پەرىشانلىق ئالودە قىلـغان ، ياكى ئاسماندىن غەم بىلەن قايغۇدىن ئىبارەت قارا بۇلۇتلار يېغىپ كىشىلەرنىڭ نەپەسىنى بوغۇپ قويغاندەك ئەھۋاللار بارلىققا كەلگەن ئىدى.

خەلقىمىزنىڭ بەختىگە ئۇ گىمزەندىلەر يوقىلىپ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەر بىر ھېيتلاردا ئېگىز پەشتاقتا ناغرىلار گۈمبۈرلەپ چېلىنماقتا ، سۇنايىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىماقتا ، پەشتاق ۋە مۇنارىلەر تاماشىچىلار بىلەن تولماقتا . ھېيتكار سەھنىسى ساماچىلارنىڭ نەشئىلىرى بىلەن تو - لۇپ ھەممە ئادەمنىڭ چېھرىسى خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ شەھەرنىڭ قىياپىتىنى خۇشلۇق قاپلىدى .

بولۇپمۇ بۇ يىلقى ھېيت، ئاجايىپ تەنتەنىلەر بىلەن ئۆتتى، كىشىلەردىكى شاتلىق ھەسسىلەپ ئۆستى . مەن شۇنى كۆرگەندە روزىكامنى ئەسلىدىم . كاشكى بۇ گۈزەل كۈندە ئۇ ھايات بولغاندا ئىدى، ئىزدىگەن خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ خىل خۇشاللىقلىرىنى كۆرۈپ، يۈرـىكى قانچىلىك خۇشاللىقلارغا تولغان بولاتتى ۋە سەنئەتتىكى قانچىلىك ماھارەتلىرىنى يېڭىلاپ كۆرسەتكەن بولاتتى ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭلىرىنى ئۈن ئالغۇلارغا ئېلىۋالغان بولاتتى...

ئىخ ! بۈگۈن ئۇ ئارىمىزدا يوق ، پەقەت ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى داـۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ياخشى كۈنلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ روھىنى تىنجىتـماقتا ...مەن ھەم ئۇنىڭ سەنئەت گۇۋاچىلىرىدىن بىرى بولغىنىم ھالدا ئۇنى يادلاۋاتىمەنكى، بۈگۈنكى خاتىرەمۇ ئەنە شۇ ئەسلەش دۇئالىرىمنىڭ بىر بولىكىدۇر.

---

(بېشى 114- بەتتە)

مازاق قىلىنىپ چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولاتتى. مانا ئەندى ئەنۋەر مەكتەپتىن قايتىپ بېرىپلا تۇمارىنى ئانىسىغا تاشلاپ بېرىپ، "ئاسمايمەن" دەپ تۇرۇۋالدى . ئانىسى بىر ھازا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، "مۇشۇ قېتىملىق باسقۇچلۇق ئىمتىھانىدا 100 نومۇر ئېلىپ ئەلاچى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكمەن، ئەگەر چاتاق چىقسا كويدۇرۇۋېتىمەن" دېدى. بۇ ئۇنىڭ ھەم ئانىسىغا ھەم تۇمارغا قىلغان جاكاسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر ھېچ تەييارلىقسىزلا ئىمتىھان بەردى. بەرگەندىمۇ كۆڭلى غەش ھالدا تۈزۈك جاۋاپ بېرەلمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ئۈمىدى يەنىلا تۇمارغا باغلانغان ئىدى.

بۈگۈنكى كەچلىك يىغىندا ساۋاقداشلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى.

ئەلاچى، ياخشى، ئوتتىلار ئېلان قىلىنىپ بولدى، بىراق، ئەنۋەرنىڭ ئىسمى تېخىچىلا يوق ئىدى. "قەغەزنى كۆرمەي قالدىمىكىن؟" ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەرخىل گۇمان پىقىرايتتى.

— ئەنۋەر مەھەممەت لاياقەتسىز.

ئەنۋەرنىڭ بېشىدە چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئەلاچى ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى- دە، تۇمارنىڭ يىپىنى زەردە بىلەن ئۈزۈپ، غەزەپ بىلەن يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ ئىچىنىش ھەم پۇشايمان ئىچىدىكى زىل يىغا ئاۋازى بىردىنلا كوتۇرۇلگەن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە غايىپ بولدى.

# خەلقىمگە

مەمتىمىن ئەخەت

مەن سېنى كۈيلەيمەن سۆيۈملۈك خەلقىم ،
سۆيگۈدە ئالەمچە ئۇلۇغلىغىڭنى .
كۈيلەيمەن بىر ئۆمۈر ئوتلۇق ناخشىدا،
قۇياشتەك مۇقەددەس يورۇقلىغىڭنى .
سەن دانا، مېھرىۋان ئانىجان ماڭا،
سۈت بەرگەن، قۇۋۋەت بەرگەن جانىجان ماڭا.

سەن بەرگەن مۇھەببەت تەپتىدىن خەلقىم ،
ئوت ئالار يۈرۈگۈم، ھەر بىر ھۈجەيرەم.
مەن ئۈچۈن ئىپتىخار، مەن ئۈچۈن بەخت،
سەن پەقەت ئاتىساڭ: «سەن مېنىڭ زەردەم»
ئوبرازىڭ قەلبىمنىڭ تەختىدە سۇلتان،
ساقلايمەن سۆيگۈڭنى بولسامۇ «ئۆلتان» .

ئىزلىنىش — ئىجاتقا ئۈندەيدۇ مېنى،
مېھرىڭدىن ئۇلغايغان يالقۇنىنىڭ ئوتى.
ئەگەردە شۇ يالقۇن ئىچرە بولمىسام،
ھارامدۇر ئانامنىڭ ئوغۇز ئاق سۈتى.
سىناق ئال، سىنىغىن مۇشكۈل ئەۋجىدە،
ئۆتىمەن سىناقتىن ئەلا دەرىجىدە.

ئەسلىسەم شانۇ قۇچقان تارىخلىرىڭنى،
ھەر قۇرى بىر داستان سۆزلەيدۇ ماڭا.
پاراسەت، قەيسەرلىك، سۆيگۈ ھەم ۋاپا،
ئالتۇندەك نۇر چاچار، مۇجەسسەم ئاڭا.
ئورگۈلەي ئەي خەلقىم دانالىغىڭدىن ،
ئالەمدە تەڭداشسىز بەرنالىغىڭدىن .

كۆمۈلمەي چاقنىدى سەن باسقان يولدا،
تۇلپارنىڭ تۇيىغى، قىلىچنىڭ ئەكسى .
غازاتتا يېقىلسا باھادىر ئەرلەر،
باغرىغا ئالدى يەر، ئانىنىڭ كوكسى.
ئەي خەلقىم، قەلبىڭدىن مۇقام ئاڭلايمەن،
ھوسنىڭگە كوز تىكىپ تويماي قارايمەن.

ھەر يەردە ئوغلانىڭ لوتپى، ناۋايى...
لۇتۇنىڭ ۋەتەننى كۈيلەشلىرى بار .
مەرىپەت ئىشقىدا فارابى، مەھمۇت،
يۈسۈپنىڭ چۈققىغا ئورلەشلىرى بار.
ئىپتىخار قەلبىمدە قوزغايدۇ ھەۋەس،
سەن ئۈچۈن جان خەلقىم ئىلھامىم پەۋەس !

شاھ مۇقام ياڭرىسا شوخ ناخشاڭ بىلەن،
مەھلىيا ئەيلەيدۇ دىلبەر جاھاننى.
ناخشاڭنىڭ ناۋاسى بەرسە سويگۈنى،
مۇھەببەت ئۇرغۇيدۇ دوراپقىيانىنى .
ھەر كۈيۈڭ قوزغىسا دىللاردا پەخىر،
ماختىماي قىلالماس ھەركىممۇ تەخىر.

بۈيرىغىن جان خەلقىم مۇشكۈل ئىشلارغا،
جاپادىن قورقماق كوڭلۈمدىن يىراق.
سىزدىمەن شۇندىلا ئوزەمنى مەغرۇر،
سەن بەرگەن نۇر — ئەقىل يولىمغا چىراق .
چۈنكى سەن مەن ئۈچۈن غەمگۇزار ئانا،
ئەقلىنى سەن بەردىڭ، بولىمەن دانا.

ئىرادەم قۇدرەتتىن بىر ئەزىم دەريا،
ھاسىل قىپ، سەن ئۈچۈن ياسايدۇ قىيان.
ئانىنىڭ ئۈمىدىن بىجا كەلتۈرۈش،
ئوغۇللۇق پەرىزدۇر (ھەممىگە ئايان)
ھالاۋەت تەختىدە سۈرمەيمەن راھەت ،
ياشايمەن سەن كەبى كوتىرىپ قامەت.

نۇر ۋە شان، قۇدرەتنى ئاتا قىلىپ سەن ،
قوغلىدىڭ تىغ ئۇرۇپ زۇلمەت ۋابانى
ياش دىلغا ئورنۇتۇپ كۈندەك خىسلەتنى ،
ھەم سالدىڭ يۈرەككە سۆيگۈ، ۋاپانى
خالىسىدىن، پاك نىيەت، تاڭدەك زەپەر دەس،
ئۇلۇقسەن، يورۇقسەن كۈندەك مۇقەددەس.

ئەقىدەم، ئىدرىكىم، ئوتلۇق يۈرۈگۈم،
سەن ئۈچۈن سۇۋۇماس قايناق ئەبەدى .
مەڭگۈلۈك ئويقۇغا كەتكەن چاغدىمۇ،
دىماققا ئۇرۇلار سۆتۈڭنىڭ ھىدى .
جانىجان ئەي خەلقىم پەخرىمسەن ئۆزەڭ،
ئەقلىمگە باش پانا، بەختىمسەن ئۆزەڭ!

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە سەنئەت ئۆمىكىدىن بەختىخان رەجەپ ئورۇنلىغان ناخشا

**«خوش ئەمدى نەۋ باھار»**

سۈرەتنى مەمتىمىن زىبىبللا تارتقان





**باغۋەن**

سۈرەتنى تۇرسۇن تۇردى تارتقان




## قەشقەر ئەدەبىياتى (12 - يىل نەشرى)

1983- يىل 4- سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

ناشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
باسما ئۆلچىمى: 1092×787 مم 1/16، 8 تاۋاق
پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژورنال نومۇرى 62—58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

## «喀什噶尔文学》（双月刊）

1983 年 第 四 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮电局及新华书店
开本：1092×787MM1/16，8印张
代号：58--62　单价：0.35 元
新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号